www.uyghurweb.net

مۇسا تۈركستانى

# ئۇلۇغ تۈركستان باجىسى

www.uyghurweb.net

كاشغەر سەھنىسىدىن

بېغىشلىما

ۋەتەنداشلىرىم ۋە دىنداشلىرىمنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن يېزىلغان بۇ كىتابنىڭ ساۋابىنى - بىرى پەرغانە پاجىئەسىدە قىزىل رۇسلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ قۇربان بولغان 28 ياشلىق ئۇكام ئەبدۇلغەنىنىڭ ئەزىز روھىغا، يەنە بىرى كاشغەر پاجىئەسىدە تۈرمىدە كامار ئوقىغا تۇتۇلۇپ 25 يېشىدا شېھىدلىك شەربىتىنى ئىچكەن، كاشغەر يارباغ دەرۋازا سىرتىدىكى شېھىدلىككە كۆمۈلگەن كىچىك ئۇكام مۇھەممەد سىددىقلەرنىڭ يەنى ئىككى كۆزۈم، ئىككى قېرىندىشىم، ئىككى جىگىرىم، ئىككى يىگىتلەرنىڭ يىگىتى، بەخت گۈلى ئېچىلماستا كۆزى يۇمۇلغان قەدىردان ئىنىلىرىمنىڭ ئەزىز روھلىرىغا بېغىشلايمەن. بۇ ھەدىيەم ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا قوبۇللۇق تېپىپ ئۆز جايىغا تېگىل بولغاي، ئامىن!

ئەي قەھرىمانلىرىم، ئەزىمەتلىرىم، جان جىگەرلىرىم، قان قېرىنداشلىرىم، ئاتا-ئانامدىن يادىگارلىرىم! سىلەرنى ئاللاھ ئۆز رەھمىتىگە ئېلىپ، جەننىتىگە مۇيەسسەر قىلسۇن. ئاللاھ بۇيرۇغان بولسا سىلەر بەختىيار كىشىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدىڭلار.

مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇلۇغ تۈركىستانلىقلاردىن دىن ئۈچۈن، ۋەتەن ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ، خىتايلار ۋە ئورۇسلار بىلەن جەڭ قىلىپ، جانۇ - ماللىرىنى قۇربان قىلغان، قانلىرىنى پىدا قىلىپ شېھىد بولغان باھادىر يىگىتلەر، پالۋان ئوغلانلىرىمىزنىڭ روھلىرىغا شۇنداق خىتاب قىلىمەن:

- ئەي شېھىدلەر! ئەي بەختلىكلەر! ئەي ئۆز قېنى بىلەن بويالغان تۈركستان ئەۋلادلىرى !!!

- ئاتا- بابىلىرىمىزنىڭ روھى يولۇڭلارغا چىقىپ پېشانەڭلاغا سۆيسە ئەرزىيدۇ. ئۇلۇغ تۈركىستان يۇرتىدا ئۆتكەن بابىلىرىمىزنىڭ روھى سىلەرنى قانچە ھۆرمەتلىسە، سىلەردىن قانچە سۆيۈنسە ئازلىق قىلىدۇ. بىر تەرەپتە تىلشۇناسلىق پېشۋاسى مەھمۇد كاشغەرىي بىلەن ئەللامە رەشىدۇددىن كاشغەرىي، يەنە بىر تەرەپتە سۈرلۈك ۋەزىرلەر، دانىشمەن مۇشاۋىرلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ باشلىق بابىلىرىمىزنىڭ روھى يەئقۇب بەگ يوسۇنى بويىچە سىلەرنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئالدىڭلارغا چىقسا يارىشىدۇ. ئەي ئارسلان يۈرەكلىك قەھرىمانلار! ھەققىڭلاردا نېمە دېسەك ئاز. سىلەرنى قانچىدىن- قانچە سۆزگە ئالساق يەنە ئازلىق قىلىدۇ. ئەي تىرىك ئۆلۈكلەر! ئەي شېھىدلەر! سىلەر ئۆلمىدىڭلار، سىلەر ھەرچاغ تىرىكسىلەر، ياتقان

يېرىڭلار جەننەت بولۇپ، ئۇ يەردە تۈرلۈك نېمەتلەردىن بەھرىمەن بولۇپ، شاد - خۇرام ياشاۋاتقاندۇرسىزلەر، پەيغەمبىرىمىز (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) ئەي مېنىڭ شېھىدلىرىم، دەپ سىلەرگە ئۆز قۇچىقىنى ئاچقاندۇر. «ئاللاھ نىڭ يولىدا شېھىد بولغانلارنى ئۆلۈك دەپ گۇمان قىلمىغىن، بەلكى ئۇلار تىرىك بولۇپ، ئاللاھ نىڭ دەرگاھىدىكى رىزىقتىن بەھرىمەن قىلىنىدۇ( يەنى جەننەتنىڭ نېمەتلىرىدىن ئەتىگەن- ئاخشامدا مەڭگۈلۈك رىزىقلاندۇرۇپ تۇرۇلىدۇ) » (ئال ئىمران سۈرىسى **129**- ئايەت)

ئەي شېھىد ئوغلى شېھىد قەبرەڭدىن غەم ئەيلەمە،
شۇ تاپ ساڭا پەيغەمبەر قۇچاق ئاچتى، يۇر، ئەنە.
**« ئاكىف بېك »**

هەدىيە

ئاللاھ يولىدا جانلىرىنى پىدا قىلغان، ئۆز كىيپەنلىرىنى ئۆزلىرى كىيگەن، شاھادەت شەربىتىنى ئىچىشكە مۇيەسسەر بولغان يىگىتلىرىمىز، باتۇر بابىلىرىمىز باشتىن كەچۈرگەن ۋەقەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ كىتاب ئۇلۇغ تۈركىستان كىشلىرىدىن ھەر بىر كىشىگە بىر تارىخىي ئارمىغان، خەلقىمىز ئۈچۈن بىر يادىگاردۇر. كەلگۈسى نەسىللىرىمىزگە ئىبرەت، ئاتىلار تۆھپىسى، ئىبرەت سەھىنىسى، بابىلار ھەدىيەسىدۇر.
بۇ ھەدىيە ئاتا- بابىلىرىمىزنىڭ دىن ئۈچۈن، ۋەتەن ئۈچۈن تۆككەن قانلىرىدىن، بەرگەن جانلىرى، قۇربانلىرىدىن تىكلەنگەن گەۋدىلىك بىر ھەيكەل، جانلىق ۋە كۆزگە كۆرۈنەرلىك بىر شاھىت، ئىبرەتنامە، تارىخىي خاتىرە، بەدىئىي ئابىدە بولمىش ئۇلۇغ تۈركىستان پاجىئەسىدۇر.

ۋەتەن بىرلە كۆڭۈلشكەنلەر سەۋەبسىز ئۇنى تەرك ئەتمەس
ئىلاجسىز قالماسا ھېچكىم ياقا يۇرتقا چىقىپ كەتمەس

جىدالماستىن ناھەق كۆڭگە ۋەتەن سەندىن جۇدا قالدىم
خىتاي زۇلمىلە باغرىم قان، چەمەنىمدىن يىراق قالدىم

كىتابنىڭ يېزىلىشى ھەققىدە

ئۇلۇغ تۈركىستان خەلقىنىڭ غەيرەت- شىجائىتى، قەھرىمانلىقى، ۋەتەنپەرۋەرلىكى، مىللەتپەرۋەرلىكى، دىن ۋە دىيانىتى، سىياسىي تەقدىر- قىسمەتلىرى، مۇستەقىللىق ئىدىيىلىرى، ئىسلام دىنىغا قىلغان خىزمەتلىرى، ئاللاھ يولىدىكى جىھادتا بەرگەن مىليونلىغان قۇربانلىرىنى تارىخ سەھىپىلىرىدە كۆرستىشتۇر.
**2.** رۇسلارنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىنىغا، بولۇپمۇ بەش- ئون ئەسىرلەردىن بۇيان ئۇلۇغ تۈركىستانغا قارشى تۇتۇۋاتقان يول- سىياسەتلىرى، ھىيلە- نەيرەڭلىرى، يەنە ئۇلارنىڭ بىزنىڭ زامانىمىز يىگىرمىنچى ئەسىردە ئويناپ چىققان سىياسىي ئويۇنلىرى توغرىسىدا ئاز- تولا توختىلىپ، يېقى ئەۋلادلارنىڭ ئالدىدا

ئۇلارنىڭ ئالدامچىلىق ئەپتى ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلاش، دىن ھەم ۋەتەن دۈشمەنلىرىنىڭ تۈركىستان سەھنىسىدە ئوينىغان ئويۇنلىرىنى ئۇلۇغ تۈركىستانلىقلارغا، كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزغا بىلدۈرۈپ قويۇشتۇر.

3. دىنىي مەجبۇرىيەتلىرى ۋە مىللىي بۇرچلىرىنى لايىقىدا ئادا قىلغان تۈركىستانلىقلارنىڭ دىنىي، مىللىي كۈرەشلىرى ۋە بۇلارغا چېتىشلىق ھادىسىلەرنى، بۇ جەرياندا بولۇپ ئۆتكەن ئېچىنىشلىق ۋەقەلەرنى ئەينەن يېزىپ تارىخقا ئاساس يارىتىش، بولغان ۋەقەلەرنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىنى ئېچىپ كۆرسىتىپ، ئومۇمي جەھەتتىن پۈتكۈل مۇسۇلمانلارغا، ئايرىم جەھەتتىن تۈرك دۇنياسىغا بىر خاتىرە قىلىپ تەقدىم قىلىشتۇر.

بۇ ئەسىرىمىز بىلەن ئوقۇرمەنلىرىمىز دىنىي ئەقىدىمىز، مىللىي مەپكۇرىمىز، سىياسىي كۈرەشلىرىمىز، غايە- مەقسەتلىرىمىز، كۆرگەن، بىلگەنلىرىمىزدىن بىرقۇر خەۋەردار بولۇپ قالغۇسى. ئەسەردە سادىر بولۇپ قالغان نۇقسانلارنى كۆرسىتىپ، خاتالىقلارنى تۈزەتكۈچىلەرگە مۇئەللىپ ئالدىن ئۆز تەشەككۈرىنى بىلدۈرىدۇ.

«ئۇلۇغ تۈركىستان پاجىئەسى» كىتابىنىڭ 2- بۆلۈمگە مۇقەددىمە

ئەزىز ۋە مۆھتەرەم ئوقۇرمەنلىرىمىزگە مەلۇمكى، كىتابىمىزنىڭ 1- بۆلۈمىدە تۈركىستانلىقلارنىڭ تارىخىي دۈشمىنى، دىن دۈشمىنى، ۋەتەن دۈشمىنى بولغان رۇسلار بىلەن ئاتا- بابىلىرىمىز ئېلىپ بارغان نەچچە ئەسىرلىك قانلىق ئۇرۇشلار ۋە ئۇلارنىڭ بۇ ئۇرۇشلاردىكى گاھ مەغلۇپ بولۇش ۋە گاھ غالىب بولۇش تارىخىي بايان قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئالتۇن ئوردىنىڭ موسكۋاغا 300 يىلدىن ئارتۇقراق ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقى، خاقان ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئۆزى قوشۇن باشلاپ موسكۋاغا قىلغان ھۇجۇملىرى، ئۇندىن باشقا ئۇنىڭ سەركەردە- ئەمىرلىرىنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغان يۈرۈشلەردە رۇسلارنىڭ ئېغىر پالاكەتلەرگە دۇچار قىلىنغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە 19- ئەسىرنىڭ يېرىمىدىن كېيىن باشلانغان رۇس ئىستىلاسى، بولۇپمۇ 20- ئەسىرنىڭ ئاۋۋالقى يېرىمىدا بولۇپ ئۆتكەن رۇس زۇلۇم - زورلۇقلىرى توغرىسىدىمۇ مەزمۇنلار بىر قۇر بايان قىلىندى. يەنە شۇ قاتاردا پەرغانە پاجىئەلىرى، شۇنداقلا ئەنۋەر پاشىنىڭ تۈركىستانغا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ ئۆز ئەتراپىغا مۇجاھىدلار (كۈرەشچىلەر)، ئېلغار كىشىلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ رۇس باسقۇنچىلىرىغا قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەنلىرى ھەمدە سىياسىي پائالىيەتلىرىمۇ ئازراق بايان قىلىندى. لېكىن بۇ تېمىدا يېزىلغان، نەشر قىلىنغان، تارقالغان ئەسەرلەر خىلى كۆپ بولغاچقا، مۆھتەرەم ئوقۇرمەنلىرىمىز ئالدىدا تەكرارلىق بولۇپ قالمىسۇن، دېگەن مەقسەتتە شەرقىي بۇخارا ۋەقەلىرىنى ئابدۇللاھ رەجەپ بايسۇننىڭ 1945- يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان «تۈركىستان مىللىي ھەرىكەتلىرى» ناملىق كىتابىغا، سەمەرقەند ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئائىت ھادىسىلەرنى تارىخشۇناس زەكىي ۋەلىدىنىڭ 1969- يىلى ئىستانبۇلدا بېسىپ تارقىتىلغان «خاتىرىلىرىم» ناملىق كىتابىغا ھاۋالە قىلىندى. شۇنىڭدەك، قۇمۇل، قاراشەھەر، ئاقسۇ پاجىئەلىرى ۋە باشقىلارنى پولاد قادىرىينىڭ «ئۆلكە تارىخى»غا، خوتەن قوزغىلاڭلىرى ۋە ئۇنىڭغا ئائىت ۋەقەلەرنى بۇ توغرىدىكى مۇپەسسەل مەنبە ھېسابلىنىدىغان، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ ھىجرىيە 1971- يىلى كەشمىردە بېسىپ تارقىتىلغان «شەرقى تۈركىستان مىللىي ئىنقىلاب تارىخى» ناملىق كىتابىغا ھاۋالە قىلىندى. تەپسىلىي ئۇچۇرغا ئېرىشمەكچى بولغانلار مەزكۇر كىتابلارغا قارىسۇن.

ئەمما قولىڭىزدىكى بۇ كىتابتا ئۇلۇغ تۈركىستاننىڭ كاشغەر سەھنىسىدە كۆرۈلگەن پاجىئەلىك ۋەقەلەر، يېقىنقى تارىخىمىزدا بولۇپ ئۆتكەن ئەلەملىك ھادىسىلەر، خىتايلارنىڭ زۇلۇم- سىتەملىرى، قىرى دۈشمەن قارا خىتايلارنىڭ زورلۇق- زومبۇرلۇقلىرى ۋە بۇنىڭ نەتىجىسىدە شەرقىي تۈركىستان تۈركلىرىنىڭ زۇلۇمغا

www.uyghurweb.net

قارشى قوزغالغان، يەلكىسىدىكى رودۇپايلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلغان مىللىي ئىنقىلاب، مىللىي كۈرەش تارىخى، تۈركىستان خەلقىنىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش نىيىتى بىلەن ئاللاھ يولىدا ئېلىپ بارغان جىھادلىرى، بۇ يولدا كۆرسەتكەن ئۈنتۈلگۈسىز قەھرىمانلىقلىرى، تەقدىم قىلغان قۇربانلىرى ھەمدە بۇ توغرىدىكى كۆرگەن، بىلگەنلىرىمىز بايان قىلىنىدۇ. بۇلارنى يېزىشتىن مەقسەت قانداقتۇر تارىخنى چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇش بولماستىن، بەلكى بىردىنبىر قىلىپ، تارىختا ئۆتكەن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئۇزۇن مۇددەتتىن بىرى دۇنيا ئارا تالاش- تارتىش تېمىسى بولۇپ كېلىۋاتقان بۇ زور پاجىئەگە دۇچار بولۇشىغا سەۋەب بولغان پالاكەتلەرنى ئېنىق بايان قىلىشتۇر. ئەمەلىيەتتە، شەرقى تۈركىستان تۈركلىرى بىلەن خىتايلار ئارىسىدىكى دۈشمەنلىكلەرنىڭ مىلادىتىن مىڭلارچە يىل بۇرۇن باشلىنىپ، ئىككى ئەل ئارىسىدا ئۇرۇش ھادىسلىرىنىڭ توختاۋسىز داۋام قىلىپ كېلىۋاتقانلىقى ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان تارىخ ھەقىقەتلىرىدىندۇر. مەشھۇر تارىخچىلارنىڭ پىكرىگە قارىغاندا، ئۇلۇغ تۈركىستان تۈركلىرى بىلەن خىتايلار ئارىسىدا مىلادىتىن 2700 يىل بۇرۇنقى چاغلاردىن باشلانغان ئۇرۇشلاردا كۆپىنچە تۈركلەر غالىب، خىتايلار مەغلۇپ بولۇپ كەلگەن. بۇنداق تەكرار مەغلۇبىيەتلەرگە چىدىيالمىغان خىتايلار مەغلۇبىيەتتىن ساقلىنىش ئۈچۈن تۈرلۈك ھىيلە- نەيرەڭلەرنى ئىشقا سالغان. بۇنىڭ نەتىجىسىدە مىلادىتىن 100 يىل بۇرۇنقى چاغلاردىن باشلاپ تۈركلەر بەزى ئۇرۇش مەيدانلىرىدا مەغلۇپ بولۇشقا باشلىدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىككى ئارىدا تىنچ، باراۋەر قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى شەكىللەندى. شۇندىن باشلاپ تۈركلەرنىڭ قوشۇن تارتىش نىشانلىرى ھىندىستان ھەمدە ياۋروپا ئەللىرى بولۇپ قالدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، يېقىنقى تارىخىمىزدا خىتايلار بىلەن تۈركلەر ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن جەڭ - توقۇنۇشلارنىڭ سانى يوقتۇر. نېمىلا بولمىسۇن، بۇ ئىككى ئەل ئارىسىدىكى دۈشمەنلىك بۇرۇندىن مەۋجۇدتۇر. ھەممىمىز بىلىدىغان سەددىچىن (جۇڭگو تۇسمىسى) بۇ قارىشىمىزنىڭ كۈچلۈك پاكىتلىرىدىن بىرىدۇر.

سالنامەچىلەرگە مەلۇمدۇركى، تۈركىستانغا ئالاقىدار خاتىرىلەر كۆپتۇر. بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر قانچە يېزىلسا يەنە ئازلىق قىلىدۇ. چۈنكى بۇ ۋەقەلەر بەكمۇ ئېچىنىشلىق. ھادىسىلەر قايغۇلۇقتۇر. قەلىمى كۈچلۈك، بىلىم- ئۇچۇرى يېتەرلىك يازغۇچىلىرىمىز غەيرىتى بىلەن بۇ باي تارىخ ھەرقانچە يېزىلسىمۇ يەنە ئۇنى لايىقىدا يېزىپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەستۇر.

تۈركىستان پاجىئەسىگە ئائىت يېزىلغان كىتابلار ۋە باشقا ماتېرىياللار تارىخچىلارنىڭ مۇكەممەل بولغان بىر تارىخنى بارلىققا كەلتۈرۈشىگە يېقىندىن مەنبە بولالىسا كېرەك. شۇڭا تارىخچىلىرىمىزغا ئازراق بولسىمۇ بىر خىزمەتتە بولۇش نىيىتى بىلەن بۇ پاجىئە قەلەمگە ئېلىنىدى. بەلكىم پايدىسى بولۇپ قالار. ھېچ بولمىغاندا بۇندىن كېيىن يېزىلغۇسى كاتتىراق تارىخ كىتابلىرىغا بىر مۇقەددىمە بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس. مۇنداقچە ئېيتقاندا، كاتتا بىر ئۆينىڭ ئىشىكى كىچىككىنە بىر ئاچقۇچ بىلەن ئېچىلغاندەك، بۇ ئەسىرىمىزمۇ بىر بۆلۈك بىلىنمىگەن ۋەقەلەر، تارىختا ئۇنتۇلغان ھېكايىلەرنىڭ مەلۇم بولۇشىغا بىر ۋاستە بولۇپ قالغۇسىدۇر.

تۈركىستاندا مەيدانغا كەلگەن ئېچىنىشلىق پاجىئەلەرنى يېزىشقا جۈرئەت قىلغان بىر ئەدىب ھەم يازغان نەرسىلىرى ئۈچۈن ۋە ھەم يازمىغان نەرسىلىرى ئۈچۈن ئىككى تەرەپلىك ئەيىبلەشلەرگە، تىلى ئۇزۇنلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىشى ئېھتىمالدىن يىراق ئىش ئەمەس. شۇڭا ئاقىللار بۇ توغرىدا شۇنداق ئېيتقان ئىكەن: «كىتاب يازغان ئادەم نىشانغا ئېلىنىدۇ» ئەمما يەنە بىر تەرەپتىن قارىغاندا، ئۆز دەۋرىدە بۇ پاجىئەلەر بۆشۈكىدىكى گۆدەكلەر بۈگۈنكى كۈندە يىگىت بولدى. ئۇ چاغلاردىكى نەۋقىرانلارنىڭ ساچلىرى ئاقىرىپ، بابىلارغا ئايلاندى. ئارىدىن شۇنچە ئۇزۇن مەزگىل ئۆتكەن بولسىمۇ تېخىچە ۋەتەن ئازاد بولمىدى. ۋەتەننىڭ ئاسارەتتىن قۇتۇلغىنىنى كۆرۈش بىزگە نەسىب بولمىدى. بىز ئۇ دۆلەتكە يېتەلمىدۇق. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ

www.uyghurweb.net

ئۇلۇغ كۆڭگە بىز يەتمىسەك سىلەر يېتەرسىزلەر دەپ، كەلگۈسى نەسىل- ئەۋلادلىرىمىزغا ئاتاپ ئۆتمۈش تارىخىمىزدىن بىر ھەدىيە سۇنۇلدى.

دادىم تىرا  ئەز گەنجى مەقسۇدى نىشان،
گەر ما نەرەسىدىم تۇ شايەد  بىرەرسى.

تەرجىمىسى: بىزلەر مۇرادىمىزغا يېتەلمىگەن بولساقمۇ، سىزلەر يېتەرسىزلەر، دەپ سىزلەرگە مۇراد خەزىنىسىدىن نىشانلەر بەردۇق.

بولۇپمۇ تۈركىستان تارىخى ئۆزىنىڭ ھەقىقىي چېھرى بىلەن مەيدانغا چىقمىسا، ئۇلۇغ تۈركىستان پاجىئەلىرىنىڭ سىرى ئېچىلمايدۇ- دە، دۈشمەنلەرنىڭ تۈرلۈك ئويدۇرمىلىرى، يالغان دەۋالىرى تۈركىستانلىقلارنىڭ ئىدىيىسىگە تەكرار ھۆكۈمران بولۇشقا باشلايدۇ، تارىخىمىز ھەم بۇرمىلانغان بولىدۇ. توغرا، شۇتاپ  ئوقۇرمەن كۆڭلىگە تارىخ بۇرمىلانسا نېمە بولغۇدەك؟ دېگەن بىر سوئال كېلىشى مۇمكىن. بىز بۇنىڭغا جاۋابەن شۇنداق ئېيتىمىزكى: ئۆز تارىخىنى توغرىسى بىلەن بىلمىگەن ئەۋلادلار ئاتا- بابالىرى باشتا چۈشكەن ئورەككە قايتا چۈشىدۇر. تارىخىدىن ئۇزاقلاشقان بىر مىللەتنىڭ قەد كۆتۈرمىكى قىيىندۇر. ئەگەر مىللەتنىڭ ھەقىقىي تارىخى ئۇنتۇلىدىكەن، ئۇ چاغدا دۈشمەنلەر ئۆزىنىڭ سېسىق نەزەرىيىلىرىنى مەيدانغا چىقىرىدۇ. ۋەتەننى تېخىمۇ ئېچىنىشلىق ھالغا كەلتۈرۈش، ئۇنى مۇستەملىكە قىلىش، مەنىۋى خارابىلىككە مەھكۇم قىلىش غەرەزلىرىنى كۆڭۈللۈك ھالدا ئىشقا ئاشۇرىدۇ. بۇ ھالدا تۈركىستانلىقلار قايسى زاماندا بولسا بولسۇن، باشتىن - ئاياق ئۆلۈك ئۇيقۇسىنى ئۇخلاپ ياتقان بولىدۇ. (ئاللاھ بۇنىدىن ساقلىسۇن)

تارىخ بىلەن تونۇشۇپ چىقىش مۇھىمدۇر. ئەرەب تارىخچىسى ئىبنى خەلدۇن تارىخنى چۈشەندۈرۈپ شۇنداق ئېيتىدۇ: «تارىخ بولسا كۆپچىلىك كىشىلەرنى ئۆتكەن ۋەقەلەرگە ۋاقىپ قىلىدۇ. ئايرىم كىشىلەرنى يوشۇرۇن سىرلار دىن خەۋەردار قىلىدۇ. تارىخ ئىشىدا ئالدىنىپ قېلىشنىڭ  ئالدىنى ئېلىش كېرەك». شۇنىڭ ئۈچۈن پەرغانە پاجىئەسى، شەرقىي بۇخارا ۋەقەسى، خوقەند (قوقەنت) مۇختارىيىتى بىلەن بىرگە كاشغەردە يۈز بەرگەن دەھشەتلىك ئۇرۇشلار،  يېگىسارىدىكى تۇڭگان ھىيلىلىرى ۋە ئۇندا تۆكۈلگەن قانلار، خوتەن ھادىسىلىرى، ياركەنت ئىسيانلىرى، ئالتە شەھەر قوزغىلاڭلىرى ھەققىدە قەلەم تەۋرىتىلىشى لازىمدۇر. ئۇلۇغ تۈركىستان زىيالىيلىرى بۇ بۇرچىنىڭ مەسئۇللىرىدىندۇر. كەمىنىمۇ بۇ ئىشتا ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ھېس قىلغانلاردىنمەن. بۇ توغرىدا قەلەم تەۋرەتمىگەن قەلەمدار ۋە ئەدىبنى مىللەت كەچۈرمەسلىككە ھەقلىقتۇر.

تارىختا ھەر مىللەتنىڭ ئادەملىرى پەقەت ئۆز دىنى، ئۆز ۋەتىنى، ئۆز مىللىتىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ كەلگەن بولۇپ، باشقىلارغا خىزمەت قىلمىغان، ئەگەر باشقىلارغا خىزمەت قىلغان تەقدىردىمۇ بىرەر غەرەز بىلەن قىلغان. خۇددى شۇنىڭدەك بىر فرانسۇز، بىر نېمىس، بىر ئامېرىكىلىقنى ئېلىپ ئېيتمايلى، ئۇ ھېچ قاچان ئۆز مىللىتى، ئۆز دىنىنىڭ مەنپەئەتىنى تاشلاپ باشقا بىر مىللەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلىمەيدۇ، ئەگەر ئىشلىسە ئۆز مىللىتىگىمۇ مەنپەئەتلىك بولغان تەقدىردە ئىشلەيدۇ. بىر ئىنگلىز قانچىلىك دەرىجىدە ئوقۇمۇشلۇق، مەدەنىيەتلىك بولۇپ كەتسىمۇ بىر فرانسۇزنى ئىنگلىزدىن ئۈستۈن بىلمەيدۇ. بىر نېمىس ھەرقانچە بىلىملىك بولسىمۇ ئاۋستىرىيە ياكى ۋېنگرىيە مەنپەئەتى ئۈچۈن نېمىس مەنپەئەتىنى قۇربان قىلمايدۇ. بىر رۇس ھەرقانچە ئوقۇغان، مەدەنىي كىشىلەردىن بولسۇن، دۇنياۋى بىلىمگە ئىگە بولسۇن،  موسكۋا مەنپەئەتىنى قويۇپ تۈركىستان مەنپەئەتىگە تارىخ يازمايدۇ. خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، ھەر مىللەت ئۆز تارىخىنى ئۆزى يازغىنىدەك، تۈركىستان تارىخىنى ئۆز لاياقىتى ۋە ماھىيىتى بىلەن

www.uyghurweb.net

تۈركىستانلىقلار يازىدۇ. كېيىن كېيىپ ئاتقا مىنگەن پىدائىي شېھىدلىرىمىزنىڭ كەچۈرمىشلىرى، ئىنسانىيەتنىڭ بۆشۈكى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا پاجىئەسى، جۈملىدىن تۈركىستان پاجىئەسى بارچىمىزنىڭ پاجىئەسىدۇر. تۈركلەر ئانا يۇرتى ئۈچۈن، تۈركىستانلىقلار جان- جانانى ئۈچۈن، ۋەتىنى ئۈچۈن شۇ ھادىسىلەرنى مەيدانغا چىقارسا، ئۇلارنى دۇنياغا بىلدۈرۈپ، ھەقىقىي تارىخ ئۈچۈن ئاساس ياراتسا، بۇ يولدا بولۇشچە غەيرەت- ھىممەت كۆرسەتسە ئەرزىيدۇ. بۇ بارچە كىشىلىرىمىزنىڭ ئارزۇسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن دىنىغا، ۋەتىنىگە خىزمەت قىلىشنى تۈركىستانلىقلار ئۆزى ئۈستىگە ئالىدۇ، ئۆز تارىخىنى ئۆزى يازىدۇ. بۇ ئارقىلىق تۈركىستانلىقلار ئۆز مىللىتىگە خىزمەت قىلغان پىداكارلارنىڭ قۇتلۇق ناملىرىنى ئىززەت- ئېھتىرام ئىچىدە ياد ئېتىپ، ئۇلارنى ئۇنتۇلۇشتىن ساقلاپ قالىدۇ.

تۈركىستاننىڭ كىشىنى قايغۇغا سالىدىغان پاجىئەلىرىنى تارىخ سەھىپىسىدىن، مىللەتنىڭ كۆڭلىدىن، پۈتكۈل دۇنيادىن يوشۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن دۈشمەنلەر كۆپ غەيرەت قىلدى. ئۇلار ھەدىسە كىشىلەرنى ھەقىقەتكە يېقىن كەلتۈرمەستىن تۈركىستان تارىخىدىكى شۇنچە زور دەھشەتلىك پاجىئەلەرنى كىچىكلىتىپ، ئۇلارنى ئۆز پىتىدىلا ئاياغلىشىپ بولغان ئىش قىلىپ كۆرسەتتى. ھالبۇكى بۇ تارىختا ھەر قانداق بىر ئادەم چۆچۈگۈدەك دەھشەتلىك پاجىئەلەر تالايلاپ سادىر بولغان بولۇپ، ئۇلاردا ئەۋلاد- نەسىللىرىمىز ئۈچۈن تېگىشلىك ئىبرەتلەر، مۇھىم دەرسلەر باردۇر. ئەڭ ئېچىنارلىق يېرى شۇكى، چىن (جۇڭگو) لوقلار ۋە رۇسلارنىڭ يۈندىخورلىرى ۋە ئۇلارغا سېتىلغان يازغۇچىلارنىڭ غەيرىتى بىلەن بىزنىڭ تارىخىمىز، پاجىئەمىز بولدى- بولدى، ئۆتتى- كەتتى، باستى- باستى قىلىپ تارىخنىڭ بۇرجەكلىرىگە ئېتىپ تاشلاندى، ھەق ۋە ھەقىقەتنىڭ ئاۋازى بوغۇلدى. شۇنداق بولسىمۇ نەچچە ئەسىرلەر ئۆتكەنگە قارىماي، ھەقىقىي تارىخىمىز كۆز ئالدىمىزدا ئۆزىنىڭ جانلىق گەۋدىسىنى كۆرسىتىپ تۇرماقتا. بۇ ئەمەلىيەتنى بېشىدا ئەقلى - ھوشى بار ھەرقانداق ئادەم ئىنكار قىلالمايدۇ.

دۈشمەننىڭ ئويۇنلىرىنى تارىختىن، مىللەتتىن يوشۇرۇن تۇتقانلارمۇ بولدى. ئۇنداقلار تارىخنىڭ ئەسلىنى يوشۇرۇپ، ئۆزى بىلگەنچە تارىخ ياسىدى. شۇنداق ساتقىن پۈتۈكچىلەرگە ئىسست! شۇنداق خائىن يازغۇچىلارغا ئىسست!

بىر بۆلۈك سالنامىچىلەرنىڭ ئېنىقلىشىغا قارىغاندا، كېيىنكى ئىككى ئەسىر ئىچىدە خىتاي بىلەن تۈركىستانلىقلار ئارىسىدا يۈز بەرگەن قوراللىق توقۇنۇشلار 42 قېتىمغا يەتكەن. شۇ تارىخ جەريانىدا گىزى كەلگەندە تۈركلەر خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى چىقىپ، زۇلۇمغا قارشى قوزغالغان، ئۆز مۇستەقىللىقلىرىنى تەلەپ قىلىپ خىتايلار بىلەن ئۇرۇشقانلىرىدا گاھى غالىب بولغان بولسا، گاھىدا مەغلۇپ بولۇپ كەلگەن ئىدى. ناھايەت مىلادىيە 1865-يىلى يەئقۇب بەگ پەرغانىدىن كېلىپ ئالتە شەھەردە 15يىل ھۆكۈمدارلىق قىلدى. ئۇ بۇ جەرياندا شەرقى تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى تېگىشلىك يوسۇندا قوغدىدى. يۇرتنى رەزىل خىتايلاردىن قۇتقۇزدى. ئۇ سىياسەتتە، ئادالەتتە ھەمدە ئىمارەتتە تەھسىن- ئاپىرىنلارغا لايىق ئىشلارنى قىلغان ئىدى. ئۇ «بەدۆلەت» دېگەن ئاتاق بىلەن زور شۆھرەت قازاندى. شۇ دەۋرلەردە ئېلىپ بېرىلغان جەڭلەردە خىتايلار تەكرار مەغلۇپ بولۇۋەردى. ئاخىرى ئۇلار ئۆز ئادىتىگە كۆرە، يەئقۇب بەگكە ھىيلە- نەيرەڭ بىلەن تاقابىل تۇرماقچى بولدى. نەتىجىدە خائىن، جاسۇسلارنىڭ قولى بىلەن يەئقۇب بەگكە زەھەرلىك شەربەت ئىچۈرۈپ شېھىد قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مىلادىيە 1878- يىلى يەئقۇب بەگنىڭ يۇلتۇزى ئۆچتى.

www.uyghurweb.net

كاشغەرنىڭ ئەمىرى جاھانگىرخان تۆرەم 1853- يىلى ئۆلتۈرۈلدى. بۇ چاغدا تەخت ۋارىسى بولغان بۇزرۇكخان تۆرە خوقەندە ئىدى. قىرغىز بەگلىرىدىن سىددىق بەگنىڭ باشچىلىقىدا كاشغەرنىڭ بارلىق كاتتىلىرى بىرلىشىپ خوقەند خانى خۇدا يارخاننىڭ باش قوماندانى ئەلىمقۇلغا ئەلچى ئەۋەتىپ، بۇزرۇكخان تۆرىنى كاشغەر تەختىگە ئولتۇرغۇزۇشنى تەلەپ قىلدى.

خۇدا يارخان ئەلىمقۇلنىڭ ئارىغا چۈشۈشى بىلەن سىددىق بەگنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ بۇزرۇكخان تۆرىنى كاشغەرگە ئەۋەتىدۇ. مانا بۇ سەپەردە يەئقۇببەگ باش قوماندان (مىرئالاي) ياكى باتۇر بېشىلىق سالاھىيىتى بىلەن بۇزرۇكخانغا خىزمەت قىلىشقا قوشۇپ قويىدۇ. بۇلار كاشغەرگە كەلگەندە شۇچاغنىڭ ئادىتى بويىچە زور داغدۇغا بىلەن كۈتۈۋېلىنىدۇ. نەچچە كۈنلەپ كاتتا تاماشالار بولۇپ، كاشغەر شەھىرى بايرام تۈسىگە كىرىدۇ. تۆۋەندە بېرىلگەن قوشاقچە شۇچاغلاردىكى چالغۇچى، قوشاقچىلار(ئەشۇللەچىلەر) كۈيگە قاتقان قوشاقلاردىن بىر نەمۇنە:

ئەندجاندىن تۆرەم كەلدى،
مانا ئەمدى ئوينايمىز.
مىڭ يىللار ھاكىم بولسا،
دىدارىغا قانمايمىز.

بىر مەزگىلدىن كېيىن بۇزرۇكخان تۆرەم ھەجگە كېتىپ ئۇنىڭ ئورنىغا يەئقۇب بەگ تەختكە ئولتۇردى. ئۇ تەختكە ئولتۇرۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆز قابىلىيىتى ۋە تالانتىنىڭ زورى بىلەن ئۆز ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىشكە كىرىشىپ، ئالتە شەھەردىكى بۆلۈنمە بەگلىكلەرنى ئىختىيارىي ۋە مەجبۇرىي يوسۇندا ئۆز ئىتائىتى ئاستىدا بىرلەشتۈردى ۋە بۇنىڭ ئارقىسىدا بۇ يەرلەردىكى خىتايلارنى قوغلاپ چىقىرىپ ئۈرۈمچىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىل ھۆكۈمدارىغا ئايلاندى. ئۇ مەملىكەتنى ياخشى ئىدارە قىلغاچقا، شەھەرلەر ئاۋاتلىنىپ (ئاۋاتلىققا) يۈزلەندى. كاشغەردىكى ھېيتگاھ جامەسى، شەھەر سىرتىدىكى ئاپپاق خوجام گۈمبىزى يەئقۇببەگ دەۋرىدىن قالغان ئابىدىلىردىندۇر. ئۇ يەنە كورلا، ئاقسۇ، كۇچار قاتارلىق جايلاردا نۇرغۇنلىغان مەسچىت، مەدرىسىلەرنى سالدۇردى. ئۆز دەۋرىدە بۇ يەرگە ساياھەتكە كەلگەن ئەنگلىيىلىك جىۋارد ۋە شاۋدا كەبى داڭلىق سەيياھلارمۇ بۇ يەردىكى كۆركەم ۋە ھەيۋەت قۇرۇلۇش - ئىمارەتلەردىن ھاڭ- تاڭ قالغان ئىدى. بەدەۋلەتنىڭ خەلقنىڭ ئارام ۋە ئاسايىشى (تىنچلىقى) ئۈچۈن قىلىپ بەرگەن پەۋقۇلئاددە ئىشلىرىدىن بىرى، باي ناھىيىسى ئەتراپىدا بولغان شىددەتلىك بىر جەڭدە مەغلۇپ ۋە تىرىپىرەن بولغان تۇڭگان ۋە خىتايلار قاچار پەيتلىرىدە يول ئۈستىدە كۆزىگە كۆرۈنگەنلىكى گۆدەك باللارنى تۇتۇۋېلىپ ئەسىر قاتارىدا بۇلاپ قاچقان ئىدى. يەئقۇب بەگ بۇ يەرلەرگە قوشۇن تارتىپ كەلگەندە باللىرىدىن ئايرىلىپ قالغان بىچارە ئاتا- ئانىلار دادۇ- پەرياد كۆتۈرۈپ: «باللىرىمىزنى خىتايلار بۇلاپ كەتتى، ئۆزلىرى بىزگە ئاتىدارچىلىق قىلىپ دەردىمىزگە يەتسىلە»، دەپ قىلغان ئەرزىنى ئاڭلاپ يەئقۇب بەگ چىداپ تۇرالماستىن شەرقىي تۈركىستاندا بىرمۇ خىتاينى قويماسلىققا قەسەمياد قىلدى ھەمدە ئۆزىنىڭ بىر بۆلۈك ياراملىق ۋە جەسۇر يىگىتلىرىنى دۈشمەننى قوغلاشقا بۇيرۇدى. پەرمان ئىشقا ئاشتى. ئۇلار كورلىدىن بىر قوناق (تەخمىنەن يىگىرمە كىلومېتىر مۇساپە) يىراقلىقتىكى جايغا بارغاندا دۈشمەنگە يېتىشىۋېلىپ ئۇلارنى تارمار قىلدى ۋە باللارنى قايتۇرۇپ كېلىپ ئاتا- ئانىلىرىنىڭ قولىغا تاپشۇردى. بەدۆلەت مانا مۇشۇنداق خىزمەتلىرى بىلەن خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئۇتقان ئىدى. بەدۆلەت تارىخىدىن تىلغا ئېلىپ ئۆتەرلىك

www.uyghurweb.net

يەنە بىر ئىش شۇكى، بەدەۋلەتنىڭ قوشۇنى زەپەر بىلەن جەڭ مەيدانىدىن قايتىۋاتقاندا، قوشۇن ئىچىدىن بىر ئەسكەر يولدا بىر خوتۇننىڭ بىر قاچا قىتىقنى ئىچىپ پۇلىنى تۆلىمەيدۇ. بۇنىڭدىن قاتتىق خاپا بولغان قىتىقچى خوتۇن ئەھۋالنى يەئقۇببەگكە دەيدۇ. يەئقۇببەگ بۇ خوتۇنغا: «شۇ ئەسكەرنى تونۇمسەن؟» دەيدۇ. خوتۇن: «تونۇيمەن» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ خوتۇن قوشۇن ئىچىگە كىرگۈزۈلىدۇ. بۇ خوتۇن قوشۇن ئىچىدە ھېلىقى ئەسكەرنى كۆرىدۇ. دە بېرىپ ئۇنىڭغا يېپىشىدۇ ۋە: «قىتىقنى ئىچكەن ئەسكەر مۇشۇ شۇ» دەيدۇ. يەئقۇببەگ بۇ ئەسكەرگە بۇ خوتۇننىڭ بىر قاچا قىتىقنى ئىچىپ كېتىپ پۇلىنى بەرمەپسەن، دېگەن دە، ئەسكەر بۇنى ئىنكار قىلىدۇ. يەئقۇببەگ خوتۇنغا ئەسكەر قىتىق ئىچمەپتۇ، دەيدۇ. خوتۇن بولسا ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇپ: «قىتىق تېخى ئۇنىڭ قارنىدا ھەزىم بولۇپ بولغىنى يوق. بولمىسا ئۇنىڭ قارنىنى يېرىپ كۆرۈشسىلە» دەيدۇ. يەئقۇببەگ: «ئەگەر ئەسكەرنىڭ قارنىنى يېرىپ كۆرسەك قىتىق چىقمىسا، سېنىڭ قارنىڭ يېرىلىپ ئۇنىڭ قىساسى ئېلىنىدۇ» دەيدۇ. خوتۇن بۇنىڭغا رازى بولىدۇ. ئەسكەرنىڭ قارنى يېرىلىدۇ. دېگەندەك، ئۇنىڭ قارنىدىن تېخى ئۇيۇپ بولالمىغان قىتىق چىقىدۇ. شۇ يەردە يەئقۇببەگ بۇ خوتۇنغا قىتىقنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئەسكەر بولسا جېنىدىن ئايرىلىدۇ. بۇ ئىش باشقا ئەسكەرلەرگە، پۈتكۈل يۇرت ئەھلىگە كاتتا ئىبرەت بولىدۇ. باشقا بىر رىۋايەتكە كۆرە، ئۆلگەن ئەسكەرنىڭ كىيىملىرى بۇ خوتۇنغا بېرىلگەن دېيىلىدۇ. يەنە بىر ۋەقە شۇكى، ئاقسۇدا بىر ئەسكەر بىر باققالدىن ئىككى باغ بېدە ئېلىپ پۇلىنى بەرمەيدۇ. بۇ ئىش بەدەۋلەتنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ ھېلىقى ئەسكەرنى شۇ ھامان ئۆلۈمگە بۇيرۇيدۇ.

ئىبرەتلىك ۋەقەلەردىن يەنە بىرى: يەئقۇببەگنىڭ ئوغلى ھەيدەر بەگنىڭ مىلتىقىدىن چىققان ئوق بىر ئېشەكنى ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ. ئېشەكنىڭ ئىگىسى ئەرز قىلىدۇ. يەئقۇببەگ ئوغلى ھەيدەر بەگنى تاياققا تۇتتۇشقا ھۆكۈم قىلىدۇ. ياش ھەيدەر بەگ شۇ قېتىملىق تاياق زەربىسىدىن ئەسلىگە كېلەلمەي ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆلۈپ كېتىدۇ.

## بەدەۋلەتنىڭ ھەربىي تەدبىرلىرىدىن نەمۇنىلەر

جەڭ كۈنلىرى دۈشمەنگە ھۇجۇم باشلاش ئالدىدا يەئقۇببەگنىڭ بۇيرۇقى بىلەن مەخسۇس بەلگىلەنگەن ۋائىز (ۋەز- تەشۋىقچى)، مۇرشىد (يېتەكچى- دىنىي پېشۋا) لار ئەسكەرلەرگە سۆز قىلىپ ئۇلارنىڭ جەڭ قىلىش قىزغىنلىقىنى ئاشۇرار ئىدى. ئاللاھنىڭ سۆزىنى ئۈستۈن قىلىش يولىدا جەڭ قىلىپ ئۆلگەنلەرنىڭ شېھىد بولۇپ جايى جەننەتتە بولىدىغانلىقىنى، ئۆلمەي ئۆلتۈرگەنلەرنىڭ غازى بولىدىغانلىقىنى ئەسكەرتەر ئىدى. بۇلارنىڭ يالقۇنلۇق نۇتۇق- سۆزلىرىدىن جەڭچىلەر نىڭ روھى ئۇسۇپ غەيرەت- شىجائىتى ئۇرغۇپ تاشار ئىدى. بىر تەرەپتىن يەئقۇب بەگ يېنىغا ئاغزى ئېچىقلىق تۇرغان خالتا- خالتا ئالتۇننى قويۇۋېلىپ دۈشمەننىڭ بىر كاللىسىنى ئېلىپ كەلگەن ئەسكەرگە بىر ئالتۇن، ئۇنىنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ كەلگەنگە ئون ئالتۇن بېرىشكە ۋەدە قىلىپ تۇراتتى. ئەسكەرلەرمۇ قانچە دۈشمەننىڭ بېشىنى ئېلىپ كەلسە شۇنچىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشەر ئىدى. بەزى جەڭ مەيدانلىرىدا دۈشمەن كاللىلىرىدىن مۇنار ياسىلاتتى.

يەئقۇب بەگنىڭ ئەجىيب خىسلەتلىرىدىن بىرى ياخشى خىزمەت قىلغان قوماندان ۋە يىگىتلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ تۇراتتى. بەزى چاغلاردا ئۆزىنىڭ بېلىدىكى ئالتۇن دەستىلىك قىلىچىنى سوۋغا قىلسا، بەزىدە ئەمەل- دەرىجىلىرىنى ئۆستۈرەر ئىدى. مەخپىي ئىشلارغا قويۇلغان ئادەملىرىنى بولسا ئالتۇن، كۆمۈش بېرىپ

www.uyghurweb.net

رازى قىلار ئىدى. مەرھۇم يەئقۇببەگ ئەنە شۇنداق تەدبىرلەر بىلەن خىتايلارنى ئۆز ئۇۋىسىغا كىرگۈزۈپ، ۋەتەننى ئازاد، مىللەتنى ھۆر ۋە مۇستەقىل قىلغان ئۇلۇغ شەخستۇر.

يەئقۇب بەگ قىلغان پەۋقۇلئاددە ئىشلاردىن بىرى تۇرپان ئەتراپىدىكى تۆڭگانلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا توپلارنىڭ ئوقى يېتىشمەي قالىدۇ. بۇنى بىلگەن يەئقۇببەگ دەرھال بىرمۇنچە مىس پۇللارنى يىغىۋېلىپ ئۇلارنى توپ ئوقى ئورنىدا ئېتىشقا بۇيرۇق قىلىپ جەڭدە غەلىبىنى قولغا كەلتۈرىدۇ.

يەئقۇب بەگنى شۇنداق پەۋقۇلئاددە ھەرىكەتلەر بىلەن زەپەر قۇچتۇرغان بۇيۇك پەرۋەردىگار ئۇنى داۋانچىڭ، ئۈرۈمچى ئەتراپىغىچە بېرىپ ئۇ يەرلەرنىمۇ ئىشغال قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلدى. ئەي ئاللاھ! ئۇنىڭ، بىزنىڭ ۋە بارچە مۆمىنلەرنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈم قىلغىن.

## يەئقۇب بەگنىڭ تاشقى سىياستى

بەدۆلەت مەملىكەتنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى تېخى تەرتىپكە سالا- سالمايلا تاشقى سىياسەتنى يولغا قويۇشقا باشلاپ، مۇنداق بىر قانچە ئىشنى ئىشقا ئاشۇردى: رۇسىيە بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى، رۇسىيە ئەلچىسى كاشغەرگە كەلدى، بەدەۋلەتنىڭ ئەلچىسى موللا تۇراب بولسا پېتىرگرادقا بېرىپ ئورۇنلاشتى. ئىككى دۆلەت ئارىسىدا بىر قاتار تۈرلەر بويىچە سودا كېلىشىمى ئىمزالاندى.

تۈركىيە سۇلتانى ئەبدۇلئەزىزخان بەدۆلەت ھۆكۈمىتىنى ئېتىراپ قىلدى ھەمدە بىر قانچە ئوفىتسېر، مەسلىھەتچىنى كېرەكلىك قورال- جابدۇقلار بىلەن ياردەمگە ئەۋەتتى. ئۇلار ھىندىستان ئارقىلىق كاشغەرگە كېلىپ ئورۇنلاشتى.

چىن ھۆكۈمىتى بەدۆلەت ھاكىمىيىتىنى تونۇپ شەرقى تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلدى.

بۇخارا خانلىقىدىن ئەمىر مۇزەپپەر خاننىڭ تەخت ۋارىسى ئەبدۇلمەلىك ئەلچى سۈپىتىدە كاشغەرگە كەلدى.

مىسىر ۋالىسى ئىسمائىل پاشا كاشغەرگە مەخسۇس ئەلچى ئەۋەتتى. 1872- يىلىدا بەدەۋلەتكە مىسىردىن ھەرخىل قوراللار، توپ- زەمبىرەكلەر ۋە باشقا ھەدىيىلەر يېتىپ كەلدى. بەدەۋلەتمۇ ئۆز ئەلچى- دىپلوماتلىرىنى ئېسىل سوۋغا- سالاملار بىلەن مىسىرغا ئەۋەتتى. شۇ ئەۋەتىلگەن ھەدىيىلەر ئىچىدە ئالتۇن بىلەن ھەل بېرىلگەن بىر قۇرئانمۇ بار بولۇپ، بۇ قۇرئان مىسىر كۇتۇپخانىسىدا ھازىرمۇ ساقلانماقتا ئىكەن.

ئافغانىستان پادىشاھى شىر ئەلىخان بەدۆلەت ھۆكۈمىتىنى رەسمىي ئېتىراپ قىلدى.

ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن بىر ئەلچىلەر ئۆمىكى كاشغەرگە كەلدى. ئەلچى موسىيور فورىستىك ئۆزى ئېلىپ كەلگەن ئىشەنچ خېتىنى بەدەۋلەتكە ئۆز قولى بىلەن تاپشۇردى. ئىككى دۆلەت ئالاقىلىرىنىڭ تېخىمۇ مۇستەھكەم بولۇشى ئۈچۈن ئارىدا بىر كېلىشىم تۈزۈلدى. بۇ كېلىشىمنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە: ئىككى دۆلەت كىشلىرىنىڭ ئىككى دۆلەت دائىرىسىدە ئۆزئارا سودا- سېتىق ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىشى ئەركىن بولىدۇ. تاموژنا بېجى پەقەت يۈزدە ئىككى يېرىم پىرسەنت ئېلىنىدۇ. تىجارەت ماللىرى يول ئۈستىدە تەكشۈرۈلمەيدۇ. تىجارەت ماللىرى بىر شەھەردىن يەنە بىر شەھەرگە يۆتكەلسە تەكرار باج ئېلىنمايدۇ. تاموژنا رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىش جەريانىدا ئىككى دۆلەت پۇللىرىنى تەسۋىيە (ئايرىۋاشلام) قىلىشتا ئىختىلاپ تۇغۇلسا، تاموژنا بېجىغا پۇل ئورنىدا تىجارەت مېلىدىن تۇتۇپ قېلىنىدۇ. ئەگەر بۇنىڭ بىلەنمۇ تالاش- تارتىش ئايرىلمىسا مەمۇرى خادىملار ۋە تىجارەتچىلەر ئۆزلىرىگە ۋەكىل سايلاپ چىقىپ شۇلارنىڭ گېپى بويىچە بىر تەرەپ قىلىدۇ. بۇنىڭدا ۋەكىللەرنىڭ دېگىنى كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئەنگلىيە

ئەلچىسى كاشغەردە، بەدۆلەتنىڭ ئەلچىسى كالكۇتتادا تۇردۇ. شۇنىڭدەك باشقا شەھەرلەردىمۇ ئۆزئارا ئەلچى- كونسۇللار تۇرغۇزۇلىدۇ.

بۇ كېلىشىم ئىككى تەرەپنىڭ بىردەك قوشۇلۇشى ۋە رىغبىتى بىلەن 1874- يىلى 2- فېۋرال كۈنى ئىمزالاندى.

سۆز يەكۈنى: بەدۆلەت چەت ئەللەر بىلەن بولغان سىياسىي ئالاقىلىرىنى باراۋەر ئاساستا ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ ئىچكى، تاشقى سىياسىتىدە كەمچىلىك كۆرۈلمەيدى. ئاللاھ بۇ زاتتىن رازى ۋە خۇشنۇد بولسۇن، ئۆز رەھمىتىگە چۆمدۈرۈپ جەننەتكە لايىق كىشىلەردىن قىلسۇن، ئامىن!

يەئقۇببەگنىڭ كۆرسەتكەن تۆھپە- خىزمەتلىرىگە قارىتا تارىخ سەھىپىلىرىگە يېزىلغان مەدھىيىلەر بەكمۇ كۆپتۇر. يېقىنقى دەۋرىمىزدە يېزىلغان ئىيسا ئالىپتېكىننىڭ كىتابىدا: 1865 - يىلى يەئقۇببەگ بىر قاتار پائالىيەتلەر ۋە غەيرەتلەردىن كېيىن پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان بويلاپ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ئورنىتىشقا مۇۋەپپەق بولغان، دېگەن سۆزلەر ئۇچرايدۇ.

بىز ئۇلۇغ تۈركىستانلىقلار جانابى يەئقۇببەگكە بولغان سەمىمىي مۇھەببىتىمىزدىن كېلىپ ئۇ قەھرىمان غازىمىز، شېھىدىمىزنىڭ ھەققىگە ئېزگۈ دۇئا- تىلەكلەردە بولۇمىز. ئەل- يۇرتنىڭ شان ۋە شەرىپىنى قوغداش يولىدا قىلغان ئۇنتۇلماس ئىش- ئىزلىرى، تارىخى خىزمەتلىرىنى ياد ئېتىپ ئالقىشلايمىز. ئەي ئاللاھ بۇ زاتنى ئۆز رەھمىتىگە چۆمدۈرگەيسەن، ئامىن!

مەقسەتكە كەلسەك، يەئقۇببەگ شېھىد بولۇپ كەتكەندىن كېيىن شەرقىي تۈركىستانغا يەنە خىتايلار ھۆكۈمران بولدى. ئەمما تۈركلەر خىتايلارغا ئۆز كۆڭۈل خوشى بىلەن بويسۇنمايتتى. گىزى كەلگەندە بىرەر باھانە- سەۋەب بىلەن قوزغىلاڭ چىقىراتتى، خىتايلارنى ۋەتەندىن قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەنلىكى ئىشنى قىلاتتى. نىملا بولمىسۇن ئىسيان- توپىلاڭلار بېسىقمىدى، خىتايلارمۇ ھەم بوش كەلمىدى. ھۆرلۈك ئارزۇسىدا ئېلىپ بېرىلغان بۇ ئىسيانلاردا ئاز بولمىغان قانلار تۆكۈلدى. ئادەملەر جانلىرىدىن ئايرىلدى. كۆپلىگەن نەۋقىران يىگىتلەر قۇربان بېرىلدى. ھېسابسىز ئادەم قامالدى ۋە ئۆلتۈرۈلدى. خىتايلار ئىسيان قىلغانلىڭ جازاسى سۈپىتىدە خەلق ئۈستىدىكى ئولپان- ياساقنى يەنە ھەسسىلەپ كۆپەيتتى.

شەرقىي تۈركىستان تۈركلىرى ئەنە شۇنداق ئېغىر شارائىت ئىچىدە ئاتمىش يىلنى ئۆتكۈزدى. ئاخىرى پىچاق سۆڭەككە يېتىپ 1931- يىلى قوزغىلاڭ كۆتۈردى.

نىشانىمىز: جەننەتنىڭ بىر پارچىسى ۋە ياكى ئاسىيانىڭ جەننىتى دېيىلسە ئەرزىيدىغان مۇنبەت، بەرىكەتلىك تۇپراقلار، مول مەدىنۇ - مىنېراللار، ئاقار سۇلار، باغۇ- باغچىلار بىلەن شۆھرەت تاپقان، جەننەت ئاسمانىدا بولسا ئاستى تۈركىستان، ئەگەر جەننەت يەر ئاستىدا بولسا ئۈستى تۈركىستان بولغان ئەزىز ۋەتىنىمىزنى قوغداشتۇر.

نەزم:

كۆرۈك بىزلەرنى ئاشقىمىز مەئشۇقى يولىدىن يانغان
مەجنۇندۇرمىز ياشى گىريان، كى لەيلى دەردىدە سەرسان
فەرھاددۇرمىز، گويا شىرىن غەمى بىرلە دىلى سۇنغان
يۇسۇپ ئېرمەس، لېكىن ھەر ئان ئېسىدىن چىقماغان كەنئان
ۋەتەن ئازادلىغى، ئەل راھەتىگە جان پىدا قىلغان
ۋەتەن ئاناسىدىن ئايرىلىپ باغرىغا تولغان قان

www.uyghurweb.net

پەلەك بىزلەرگە بۇ ئان  كەيىننى قىلماققا رام بولسا
باشىمىز ئۆزرە مۇدھىش قارا بۇلۇتلار راۋان بولسا
زۇلۇمنىڭ ئوقلىرىغا بارچە يەر قارا- نىشان بولسا
نە قىسمەت! بۇ ۋەتەن، بۇ يۇرت رەزىل ياۋغا قارام بولسا
بولۇپ ياۋ ئالدىدا ھەر بىرىمىز گوياكى شىر- ئارسلان
بىرەرمىز تۇشمۇ- تۇش دۈشمەنگە زەربە بەرمەيىن ئىمكان

ئىچەرمىز سۇ ئىچىش ئورنىدا دۈشمەن- ياغى قاننى
ئالۇرمىز ئەنت ئىلىپ  بىر جان ئۈچۈن مىڭلارچە جاننى
مۇكاپاتلاپ قويارمىز بىزگە قىلغان زۇلۇم، كارىنى
ئۈزۈپ بوينىنى ئۆزگەنچە تۇغۇلغان خام خىيالىنى
ئىرۇرمىز ياۋغا بەرمەس يان قەھرىمان تۈرككە بىز ئوغلان
بىز ئول ئەۋلادى تۈركىستان، شۇ تۈركىستانغا بىز قۇربان

ۋەتەنىنىڭ زەررە تۇپراقى گويا بىزگە ئەزىز جاندۇر
كى مىللەت قانىدىن ھەر زەررە تۇپراق ياقۇت، مارجاندۇر
چېكىنمەس ئىنتىقامدىن ھەر كىشىكى بولسا ئوغلاندۇر
ئويۇن دۈشمەنلە قىلماق جەڭ، ئارامباغ، سەھنە، مەيداندۇر
ۋەتەن سۆيگۈسدە ھەر لەھزە، ھەر دەم ئارماغاندۇر جان
بۇ يولدا قان تۆكۈلسۇن، جان قىرىلسۇن، بىز خۇشھال-خەندان

ۋەتەن جەننەت، ۋەتەن راھەت، ۋەتەن ئەيشۇ، ۋەتەن ئىشرەت
ۋەتەن باغۇ، ۋەتەن گۈلشەن، ۋەتەن غەيرەت، ۋەتەن دۆلەت
ۋەتەن شانۇ- شەرەپ، ئىنسان ئۈچۈن ئۇ ئەپكىلەر ئىززەت
ۋەتەنسىز قايسى مىللەتتە تاپىلغاي قىنى باق قىممەت
جانىمىز تەندەلا بولسا ۋەتەن دىلدىن ئورۇن ئالغان
ۋەتەن سۆيمەك بولۇر دىندىن، كى بىزدە بار ئىشەنچ، ئىمان

تەشەككۈر سۆزى

ئۆتكەن تارىختىكى ھۆكۈمدارلىقىمىزنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە، يېقىن تارىخىمىزدا بولغان ئىنقىلابىي ھادىسىلەرنى، مۇختارىيەت دەۋرىنى، ئاللاھ يولىدا قىلغان جىھادىمىزنى ئەكس ئەتتۈرۈش ھەمدە تۈركىستانلىقلارغا رۇسلارنىڭ ۋە خىتايلارنىڭ يۈرگۈزگەن دەھشەتلىك سىياسىتىنى، كوممۇنىستلارنىڭ جەبرى- زۇلۇملىرىنى پاش قىلىشنى مەزمۇن قىلغان بىر تارىخ يېزىش تەكلىپىنى بەرگەن ۋە بۇ ئەسەرنى

www.uyghurweb.net

يېزىش ۋەزىپىسىنى كەمىنىگە تاپشۇرغان ئەدىبلىرىمىزگە ۋە يەنە بۇ ئىشقا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ، كەمىنىنى ئىلمىي، تارىخىي ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلىگەن يۇرتداشلىرىمغا، بولۇپمۇ ئۇستازلارغا ئۆز تەشەككۇر، مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرۈپ ئۆتۈشنى ئۆز بۇرچۇم دەپ بىلىمەن.

ئەي پەرۋەردىگار، تەۋپىق پەقەت سەندىندۇر.
ئەي ئىگەم، ئۆزۈڭ ئاسان قىلغىن، سەن ھەممە ئىشقا قادىرسەن.
مەقسىتىم: دىنغا، ۋەتەنگە، خەلققە خىزمەت قىلىش.
ئاساسىم: قوللانمىلىق ئىسلامىي كىتابلار.
يېتەكچىم: ئاتمىش يىللىق كۆرگەن، بىلگەنلىرىم، كەچۈرمىشلىرىم.

ئۆزۈمنىڭ بۇ ئىشتىكى چولتىلىقىم، ئاجىزلىقىم تۈپەيلى ئەسەردە سادىر بولۇپ قالغان خاتالىقلارنى تۈزىتىش ئىشىنى بۇ جەھەتتە بىلىمى كامىل كىشىلەرگە ھاۋالە قىلىمەن.

شىمالى كاۋكازنىڭ مەشھۇر مۇجاھىدى ئىمام شامىلنىڭ نەۋرىسى، ئۇستاز
مۇستەفا شامىل بېكنىڭ مۇقەددىمىسى

ئايغۇچى ۋە كۆيۈنگۈچى ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن

تۈركىستان تۇپراقلىرىنىڭ پەۋقۇلئاددە بەرىكىتى، تۈرك تارىخىغا كۆرسەتكەن تەسىرى پەقەت تۈركلەر تارىخىدىلا ئەمەس، بەلكى ئىسلام تارىخىدىمۇ تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك چوڭقۇر ئىزلارنى قالدۇردى. مۇنبەت ۋە ھوسۇلدار تۈركىستان تۇپراقلىرى تۈركلەرنىڭ تارىختا تۇنجى قېتىم ئات- يىلقىلارنى كۆندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ سۈتىدىن، گۆشىدىن پايدىلىنىشنى بىلىشكە ھەمدە ئۇلارنىڭ ئاتلارغا مىنىپ شىمالى ئاسىيا ۋە شەرقى ياۋروپا دالالىرىدا شانلىق ھەربىي يۈرۈشلەرنى ئېلىپ بېرىشىغا تۈرتكە بولغان ئامىللاردىن بىرى بولۇپ قالغان. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، تۈركىستان زېمىنىنىڭ ياشاشقا قولاي، مۇنبەت بىر تۇپراق بولغانلىقى ئۆز نۆۋىتىدە تۈركلەرنى ئات، قىلىچلارنى تاشلاپ، يەرگە باغلىنىپ ياشاشقا، مۇقىملاشقان تېرىقچىلىق، دېھقانچىلىق تۇرمۇشىنى تاللىۋېلىشقا ئېلىپ كەلگىنىدەك، ئۇلار ئۆزلىرى بويسۇندۇرغان باشقا يەرلەر ھەمدە تىجارەت مەركەزلىرىدىمۇ خۇددى تۈركىستان زېمىنىدا قىلغانىدەك، يەرگە باغلىنىپ ياشاشنى بىلگەن بولسا، بەلكىم، ئۇلار بۈگۈنكى كۈندە سان جەھەتتە جۇڭگولۇقلاردىن نەچچە ھەسسە كۆپ، سىياسىي كۈچ- قۇدرەت، نوپۇز جەھەتتە رۇسلاردىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغان بولاتتى.

تۈركلەرنىڭ مەيلى ئاسىيادىكى ۋە مەيلى ياۋروپادىكى ھۆكۈمرانلىقى بولمىسۇن ئىزچىل داۋام قىلىپ كەلگەن ئىدى. قاچاندۇر پۇرۇخ (ملتىق دورىسى) دېگەن  نەرسە تارىخ سەھنىسىگە كىردى، بولۇپمۇ غەرب ئەللىرىدە پۇرۇخ ئىشلىتىلىدىغان ھەربىي قورال زاۋۇتلىرى كۆپلەپ قۇرۇلۇپ ھەرخىل يېڭى تىپتىكى پۇرۇخلۇق ئۇرۇش قوراللىرى ياساپ چىقىلىپ ئۇرۇشلاردا ئىشلىتىلىشكە ئەگىشىپ، قەدىمىي ئۇرۇش ئۇسۇللىرى ۋە قوراللىرى بۇرۇنقىدەك ئەسقاتمايدىغان، ئىلگىرى ئات ئۈستىدە جەڭ قىلىپ كەلگەن جەڭچىلەرنىڭ پىيادە يۈرۈپ جەڭ قىلىدىغان دۈشمەن قوشۇنى تەرىپىدىن ئاتىلىۋاتقان ئوق يامغۇرلىرىغا يەنىلا ئات ئۈستىدە تاقابىل تۇرۇشى قىيىن توختايدىغان بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن تۈركلەر بارا- بارا

www.uyghurweb.net

ئۆزىنىڭ باشتىكى تەسىر دائىرىسىدىن چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئەگەر ياۋروپادىكى كەڭ زېمىنلارنى بويسۇندۇرغان، دونتس، دىنىپىر، دەنىستىر، دون ۋە ئىدىل (ۋولگا) دەريالىرى بويلىرىغا قەدەر يۇرۇش قىلغان تۈرك قوشۇنلىرى ئات ئۈستىدە قىلىچ ئوينىتىپ يۈرىدىغان هاياتنى قويۇپ ئۆزلىرى قەدەم باسقان تۇپراقلار بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ مۇقىم هايات كەچۈرگەن بولسا ئىدى، نە گېرمانلار(نېمىسلار) قوزغىغان كارپات هەرىكىتى ۋە نە سىلاۋيانلارنىڭ تۈركىستان يەرلىرىگە قىلغان هەربىي كېڭەيمىچىلىك يۈرۈشلىرى غەلىبىگە ئېرىشەلمىگەن بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن تۈرك ۋەتەنپەرۋەرلىكىنىڭ تۈركىستان زېمىنى بىلەن- ھەتتا تارىخنىڭ ئەڭ قىيىن باسقۇچلىرىدىمۇ ئىزچىل داۋاملاشقان زىچ باغلىنىش ئەھۋالى ئالاھىدە دىققەتكە ۋە تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

ئۆز دەۋرىدە چاررۇسىيىنىڭ ياۋروپالىقلارنىڭ ياردىمى ئاستىدا ئېلىپ بارغان قورقۇنچلۇق باسمىچىلىق هەرىكەتلىرىنى ئەللىك يىللىق قىزىل هاكىمىيەت دەۋرىدە قىزىل رۇسلارمۇ ئىشقا ئاشۇرماي قالمىدى. سىبىرىيە ۋە قازاقىستان پاجىئەلىرى بۇ سۆزىمىزنىڭ يارقىن دەلىلىدۇر. شۇنداق بولىشىغا قارىماي، ۋەهشىي رۇس مىللەتچىلىكى هازىرمۇ تېخى تۈرك ۋەتەنپەرۋەرلىرىگە زەربە بېرىش ۋە ئۇلارنى يوقىتىش نىيىتىدىن يانغىنى يوق. بىلىشىمىزچە، هازىر رۇسلار ياۋروپالىق سەرمايىدارلارنىڭ مەبلىغى بىلەن شەرقىي سىبىرىيە ۋە ياقۇتىستاندا يېڭى سانائەت مەركەزلىرىنى قۇرۇشنى پىلانلاۋېتىپتۇ. بۇنداق بولغاندا، يىراق شەرقتىكى تۈرك قەۋملىرىنىڭ پالاكەت ۋە هالاكىتى بىلەن نەتىجە تاپىدىغان بۇ هەرىكەت ئارقىسىدا رۇسلارنىڭ بىر پۈتۈن ئىستېلاچىلىق پىلانىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. ئەمەلىيەت شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، بۇ ئىشقا قارىتا سۈكۈتتە چۆمگەن تۈرك دۇنياسىدىن هېچ قانداق بىر قارشى سادا چىققىنى يوق.

ئىسلام فۇتۇهات (بويسۇندۇرۇش يۈرۈشلىرى) لىرى بايان قىلىنغان ماتېرىياللاردا دېيىلىشىچە، ئەرەب مۇجاهىدلار قەدىمى خۇراسان چېگرىلىرىغا يەتكەندە (بۇ ئۇلارنىڭ ئىراننى بويسۇندۇرۇپ بولغان ۋاقتى ئىدى) ئۇ يەرلەردە ياشاۋاتقان تۈركلەرنىڭ ئۆزلىرىگە قارشى قوزغىلىپ كەتىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئۇلارغا كۆپ جەهەتتە يول قويۇپ، كەڭ قورساق مۇئامىلە قىلىشنى توغرا تاپقان. لېكىن خۇراسان تۈركلىرىنىڭ ئىختىيارىي هالدا ئىسلامغا كىرىشكە ئەگىشىپ، ئۇمەۋىييە سۇلالىسى پادىشاهلىرىدا تۈركىستان زېمىنىنى تولۇق ئىستېلا قىلىش ئويى تۇغۇلدى. قاچاندۇر تارىختىن بېرى تۈركلەر بىلەن جۇڭگولۇقلار ئوتتۇرىسىدا داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان تۈگىمەس ئۇرۇشلار يەنە قايتىلاندى، بۇنى تۈركىستاننى بېسىۋېلىشنىڭ ياخشى پۇرستى بىلگەن ئۇمەۋىييلەر قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم قوماندانلىقىدا 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى خۇراسانغا ماڭدۇردى. بۇ هىيلىگەر قوماندان خۇراسانغا كەلگەندىن كېيىن خۇراسان تۈركلىرىدىن تېزلىكتە بىر قوشۇن تەشكىللەپ بۇ قوشۇننى سەپنىڭ ئالدىدا ماڭدۇرۇپ ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتتى. ئۇ شۇ ماڭغىنىچە تۈركىستانغا بارغانچە ئىچكىرىلەپ كىردى ھەممە قىسقىغىنا ئارىلىقتا تۈركىستاندىكى مەركىزى شەهەرلەرنى ئارقىمۇ- ئارقا بېسىۋالدى. بۇ ئۇرۇش داۋامىدا قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم ئۆتەر قاتتىق قول ۋە شەپقەتسىز هەربىي ۋاستىلەرنى ئىشقا سالغان بولۇپ، بۇ ئىش تۈركىستان خەلقىگە بەكمۇ ئېغىر كەلدى. ئەگەر ئۇمەۋىييلەر تەختىگە ئۆمەر ئىبنى ئەبدۇلئەزىزدەك بىر خەلىپە ئولتۇرۇپ ئىسلام ئادالىتىنى هەقىقىي يوسۇندا ئىشقا ئاشۇرمىغان بولسا ئىدى، ئۇمەۋىيلەرنىڭ ئۈچىغا چىققان سولچىل ۋە ئەرەبپەرەس سىياسىتى ئىسلام تارىخىدا يەنىمۇ پاجىئەلىك ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن ئىدى. ئەپسۇسكى، بۇ ئۇلۇغ ئىنساننىڭ هاكىمىيەتتە تۇرغان ۋاقتى ئانچە ئۇزۇنغا بارمىدى. شۇنداقتىمۇ بۇ قىسقىغىنا جەريان تۈركىستان خەلقىنىڭ مەنىۋى هاياتىدا بىر ئۇلۇغ ئىنقىلابنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچتى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە تۈركىستان بىر پۈتۈن ئىسلام دىيارىغا ئايلاندى.

قەدىمدىن تارتىپ نىل دەريا ۋادىسى ئەرەبلەرنى دېھقانلىق مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەيدىغان خام ئەشيا بازىسى بولۇپ كەلگەن. تۈركىستان فەتھى قىلىنغاندىن كېيىن نىل دەريا ۋادىسى بۇ جەھەتتە ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى. يەر شەكلى ۋە كىلىمات جەھەتتىن ئىراق زېمىنىنىڭ تۈركىستان زېمىنىغا كۆپ ئوخشىشىپ كەتىشى خەلىپە مەھدىي (ئاببسىيلارنىڭ 3- خەلىپىسى) نىڭ ئەقىللىق ۋەزىرى ئەبۇ ئۇبەيدۇللاھنىڭ دىققىتىنى تارتىپ، ئۇنى ئىراقتىكى يېزا ئىگىلىك ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش مۇھىم، دېگەن ئويغا كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن تۈركىستاندىن زور سانلىق تەجرىبىلىك دېھقانلار كەلتۈرۈلۈپ، ئىراققا يەرلەشتۈرۈلدى. دەجلە، فرات دەريالىرىدىن قانالالار قېزىلدى. مانا شۇ تىرىشچانلار ئارقىسىدا ئىراق زېمىنى ئۈچىنچى خام ئەشيا بازىسىغا ئايلىنىدۇ.

ئاببسىيلار دەۋرىدە تۈركىستاننىڭ شان- شەۋكىتى تۈركىستاندىن يېتىشىپ چىققان دىن ئەربابلىرىنىڭ ئىسلام مەنبەلىرىنى ساپلاشتۇرۇش يولىدىكى ئۇلۇغ خىزمەتلىرىدە گەۋدىلەندى. ئۆز دەۋرىدە دىنىي ئىشەنچنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئىسلام ئۆلكىلىرىنىڭ بۇلۇڭ- پۇچقاقلىرىغا قەدەر بېرىپ قۇرئان كەرىم تەپسىرلىرىنى يەھۇدىي ئەپسانىلىرىدىن، ھەدىسلەرنى توقۇلما ھەدىسلەردىن تازىلىغان، ئايرىپ چىققانلار ھەممىدە ئەقىدە مەسىلىلىرىدىكى تۈرلۈك چىگىشلىكلەرگە ئېنىقلىما بەرگەنلەر ئەنە شۇ تۈركىستان يېتىشتۈرگەن ئىلىم چولپانلىرى ئىدى. بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئىسلام مىراسلىرى ساھەسىگە نەزەر ئاغدۇرغىنىمىزدا كۆپ سانلىق قورال كىتابلار ۋە ئەڭ مۇھىم دىن دەستۇرلىرىنىڭ تۈركىستان ئالىملىرىنىڭ قولىدىن چىققىنىنى كۆرەلەيمىز.

بۇ يەردە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك بىر ئىش شۇكى، تۈركىستان يېتىشتۈرگەن بۇ بىلگىن (ئەللامە) لەرنىڭ بىلىم دائىرىسى يالغۇز دىنىي بىلىملەر بىلەنلا چەكلەنمەستىن بەلكى ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، فىزىكا، مېدىتسىنا، پەلسەپە قاتارلىق پەن ساھەلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئۇلارنىڭ بۇ ساھەلەردە قالدۇرۇپ كەتكەن قىممەت باھا ئەسەرلىرى ھەر جاي ۋە ھەر دەۋردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ يولىنى يورۇتۇپ كەلدى. كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە ياۋروپا ئالىملىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ۋە ئىلمىي يۈكسىلىشلىرىنى ھاسىل قىلىشتا بۇ ئەسەرلەردىن كۆپلەپ پايدىلانغان ئىدى. ھەيران قالارلىق يېرى شۇكى، بۇ بىلگىنلەرنىڭ يۈزدە يۈز تۈرك پەرزەنتى ئىكەنلىكى ئېنىق تۇرسىمۇ، ھازىرقى ئەرەب زىيالىيلىرى ئۇلارنى ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن پارس ئەۋلادى قىلىپ كۆرسەتمەكتە.

مۇنداق بىر پاكىتنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ، ناۋادا تۈركىستاندىن چىققان سەلجۇق تۈركلىرى ئاببسىيلار ھاكىمىيىتى چۈشكۈنلەشكەن دەۋردە خەلىپىلىكنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، ھەربىي ئىشلىرىنى ئۆز قولىغا ئېلىپ ئۈلگۈرمىگەن بولسا، ئاببسىيلار ئارىسىدا كۈنسېرى ئۇلغىيىۋاتقان شىئەلىشىش دولقۇنى مۇقەددەس ئىسلام دىنىنىڭ ساغلام ئوبرازىغا ئېغىر دەرىجىدە زىيان يەتكۈزگەن بولاتتى. ئەگەر سەلجۇقىيلار، ئەييۇبىيلەر، مەملۇكىيلەر، ئوسمانىيلاردىن ئىبارەت قۇدرەتلىك تۈرك خانلىقلىرى مەيدانغا كېلىپ ئەھلى سەلىبنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا قاراتقان توققۇز ئەسىرلىك تاجاۋۇز ۋە ھۇجۇملىرىغا بىرى بىرىنىڭ كەينىدىن ئۇلىشىپ، ئىزچىل تاقابىل تۇرۇپ كەلمىگەن بولسا ئىدى، بەلكىم بۈگۈنكى ئىسلام دۇنياسىنىڭ خەرىتىسى ھازىرقىدىن باشقىچىراق بولغان بولاتتى.

مانا ئەمدى ئەڭ ئېچىنىشلىق تەرىپى شۇ بولۇۋاتىدۇكى، ئاشۇ باھادىر قەھرىمانلىرىمىز ئاق دېڭىز (ئوتتۇرا دېڭىز)، قىزىل دېڭىز، ھىندى دېڭىزى قىرغاقلىرىدا ئىسلامىي كۈرەش تارىخىنىڭ باتۇرلۇق نەمۇنىلەر بىلەن تولغان پارلاق سەھىپىلىرىنى ئاچقان بولۇشىغا قارىماي، بۈگۈن ئۇلارنىڭ تۈركىستانىنى ئۆز ئىچىگە

www.uyghurweb.net

ئالغان پۈتكۈل يۇرت ـ ماكانلىرى چىن ۋە رۇس دېگەن ئىككى ئىمانسىز دۈشمەن تەرىپىدىن قانلىق ۋە پاجىئەلىك ھالدا بېسىۋېلىندى.

مۇشۇ مۇناسىۋەتلەشتۈرمەك بىلەن تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتمەكچىمەن: تۈرك دۇنياسىنىڭ ساخاۋەتلىك قوينىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن مۇتەپەككۇر ۋە بىلگىنلەر ئارىسىدىن. بۇ ئۇلارنىڭ كەمتەرلىكىدىنمۇ. تاڭ، بىلمىدىم. ئۆزىنىڭ مىللىي تارىخىي ئۈستىدە ئىزدىنىدىغان، مىللەتنى تەرەپ- تەرەپتىن قورشاپ تۇرۇۋاتقان خەتەرلەرگە ئۆز دىققىتىنى ئاغدۇرىدىغانلار يوق دېگۈدەك دەرىجىدە بەكمۇ ئاز چىقماقتا. ئەرەب ۋە پارس تارىخچىلىرىمۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە پەقەت ئۆزلىرىگە يېقىندىن مۇناسىۋەتلىك بولغان مەزمۇنلار بىلەنلا چەكلەنگەنلىكى ئۈچۈن بىز خاھلاپ- خاھلىماي ئۆتمۈش تارىخىمىزنى چىن مەنبەلىرىدىن، ھازىرقى زامان تارىخىمىزنى رۇس ئاپتورلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن بىلىشكە مەجبۇر بولماقتىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئەسەرلەردىكى مەلۇماتلار غەرب مەنبەلىرىدە نېمە بولسا شۇ بويىچە يېزىپ قويۇلغان. بۇنىڭ بىلەن تۈركلەر ئۆز دۈشمەنلىرىنىڭ تارىختا ئۆتكۈزگەن جىنايەتلىرى ۋە ۋەھشىيانە قىلمىشلىرىدىن دېگۈدەك خەۋەرسىز قالماقتا. بۇنىڭغا ئەگىشىپ تۈركلەر كەڭرى مەنىدىكى ئىسلام كۆرسەتمىلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان مىللىي چۈشەنچىلەردىنمۇ مەھرۇم قېلىشقان. ئۇلار شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئۆز دۈشمەنلىرىدىن قىساس ئېلىش- بۇنىڭ بىر مۇقەددەس ئىش بولۇشىغا قاراماي- تۇيغۇسىدىنمۇ ئايرىلىپ قېلىشقان. شۇنىڭ ئۈچۈن مۆھتەرەم مۇسا تۈركىستانى ھەزرەتلىرىنىڭ بۇ ئەسەرنى يېزىپ چىقىشى قانچە ئالقىشلىماق شۇنچە ئەرزىيدىغان بىر كاتتا خىزمەت ھېسابلىنىدۇ. ئۇ بۇ ئەسىرىدە تۈركىستانلىقلارنىڭ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى رۇسلارنىڭ زۇلۇمى ۋە تاجاۋۇزىغا ئۇچراش ئەھۋالىنى تەپسىلىي بايان قىلىپلا قالماي، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىنكى دەۋردە تۈركىستاننىڭ شەرقى ۋە غەربىدە ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، ئۆزى قاتناشقان بىر قاتار سىياسىي ئىشلار توغرىسىدا بىزگە قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى بېرىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ پەرغانە مۇجاھىدلىرىنىڭ ئۆز دىنى ۋە ۋەتىنى يولىدىكى مەجبۇرىيەتلىرىنى ئورۇنداش يولىدا ئېلىپ بارغان قەھرىمانلىقلىرىنى يۈكسەك ماھارەت بىلەن بايان قىلىشى ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەردۇر. مانا ھازىر مەن بارلىق ياشلىرىمىزغا ئانا ۋەتەندە بولۇپ ئۆتكەن مىللىي ھەرىكەتلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن يورۇتۇپ بېرىدىغان بۇ كىتاب. تۈركىستان پاجىئەسى- نى ئوقۇپ چىقىشنى تەۋسىيە قىلىۋاتقىنىمدا بۇ كىتابنىڭ كەلگۈسى نەسىللىرىمىزگىمۇ ھەم پايدىلىق بىر ئارمىغان (سوۋغات) بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. شۇنىڭدەك، ئۇستاز مۇسا تۈركىستانىينىڭ بۇ ئۇلۇغ تارىخىي ھىممىتى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئالاھىدە تەشەككۈرۈمنى بىلدۈرىمەن.

سەئىد شامىل.

1974- يىل فېۋرالنىڭ 2 ـ كۈنى

## شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىنقىلاب ئەرەپىسىدىكى ئومۇمىي ۋەزىيىتى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدىن باشلاپ ئۈرۈمچى ئالتە شەھەرنىڭ مەركىزى بولۇپ كەلگەن ئىدى. ۋالىيلار ئۈرۈمچىدە تۇراتتى. جىڭ شۇرىن قاتارلىق ختاي ۋالىيلىرىنىڭ ئۆز زامانىدا خەلققە قىلغان زۇلۇم- زورلۇقلىرىنى ھەممە ئادەم ياخشى بىلسە كېرەك. دۇنيادا ھەر ئىشنىڭ چېكى بولىدۇ. شۇنىڭدەك زۇلۇمنىڭمۇ ھەم چېكى بولىدۇ. ھەر ئىش ئۆز چېكىدىن ئېشىپ كەتسە ئادەملەرنىڭ سەۋر- تاقىتىمۇ تۈگەيدۇ- دە، ئىسيان كۆتۈرۈپ، چېكىدىن ئاشقان زالىم ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ ئورنىغا ئادىل بىر

ھۆكۈمەت قۇرۇپ چىقىشقا مەجبۇر بولىدۇ. كېيىنكى دەۋرلەردە خىتاي ئەمەلدارلىرىنىڭ مەخپىي ۋە ئاشكارا زۇلۇملىرى ھەددىدىن ئېشىشقا باشلىدى، خەلق جېنىدىن بىزار بولدى، خىتايلار تۈركلەرنىڭ مال- مۈلۈك، بايلىقلىرىنى زۇلۇك قۇرتتەك شوراپ قويمىدى. ئادالەت، ھەققانىيەتنىڭ قەدرى قالمىدى، مەيلى شەھەر ۋە مەيلى قىشلاقتا بولمىسۇن زۇلۇم- زورلۇق، ناھەقچىلىك باش كۆتۈردى. ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىكى پارىخورلۇق، ناھەقچىلىكلەردىن مەزلۇملارنىڭ ئاھۇ- زارى پەلەككە يەتكەن ئىدى. خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىسيان كۆتۈرۈپ چىقىشنىڭ زېمىنى ۋە زامانى ھازىرلىنىپ قالغان ئىدى.

## خىتايلارنىڭ قانلىق ئىستىبدادىدىن نەمۇنىلەر

خىتاي ھۆكۈمىتى ئىلغار پىكىرلىك، ئوقۇمۇشلۇق زىيالىيلارنى تۈرلۈك بەتنامىلار بىلەن قالمىدى، ئۆمۈرلۈك تۈرمىگە ئالدى، بەزىلىرىنى بولسا ئۆلتۈردى. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنى تۈرمىلەردە چىرىتىپ تۈگەتتى. قەھرىمان يىگىتلىرىمىزنى قارا كامىرلارغا سولاپ ئەزابۇ- ئوقۇبەتلەرگە گىرىپتار قىلدى. خەلق مانا مۇشۇنداق زۇلۇم- ئېزىلىشكە چىداپ بولالماي باش كۆتۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. بۇنىڭ بىلەن يىللاردىن بۇيان تەكرار بولۇپ كېلىۋاتقان ئىسيانلاردىن كەلگەن تەجرىبە- ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ شەرقى تۈركىستاننىڭ ھەر تەرىپىدە كەڭ كۆلەملىك بىر ئىسيانغا تەييارلىق كۆرۈلدى. ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن تەييارلىق پۈتتى، مەزلۇم خەلق بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ خىتاي ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا بەل باغلىدى، كۈرەش جەريانىدا تەدبىرلىك، تەجرىبىلىك كىشىلەر مەيدانغا چىقىپ مىللەتكە رەھبەرلىك قىلدى. مۇنەۋۋەرلەر توپلىنىپ جەمئىيەت تەشكىل قىلدى. جۈملىدىن كاشغەردە ئىستىقلال جەمئىيىتى قۇرۇلۇپ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن تەشۋىقات ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، ئامما ئارىسىدا تۈرلۈك تەشۋىقنامىلەرنى تارقىتىپ ئۇلارنى ئويغىنىشقا، ئىسيان قىلىشقا چاقىردى. جەمئىيەت خىتاي زوراۋانلىرىنىڭ مىللەتكە قىلىۋاتقان جەبرى- زۇلۇملىرىنى، دىنغا قىلىۋاتقان ھاقارەتلىرىنى، ئىقتىسادىي بۇلاڭ- تالاڭلىرىنى مىللەتنىڭ كۆز ئالدىدا پاش قىلىپ ھەممىنى دىققەتكە كەلتۈردى. ئەمەلىيەتتىمۇ خەلق خىتايلارنىڭ زۇلۇمىدىن بىزار بولۇپ پىچاق سۆڭەككە يەتكەن ئىدى. بۇ يەردە شۇ دەۋردىكى خىتاي زوراۋانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان بىر قىسىم ئىشلارنى نەمۇنە سۈپىتىدە كەلتۈرۈپ ئۆتۈش پايدىسىز بولماس دەپ ئويلايمەن. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

**(1)** يەرلىك ئەمەلدارلار مەجبۇرىي ھالدا خىتايلارغا ئوخشاش ئۇزۇن چاچ قويياتتى، ئۇچىسىغا خىتايلار كىيىدىغان يەنى ئوچۇق ئۇزۇن كۆڭلەكلەرنى كىيەتتى. ئۇلار بۇ قىياپەت بىلەن خۇددى خىتاينىڭ ئۆزىگىلا ئوخشاپ قالاتتى.

(2) ئاتلىق بىر مۇسۇلمان بىرەر خىتاي ئەمەلدارىغا ئۇچرىسا، دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ ئۇ ئەمەلدارغا تەزىم بىجا كەلتۈرۈشى كېرەك ئىدى.

(3) ئەگەر ئاتلىق ياكى ھارۋىلىق بىر مۇسۇلمان يولدا بىرەر خىتاي مەنسەپدار ياكى خىتاي چېرىككە يولۇقسا، دەرھال ھارۋا ياكى ئاتتىن چۈشۈپ ئۇنداقلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ تىز چۆكۈپ تەزىم قىلىشى كېرەك ئىدى.

(4) ئامباللار بۇتخانىغا كىرگەندە مۇسۇلمان ھاكىملار، بەگلەر بۇتخانا دەرۋازىسىدا قوللىرىنى ئارقىغا قىلىپ تىز چۆكۈپ تۇرۇشلىرى كېرەك ئىدى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە بىر مىسال شۇكى، بىر قوزا تۇغۇلۇپ بەش يىل ئۆتسە، قوزىنىڭ ئىگىسى ھەر يىلىغا بىر قېتىمدىن بەش يىللىقىغا بەش قېتىملىق تۇياق بېجى تۆلەيتتى. ھەر يىلدا ئىككى قېتىمدىن بەش

www.uyghurweb.net

يىلدا ئون قېتىملىق يۇڭ بېجى تۆلەيتتى. قوزا ئۆلتۈرۈلسە قان بېجى تۆلەيتتى. بازارغا ئاپىرىپ ساتسا تاپاۋەت بېجى تۆلەيتتى. گۆش پارچىلىنىشى بىلەنلا گۆش بېجى تۆلەيتتى. تېرىسى ئۇچچۇن تۇمەن بېجى تۆلەيتتى. ئەگەر مالنىڭ بىرەر پۇتى كەم بولۇپ قالسا دۇكاندار بۇنىڭ ئۇچچۇن نۇقسان بېجى تۆلەيتتى. خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، خىتايلار بىر ھايۋاندىن يىگىرمە خىلغا يېقىن باج ئالاتتى. ئۇلار خەلقنىڭ قىنىنى ئەنە شۇنداق شورايتتى. يۇقىرىقىلار پەقەت نەمۇنە ئۈچۈنلا كەلتۈرۈلگەن مىساللاردۇر، خالاس. مۆھتەرەم ئوقۇرمەنلىرىمىز قالغان ئىشلارنىڭ قانداقلىقىنى ئاشۇلاردىن بىلىۋالسا بولىدۇ. خەلقنى ئىسيان كۆتۈرۈشكە ئېلىپ كەلگەن ئامىللار بۇنىڭدىنمۇ كۆپ بولۇپ، ھەر بىرى ئۆز ئورنى كەلگەندە زىكىر قىلىنىدۇ.

شەرقىي تۈركىستاندا خىتاي زۇلۇمىغا قارشى قوزغالغان تۇنجى ئىسيان 1931- يىلى قۇمۇلدا باشلاندى. سالىھ دورغا، خوجا نىياز ھاجىلار باشچىلىقىدا قۇمۇل ئەتراپىدىكى ھەرقايسى تۈرە- بەگلەر بىراقلا قوزغالدىلار. بۇ جەڭدە ئىمان قۇۋۋىتى بىلەن يۇكسەك جاسارەتكە كەلگەن مۇسۇلمان تۈركلەرنىڭ ھەر بىرى خۇددى شىر - ئارسلانلاردەك باتۇرلۇق كۆرسىتىپ خىتاي ئەسكەرلىرىنى كۆپ مەغلۇبىيەتلەرگە ئۇچراتتى ھەمدە ئاللاھ جىھاد ئويى بىلەن مەيدانغا چىققان بۇ مۇجاھىدلارنىڭ ئىسيانىنى زور غەلىبىلەرگە ئېرىشتۈردى. ھەر يەردە مۇسۇلمانلار غالىب، خىتايلار مەغلۇپ بولۇشقا باشلىدى، زەپەر ئۇستىگە زەپەر قۇچۇۋاتقان مۇسۇلمانلار قوشۇنى سېپىگە كېيىنكى پەيتلەردە تۇڭگانلارمۇ كېلىپ قېتىلدى. تۈركلەر، تۇڭگانلار بىرلىشىپ خىتايلارنى شەرقىي تۈركىستاندىن قوغلاپ چىقىرىشقا بەل باغلىدى. بۇ جەڭلەردە كۆپلىگەن خىتايلار قىلىچتىن ئۆتكۈزۈلگەندىن باشقا، قاچقانلىرى قاچتى، قالغانلىرىمۇ پەقەت ئۈرۈمچىدىلا ساقلىنىپ قالدى. كۆپلىگەن شەھەرلەر، يېزا- قىشلاقلار، تاغ خەلقلىرى مۇسۇلمانلار قولىغا ئۆتتى. قۇمۇلدىن باشلانغان ئىنقىلاب ئوتى بارغانسېرى كېڭىيىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە كەينى- كەينىدىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى، ھۆرلۈك، مۇستەقىللىق دەۋاسى ھەممە جاينى قاپلىدى. ئىسلام تۇغى كۆكتە جەۋلان قىلىپ، جەڭ- كۈرەشنىڭ قازىنى قايناپ تاشتى. بۇ ئارىلىقتا خوتەن خەلقى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. قوزغىلاڭ غەلىبە قىلىپ، مۇجاھىدلار خوتەننى ئازات قىلدى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرگە ياركەنتكە يۈرۈش قىلىپ، ئۇ يەرنىمۇ خىتايلاردىن تازىلىدى. بۇنىڭغا ئۇلگۈرۈپ كاشغەرمۇ قوزغالدى ھەمدە تولۇق غەلىبىگە مۇيەسسەر بولدى. كاشغەر ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق جايلار مۇجاھىدلار، ئىنقىلابچىلار، زىيالىيلارنىڭ پائالىيەت مەركىزىگە ئايلاندى، كاشغەردە زور داغدۇغا بىلەن «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نامى ئاستىدا رەسمىي دۆلەت قۇرۇلدى. (بۇلار ئورنى كەلگەندە تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ.)

## ئىختىلاپ دەۋرى

ئىنقىلابنىڭ پارلاق نەتىجىسى بىلەن ۋەتەندە خىتاي قالمىدى، قالدى دېگەندىمۇ، ئۈرۈمچىدە بىر ئاز خىتاي مەۋجۇد بولۇپ، ئۇلار خىتاي ۋالىسى جىڭ شۇرېننىڭ ئىدارىسىدە تۇراتتى. تۇڭگانلارنى مۇسۇلمان دەپ بىلگەن خوجا نىياز ھاجىم ۋە ئۇنىڭ قوماندانلىرى ئۇلارنىڭ ئەھدۇ- پەيمانلىرىغا ئىشىنىپ، ئارىدا ئىتتىپاق تۈزۈپ بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇ ئىككى كۈچنىڭ بىرلىشىشى بىلەن تەڭ جەڭلەردە خىتايلار تەكرار مەغلۇپ بولىدۇ. ئىتتىپاقلاشقان ئىككى تەرەپ نۇرغۇن غەنىمەتلەر، ئولجىلارنى قولغا چۈشۈرۈپ خېلى كۈچلىنىپ قالىدۇ. خىتايلار بولسا بارغانسېرى ئاجىزلىشىدۇ. دەل شۇ پەيتتە جىڭ شۇرېن ھۆكۈمىتى بىلەن سوۋېت ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا مۇزاكىرىلەر باشلىنىپ، ئىككى ئارىدا بىر سودا كېلىشىمى تۈزۈلىدۇ. كېلىشىم بويىچە، ئۈرۈمچىدىكى خىتايلار سوۋېت تەرەپنىڭ تۈرلۈك ماددىي، مەنىۋى ياردەملىرىگە ئېرىشىدىغان بولىدۇ.

www.uyghurweb.net

ئۇرۇمچىگە موسكۋادىن تۇرلۇك كەسپىي ماھارەتلەرنى ئۆگىنىدىغان تېخنىكلار ۋە 80 دىن ئارتۇق ھەربىي ئىشلار بويىچە يېتەكچى ئوفىتسېر كەلتۈرۈلۈپ، جىلك شۈرىن ھاكىمىيىتىنىڭ ئاساسى كۈچەيتىلىدۇ. ھەرخىل ماددىي ياردەملەر، ھەربىي كۈچلەر، قورال- ياراقلار كۆپلەپ ئاشۇرۇلىدۇ. شۇ چاغلاردىن باشلاپ ئۈرۈمچىدىكى خىتاي قىياپىتىدە كۆرۈنىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى رۇس سولداتلىرى بولۇپ قالىدۇ. بۇ چاغدا جىلك شۈرىن خوجا نىياز ھاجىم بىلەن تۇڭگانلارنىڭ ئارىسىنى بۇزۇشقا ھەرىكەت قىلىپ، قولىدىن كەلگەنلا چارىلەرنى ئىشقا سالىدۇ ۋە ئاخىرى بۇ مەقسىتىگە يېتىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي تۇڭگانلار ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى ۋەدىلىرىنى بۇزىدۇ. قۇمۇل ۋە گۇچېڭدا بولغان ئۇرۇشتا خىتايلار مەغلۇپ بولىدۇ. كۈتۈلمىگەن يەردىن ئولجا ئېلىنغان قورال- ياراق، ئوق- دورىلار ئورتاق تەقسىم قىلىنماستىن ماجۇڭيىڭنىڭ بۇيرۇقى بىلەن گەنسۇغا توشۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مافۇيەن، ماجەنساڭ قاتارلىق تۇڭگان قوماندانلىرى خوجا نىياز ھاجىدىن يۈز ئۆرۈيدۇ. ماجۇڭيىڭ (گاسىلىڭ) نىڭ بۇ خىيانىتى خوجا نىياز ھاجى ۋە ئۇنىڭ يولداشلىرىغا بەكمۇ ئېغىر كېلىدۇ. شۇ سەۋەب بىلەن بۇ ئىككى ئىتتىپاقداش بىر بىرىگە قاتتىق دۈشمەن بولۇپ كېتىدۇ. باشتا بۇ يەرگە سىڭىنىپ كەلگەن تۇڭگانلار ئەمدىلىكتە بۇ يەردە خىتايلارنىڭ ئورنىغا ھاكىم بولۇپ چىقىپ شەرقىي تۈركىستانغا يالغۇز ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلىش مۇددىئاسىنى ئوچۇقتىن- ئوچۇق داۋراڭ سېلىشقا باشلايدۇ. بۇ ئەسنادا خىتايلار ئىككى يۈزلىمە سىياسەت قوللىنىپ بىر تەرەپتىن تۇڭگانلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇلارغا: «سىلەر تۇڭگانلار بىلىملىك، ھەربىي ئىشلارغا ماھىر، چىن ۋە ياپونىيىدە ھەربىي تەلىم ئالغان قابىلىيەتلىك قوماندانلىرى بار بىر باتۇر مىللەتسىلەر، سىلەردە شەرقىي تۈركىستاننى ئىدارە قىلىشقا يېتەرلىك قابىلىيەت بار، بىزدىن قانچىلىك ياردەم سورىساڭلار بىز ياردەمگە تەييار» دەپ ئۇلارنى خوجا نىياز ھاجىلارغا قارشى قۇتراتسا، خوجا نىياز ھاجىملارغا رەسمىي ۋە غەيرىي رەسمىي يوللار بىلەن: «سىزلەر بولساڭلار بۇ يۇرتنىڭ ئۆز ئىگىسىدۇرسىلەر، تۇڭگانلار بولسا گەنسۇدىن كەلگەن بىر سىڭىندى- كەلگۈندى قەۋم، ئۇلارنىڭ بۇ يەردە تۇرۇشقا ھەققى يوق، سىلەر بولساڭلار يەرلىك قەھرىمان مىللەت، ھۆكۈمەت تۇتۇشقا سىلەر لايىق كېلىسىزلەر، شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر بوش كەلمەڭلار» دەپ بۇلارنى قۇترىتىپ، ۋەدە ئۇستىگە ۋەدىلەرنى قىلىپ بۇلارنىڭ قويىنىنى خام ياڭاق بىلەن تولدۇرىدۇ. بۇ چاغدا خوجا نىياز ھاجىم بىرلا ئاندا ھەم تۇڭگانلارغا ھەم خىتايلارغا قارشى كۈرەش قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. دەل شۇ چاغدا جىلك شۈرىن موسكۋادىن كەلگەنلەرنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن جىلك، غۇلجا ئالتاي ۋىلايىتى قاتارلىق جايلاردىن يىغىپ كەلدۇق، دەپ مىڭدىن ئارتۇق رۇس ئەسكەرنى ئۈرۈمچىگە كەلتۈرۈپ ئۇلارنى «ئاق ئورۇس» دەپ ئاتايدۇ. شېڭ ئىسملىك (شېڭ شىسەي- ت) بىر خىتاينى بۇلارغا زېخۇي (قوماندان) قىلىپ قويىدۇ. شېڭ زېخۇي قول ئاستىدىكى بۇ رۇس ئەسكەرلىرىنى ئىشقا سېلىپ تۇرپان، پىچانلاردا ۋەھشىيانە قىرغىنچىلىق، بۇلاڭ- تالاڭلارنى ئېلىپ بارىدۇ. تۈركىستاننىڭ تارىخى دۈشمىنى بولغان بۇ رۇسلارنىڭ ئەل- يۇرتنى خاھلىغانچە بۇلاپ- تالاپ، ئوت قويۇپ، ئۆلتۈرۈپ، تالان- تاراج قىلىپ قىلمىغىنى قالمايدۇ. مەزكۇر ۋىلايەتلەرنىڭ ھەربىر يېرىدە بۇزغۇنچى كامار، رۇس ئەسكەرلىرىنىڭ قولى بىلەن، خىتاي قوماندانلىرىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بولۇۋاتقان زۇلۇم ۋە زوراۋانلىقلار چەكتىن ئاشىدۇ. خوجا نىياز ھاجىم بولسا پۈتۈن كۈچىنى توپلاپ بىرىنچى دۈشمەن بولغان خىتايلار بىلەن ئۇرۇش قىلغاچ يەنە بىر تەرەپتىن تۇڭگانلار بىلەن پىچاقلىشىپ، گاھ غالىب بولۇپ، گاھ مەغلۇپ بولۇپ يۈرگەن شۇ كۈنلەردە كاشغەر ۋە خوتەن ۋەزىيىتى تۆۋەندىكىچە كەچمەكتە ئىدى.

خوتەندە قوزغىلاڭ

قوُمۇلدىن باشلانغان ئىنقىلاب ئاقسۇ، كۇچار، قارا شەھەرلەرگىچە كېڭەيدى. بۇ كاتتا ھادىسە ئالتە شەھەرگە خۇددى چاقماق سۈرئىتىدە تەسىر كۆرسەتتى. بۇنداق بىر ئۇلۇغ پۇرسەتنى كۆپتىن بىرى كۈتۈپ تۇرغان خوتەن خەلقى 1933- يىلى قوزغىلاڭ كۆتۈردى، قوزغىلاڭچىلار خوتەن ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق جايلاردا مىللەتنى خىتايلا بولغان ئادەمنى ئۆلتۈردى، بۇ ئىنقىلاب نەتىجەسىدە خىتايلار ۋە ئۇلارنىڭ تەرەپدارى بولغان تۇڭگانلار خوتەندىن، ئۇنىڭدىن كېيىن ياركەنتتىن قوغلاپ چىقىرىلدى، قېلىپ قالغانلىرى بولسا ئۆلتۈرۈلدى، بىر بۆلۈكلىرى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ خوتەن تېررىتورىيىسىدىكى مۇسۇلمان خىتايلارغا ئامانلىققا بېرىلىپ، زىممىيلەر قاتارىدا مۇئامىلە قىلىندى. يەكۈن: خوتەن بىر ئىسلام ھۆكۈمىتى بولۇپ مەيدانغا چىقتى، ياركەنت ئەسكى شەھەر (كونا شەھەر) ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلار خوتەن ئەمىرلىرىنىڭ قولىغا ئۆتتى.

## كاشغەردە باشلانغان ئىنقىلاب

شەرقىي تۈركىستان تۈركلىرىنىڭ ئويغىنىشى، مىللىي ھەرىكەتنى ئالدى بىلەن قۇمۇل خەلقىنىڭ غەيرەت ۋە پىداكارلىقى بىلەن مەيدانغا كەلدى. ئىنقىلابچىلارنىڭ باشلىقى خوجا نىياز ھاجىمنىڭ تۇڭگانلار بىلەن بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىشىنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە كۇچار شەھىرى ئىنقىلابچىلار قولىغا ئۆتتى، ئۇلار ئاخىرى ئاقسۇنىمۇ ئىشغال قىلىشقا مۇۋەپپەق بولدى. بۇ ھەرىكەتلەردىن ۋاقتى- ۋاقتىدا خەۋەردار بولۇپ تۇرغان كاشغەرنىڭ ئوچۇق پىكىرلىك، مۇنەۋۋەر كىشىلىرى يىغىلىپ «ئىستىقلال جەمئىيىتى» دېگەن بىر مەخپىي تەشكىلاتنى قۇردى. بۇ تەشكىلات شۇ زامان شارائىتىغا كۆرە يۇقىرى ئېھتىيات بىلەن ئۆز خىزمىتىگە كىرىشتى. تۆۋەندە بۇ جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ تىزىملىكى بېرىلدى:

1- ئەبۇلقاسىم ئاخۇن داموللامنىڭ ئوغلى زىيائۇددىن مەخدۇم
2- مۇھەممەد ھاجىم پالتا ئارتۇش
3- مەخدۇم زادە ئارتۇش
4- قۇتلۇق ھاجىم شەۋقىي
5- تۇرغۇن باي بەچچە رەھىمىي
6- ئەھمەد پاختا
7- ئابدۇللاھ خانىي
8- مۇھەممەد ئەمىن قارى سوفىيزادە
9- سىتىۋالدىجان
10- جەرنىل ساھىب(مۇھەممەد شەرىپخان)
11- مۇھەممەدجان داموللا ئوشلۇق
12- موللا ئىبراھىم ۋائىز
13- يۇسۇپ مۇزەپپەررزادە
14- تۇرغۇن ھەكىم مەرغىلانىي

بۇلاردىن باشقا ئۆز ئىسىملىرىنى پىنھان تۇتقان يۇرت چوڭلىرى، تىجارەتچىلەر، كاتىبلار، خادىملارمۇ بارئىدى. جەمئىيەت يىغىلىشى كاشغەر يارباغ دەرۋازاسىنىڭ تېشىدىكى مەلۇم ئۆيدە خۇپىيانە ھالدا

ئۆتكۈزۈلەتتى، ئەمما كۆندىلىك ئىشلارغا مەسئۇل ئەزالار ھاجىخانا ھۇجرىلىرىدىن بىرىدە تۇرۇپ، ئۆز خىزمىتىنى داۋاملاشتۇراتتى، كەمىنە مۇئەللىپمۇ شۇ ئەزالار جۈملىسىدىن ئىدىم. مەن ئادەتتە مۇسا ئەپەندى، دەپ چاقىرىلاتتىم.

## خوتەن ۋە ياركەنتتە بولغان ئىشلار

ئۇزۇن ئۆتمەي خوتەندە بولغان ئىنقىلاپ خەۋىرى يېتىپ، يىراقلارغا يۇر كەتتى، تارقالغان خەۋەرلەرگە كۆرە، خوتەندە بولغان ئىنقىلاب غەلىبە قىلغان، ئىنقىلابچىلار زەپەر ئۈستىگە زەپەر قازىنىپ ياركەنتكە يۈرۈش قىلغان ھەمدە ياركەنت كونا شەھىرىنى پەتھى قىلغاندىن كېيىن، يېڭى شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئالغان. يەنە بىر تەرەپتىن ئاقسۇدىكى مۇجاھىدلار كاشغەرگە قاراپ كېلىۋېتىپتۇ، دېگەن خەۋەرلەر تارقىلىدۇ.

شۇ چاغلاردا كاشغەر يېڭى شەھەردە تۇرۇۋاتقان ۋىلايەتلىك ھەربىي پىرقىنىڭ قوماندانى تېخى ئۇرۇش مەيدانىغا بارماي تۇرۇپ چىنلىقلارنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالىدۇ، ئۇنىڭ تەزىيە مۇراسىمىغا كاشغەردە تۇرۇۋاتقان خىتايلار، تۇڭگانلار ۋە باشقىلار قاتنىشىدۇ. ئۇندىن كېيىن ياڭ چىمىن (ياڭ دارىن) دېگەن بىر خىتاي ئۆلگەن پىرقە قوماندانى (سىجاڭ) نىڭ قارمىقىدىكى ئەسكەرلەرنى ئېلىپ ئاقسۇدىن ئىسلام ئېچىپ بۇ تەرەپلەرگە قاراپ كېلىۋاتقان مۇجاھىدلارنىڭ يولىنى توسۇش ئۈچۈن مارالبېشىغا قاراپ يولغا چىقىدۇ.

ئون سەككىز يىلدىن بىرى خىتايغا ساداقەت بىلەن ئىشلەپ كېلىۋاتقان كاشغەر ۋالىسى مادوتەي بولسا كاشغەر ئەتراپىدىكى ئەسكەرلەرنى توپلاپ، ياڭ چىمىنگە پات- پات ياردەمگە ئەۋەتىپ تۇرىدۇ. ھەر قېتىملىق ئەسكەر ئەۋەتىش بولغاندا شەھەر سىرتىدا بىر كۆرەك ئۆتكۈزۈلىدۇ، ئاندىن كېيىن ئەسكەرلەر ياۋاغ دەرۋازىسىدىن شەھەر ئىچىگە كىرىپ شەھەر ئىچىنى بىر ئايلىنىپ قۇم دەرۋازىسىدىن چىقىپ كېتىدۇ، بۇنداق قىلىش ئارقىلىق كىشىلەر كۆزىگە خىتاينىڭ ئاز ئەسكىرى كۆپ قىلىپ كۆرسىتىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئاپتاپنى ئېتەك بىلەن ياپقىلى بولمىغاندەك، كاشغەردىن بارغان خىتاي ئەسكەرلىرىنى ئەجدىھا كەبى يۇتۇپ تاشلاپ، ئۈزلۈكسىز ئالغا قاراپ يۈرۈش قىلىۋاتقان ئىسلام ئەسكەرلىرىنىڭ زەپەر ۋە نۇسرەتلىرىمۇ ھەممىگە ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. خىتاي ئەسكەرلىرىدىن يارىدار بولغانلارنى داۋالاش ئۈچۈن كاشغەردىن دوختۇر يىلاۋىنىكا ۋە ياردەمچىسى شاھى مەردان، دوختۇر ئاندىرسون بىلەن ئۇنىڭ خادىمى سەييىد ئاخۇنلاردىن بىر تېببىي ھەيئەت تەشكىل قىلىنىپ مادوتەينىڭ بۇيرۇقى بىلەن جەڭ مەيدانىغا ئەۋەتىلىدۇ. ئۇلار كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي مەغلۇپ بولغان خىتاي قوماندانلىرى بىلەن قايتىپ كېلىشىدۇ. بۇ ئارىدا خىتاي قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى ياڭ چىمىن جەڭدە پۇتىغا ئوق تېگىپ يارىدار بولۇپ، كاشغەرگە قايتىپ كېلىپ شىۋېتلەر دوختۇرخانىسىدا ياتىدۇ. بۇ ئىشلارنى ئاڭلىغان مۇسۇلمانلارنىڭ قۇۋۋەت ۋە شەۋكىتى كۈندىن كۈنگە ئېشىپ بارىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شادلىق، تەنتەنىلىرىنى مۇنداق بىر قوشاق بىلەن ئىپادىلىشىدۇ:

ئىسلام ئاچىلدى قۇمۇلدىن باشلاپ،
خىتايلار قاچتى خوتۇننى تاشلاپ.

ئىنقىلابنىڭ شىددەتلىك دولقۇنلىرىنىڭ تەسىرىدە خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ مەغلۇپ بولۇپ قايتىشى، خەلق راينىڭ يۈزدە يۈز مۇجاھىدلارغا تەرەپدار بولۇشى ما دارىنىنىڭ ھەممە ئويۇنلىرى ۋە تەدبىرلىرىنى كۆپۈككە ئايلاندۇرۇۋەتتى. شۇنداقتىمۇ مادوتەي تەقدىرگە تەن بەرمەي كاشغەردىكى موسكۋا مۇمەسسىلى

www.uyghurweb.net

(ۋەكىلى) گە سېغىنىپ، موسكۋا ئارقىلىق چىن موسكۋا نەنجىنگە ھال ئېيتىپ ياردەم سورىدى، نەنجىندىن كاشغەرگە ياردەم بېرىشنىڭ ئىلاجى يوق، دەپ جەۋاب تېلېگىراما كەلدى.

## مادوتەينىڭ يېڭى تەدبىرلىرى

مادوتەينىڭ مىللىتى تۇڭگان، ئۆزى مۇسۇلمان ھېسابلانغىنى بىلەن بىرىنچى دەرىجىلىك خىتايپەرەس ئادەم بولۇپ، ۋەتەنداشلارغا ئىچ- ئىچىدىن دۈشمەن ئىدى. ئۇ بۇ قېتىم ئاسانلىقچە جان بېرىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. مادوتەينىڭ قولىدا قورال- ياراق كۆپ ئىدى. ئۇ بۇنىڭ تۈرتكىسى بىلەن كاشغەر ئەتراپىدىكى قىرغىزلاردىن كۆپلەپ ئەسكەر قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى يېڭىدىن تەشكىللەنگەن ئالاي (باتالييون) تەركىبىگە كىرگۈزۈپ شىتەي يامۇلىغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن كاشغەرنىڭ بايلىرىنى، ئالىملىرىنى قېشىغا چاقىرتىپ، ئۇلارغا ئوچۇقلا: جاھان خەتەر ئىچىدە قالدى، خەلقنىڭ مال- مۈلكىنى زىياندىن ساقلاپ، شەھەرنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن مىللىي قوشۇن تەشكىل قىلىنىشى لازىم، بۇ ئىشنىڭ يۈكى سىلەردەك يۇرت كاتتىلىرىنىڭ زىممىسىگە چۈشىدۇ، دېگەن سۆزنى قىلىپ ئۇلارنى ئۈچ يۈز كىشىلىك بىر مىللىي قوشۇن تەشكىللەش ئىشىغا قايىل قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كاشغەرنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى چوڭ بايلىرىدىن ئىبراھىم ئاخۇن لوزۇڭ، ئابدۇررەھىم ئاخۇن بايبەچچە، مۇھىيىددىن جان باي قاتارلىقلار مىللىي قوشۇن تەشكىللەش ئىشلىرىغا جىددىي كىرىشىپ كېتىدۇ، بۇ ئىشنىڭ چىقىملىرىمۇ شۇلاردىن بولىدۇ.

مادوتەي بۇنداق بىر شەرەپلىك مىللىي خىزمەتنى يولغا قويغاندىن كېيىن، بۇ مىللىي ئەسكەرلەرنى تىزگىنلەش ئۈچۈن شەھەردىن، يېزىدىن بولۇپ، مەيلى مەنسەپدار، مەيلى باققال، مەيلى گىروكەش، مەيلى ئەفيۇنكەش بولسۇن نامى خىتايلا بولسا يېشى 13 ياشتىن 60 ياشقىچە بولغان 36 نەپەر خىتاينى يىغىپ كېلىپ بۇلارنىڭ ئاتا- بابىسىدىن مىراس قالغان ئۇزۇن كۆڭلەكلىرىنى سالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا كالتە كەمزۇل كىيدۈرۈپ، ئۇزۇن ئۆرۈلگەن ساچلىرىنى كەستۈرۈپ، نىل رەڭلىك ھەربىيچە كىيىم بىلەن ياساندۇرىدۇ، مادوتەي ھېچقانداق ھەربىي تەلىم كۆرمىگەن، يۈرۈش- تۇرۇشنى بىلمەيدىغان بۇ قارا پايىم خىتايلارنى كاشغەرنىڭ رەستە- بازارلىرىنى چارلاش خىزمىتىگە قويىدۇ. ئۇلار ھەر كۈنى دېگۈدەك كوچا ئايلىنىپ، مەشكە دەسسەپ خەلققە ھەيۋەت كۆرسىتىپ يۈرىدۇ، مادوتەي بۇ ئارقىلىق كىشىلەردە ھېلىقى مىللىي ئەسكەرلەرنى مۇشۇلار باشقۇرۇدىكەن، دېگەن چۈشەنچىنى پەيدا قىلماقچى بولىدۇ.

بۇ كۈنلەردە مادوتەي قىلغان يەنە بىر ئىش شۇ بولدىكى، ئۇ خوتەندە قۇرۇلغان ئىسلام ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچ ئۆتۈش ئۈچۈن، ئۆز ئەلچىسىنى خوتەن بىلەن سۆلھ تۈزۈشكە ئەۋەتىدۇ، بىراق بارغان ئەلچىلەر قوللىرىدا قىلىچ تۇتۇپ، قەدەملىرىدە قان كېچىپ يۈرۈپ جەڭ قىلغان، خىتاي ۋە خىتايچى قەۋملەرگە چىش، تىرنىقىغىچە ئۆچ خوتەن ھۆكۈمىتى تەرەپتىن ياخشى جاۋابقا ئېرىشەلمەي قايتىدۇ، مادوتەينىڭ شېرىن خىيالى سۇغا چىلىشىدۇ.

تۇرپاندىن چىققان مۇجاھىدلارنىڭ مارالبېشىغا كېلىپ، ئۇ يەرنى ئىشغال قىلغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر تارقىلىۋاتقان شۇ كۈنلەردە كاشغەردىكى ئەھۋال تۆۋەندىكىچە كەچمەكتە ئىدى، بولغان ۋەقەلەردىن ۋاقتى- ۋاقتى بىلەن خەۋەردار بولۇپ تۇرغان جەمئىيەت ئەزالىرى فەۋقۇلئاددە بىر يىغىن ئۆتكۈزدى. يىغىندا مادوتەينىڭ مەككارلىقىدىن كاشغەر ئەھلىنىڭ ئىسيان قىلىشىغا ئىمكان بولماي، ئۇلارنىڭ باشقا ۋىلايەتلەردىكىدەك مەيدانغا چىقالمايۋاتقانلىقى، بۇنىڭ ئۈچۈن جىددىي بىر چارە كۆرۈلۈشى كېرەكلىكىنى چۈرىدىگەن ھالدا قىزغىن تالاش- تارتىشلار بولغاندىن كېيىن ھەممىنىڭ بىردەك قارارى

www.uyghurweb.net

بويىچە ئەتەسى بامداتقا ئەزان ئېيتىلىش مەھەلىدە چىتەي ياموُلىدىكى قىرغىز ئەسكەرلىرى ئوُسمان ئەلىنىڭ قوماندانلىقىدا مادوتەيگە قارشى ئىسيان كۆتۈرىدىغان بولۇپ يېغىن يىپىلدى. پىلان بويىچە ئوُسمان ئەلى قوشۇنلىرىنى كاشغەردىن ئېلىپ چىقىپ ئارتۇشقا ئورۇنلاشتى ۋە ئاتۇشنىڭ چوڭ- كىچىكلىرىنى توپلاپ: «ھەممىمىز بىرلىكتە كاشغەرگە ھۇجۇم قىلىمىز، مادوتەينى تۇتۇپ ئاقسۇدىن كېلىدىغان خوجاملارغا تاپشۇرىمىز» دەپ پۈتۈن خەلقنى مادوتەيگە قارشى سەپەرۋەر قىلدى. بۇنىڭدىن غەيرەتكە كەلگەن ئامىنىڭمۇ بىر ئاغىزدىن: «ھازىر ئۇ تەرەپلەردىكى خەلقنىڭ ھەممىسى ئىسيانچىلارغا قوشۇلۇپ، يۇرتلىرىدا تولۇق ئىسلام ئېچىپ بولدى، ئۇنداق قىلالمىغان پەقەت بىزنىڭ كاشغەرلا قالدى، بۇنىڭ سەۋەبى مادوتەي بولسا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ سىزىقىدىن چىقمايۋاتىدۇ، بىزگە بۇنداق خىتايلىشىپ كەتكەن مۇسۇلمانىنىڭ كېرىكى يوق، ئۇ دوتەيلىكتىن ئىستىپا بەرسۇن، بىزگە ئىستىقلال كېرەك» دەپ نەرە تارتقان، «بۇ يولدا جان پىدا، مال پىدا» دەپ بولىشىچە تووۋلاشقان سادالار بازار- كوچىلارنى بىر ئالدى. ھەركىم قولىدا خوشى كەلگەن جىھاد ئايەتلىرى يېزىلغان ھەرخىل، ھەر رەڭدىكى بايراقلارنى كۆتۈرۈۋىلىشقان، كوچا- كوي، مەسچىت، رەستىلەردە گەپ- سۆزلەرنىڭ بەرى نەۋبەتدىكى ئىسيان ئىشىغا مەركەزلەشكەن، جاھان بىر كۈندىلا باشقىچە بولۇپ كەتكەن، خەلقنىڭ ئوي- پىكرى، يۈرۈش- تۇرۇشى ھېچ ئىلگىرىكىگە ئوخشىماس، ھەممە ئادەم بىرخىل شوخ، تېتىكلىشىپ كەتكەن، كۆڭۈللەر كەلگۈسى بەختىيار كۈنلەرنىڭ ئىنتىزارلىقىدا ھاياجان ۋە خۇشاللىققا تولغان ئىدى. شۇ كۈنلەردە ئىستىقلال جەمئىيىتىنىڭ بايرىقىغا ئەينى ئەھۋالنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە تۈرك شائىرى نامىق كەمالنىڭ بۇ شېئىرى يېزىپ قويۇلغان ئىدى:

ھەمىيەتلى ئولان مەزلۇمە ئەل چەكمەز مۇرۇۋۋەتتىن
كۆپەكدىر زەۋق ئالان سەيياد بىئىنسايە خىزمەتتىن
كەمەندى جان كۇزارى ئەژدەر قەھر ئولسە جەللادىن
مۇرەججەھ دەرىنە بىلگ كەررە زەنجىرى ئەسارەتتىن

تەرجىمىسى: جەسارەتلىك مەزلۇم مىللەت زۇلۇمغا قارشى كۈرەش يولىدىن يانمايدۇ. زالىمغا خىزمەت قىلىشتىن سۆيۈنۈپ يۈرگەن ئوۋچىنىڭ ئىتتىن پەرقى يوق. ماھىييەتتە، جەللاد قولىدىكى ئەجدىھا قەھرلىك جان ئالار سىرتماق قۇللۇق- ئاسارەت زەنجىرىدىن مىڭ ھەسسە ياخشىدۇر.

شەھەر خەلقىنىڭ بۇنچە تەۋرەپ، ھاياجانغا چۆمۈلگىنىدىن ئەندىشىگە چۈشكەن مادوتەي ئوسمان ئەلىگە ئۇنىڭ قايتىدىن شەھەرگە كىرىپ ئۆزىنىڭ باشقۇرۇشىغا بوي سۇنمىغاندىمۇ، مۇستەقىل ئىنتىپاقچى كۈچ سۈپىتىدە تۇرسا بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن دەرھال شەھەر چوڭلىرىدىن ئۈچ- تۆت كىشىنى قىممەت باھا سوۋغا- سالاملار بىلەن ئوسمان ئەلىنىڭ قېشىغا ئەلچى قىلىپ چىقارتىدۇ. گەرچە بۇ ئەلچىلەر ئارتۇشقا چىقىپ ئوسمان ئەلىگە بۇ تەكلىپنى يەتكۈزگەن بولسىمۇ، ئىستىقلال جەمئىيىتىنىڭ قارارى بويىچە، ئوسمان ئەلى مادوتەينىڭ بۇ تەكلىپىنى رەت قىلىدۇ. مادوتەي ئۇلارنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بۇ چارىدىن ئۈمىدىنى ئۈزىدۇ ۋە مۇشاۋىرى خەن دارىن بىلەن كېڭەشكەندىن كېيىن ئۆز بىخەتەرلىكى ھەمدە شەھەرنى ئىسيانچىلار ھۇجۇمىدىن قوغداپ قېلىش ئۈچۈن جەسۇر يىگىتلەردىن ئاتلىق قوشۇن تەشكىللەشكە كىرىشىپ كېتىدۇ. بۇ ئىشنىڭ ئىجراسى ئۈچۈن خەزىنىدىن يېتەرلىك مەبلەغمۇ ئاجرىتىلىدۇ. بۇ قوشۇن شۇ چاغلاردا يەرغانىدىن كاشغەرگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئۆزبېكلەردىن تەشكىل قىلىنىپ، جەرنىل ساھىب دېگەن ئادەم قوماندانلىقىغا قويۇلماقچى بولىدۇ. بۇنداق ياخشى پۇرسەتنى كۈتۈپ

تۇرغان ئىستىقلال جەمئىيىتىدىكىلەر تۆشۈك دەرۋازا سىرتىغا توپلانغان ئۆزبېك يىگىتلىرىنى سېپتۇالدىجان ئارقىلىق مادوتەيگە ئەسكەر قىلىپ كىرگۈزىدۇ. مادوتەي بۇ ئەسكەرلەرگە كۆل رەڭلىك ھەربىي پورما تارقىتىپ بېرىپ، يۈسۈپ جان ئىسىملىك بىرىنى باشلىق قىلىپ، ياﻣۇلغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن جەرنىل ساھىب قۇم دەرۋازىغا يېقىن بىر سارايىنى باش شتاپ قىلىپ، بىر ئاتلىق قوشۇن تەشكىل قىلدى، بۇ قوشۇنغا ھاجىخانىدا تۇرۇۋاتقان پەرغانەلىكلەردىن ئوقۇش- يېزىشنى بىلىدىغان، بىلىملىك كىشىلەردىن ئون ئىككى كىشى فىدائىيلىققا تاللاندى. سەمەئ جان قارى، جۆرە باي، يەھيا قارى دېگەنلەر ئەنە شۇلاردىندۇر.

بۇ ئاتلىق قوشۇن جەرنىل ساھىب نىڭ قوماندانلىقىدا ئافغانىستان ئارمىيىسىگە ئوخشاش توپا رەڭ ھەربىي فورما كەيىپ، ئافغان ھەربىي تۈزۈمى بويىچە مەشقلەندۈرۈلدى. ئۇلار پات- پات ياﻣۇلدا ياكى شەھەر ئىچىنى ئايلاندۇرۇپ پاراتتىن ئۆتكۈزۈۋۈلەتتى. جەرنىل ساھىبنىڭ ياخشى باشقۇرۇشى بىلەن بۇ ئاتلىق قوشۇن تېزلا كۆزگە كۆرۈنۈپ، مادوتەيگە ياراپ چىقتى. مادوتەيمۇ ئۇلارنىڭ سانىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن جەرنىل ساھىبقا تولۇق ھوقۇق بەردى. جەرنىل ساھىب ھەر جۈمە كۈنى ھېيتگاھقا كېلىشنى باھانە قىلىپ، قوشۇننى ئاﻣما كۆزىدىن ئۆتكۈزۈپ پارات قىلىشنى ئادەتكە ئايلاندۇردى. شۇنداق قىلىپ مادوتەينىڭ يېڭىدىن قۇرغان ئاتلىق ۋە پىيادە قوشۇنلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مۇكەممەل قوراللاندۇرۇلۇپ، كېچە- كۈندۈز مادوتەيدىن بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرىدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈلدى.

مىللەتنىڭ ئىنقىلابقا ھازىرلىنىشى ۋە مادوتەينىڭ ئىستىپاسى

شۇ چاغلاردا پەرغانىدىن كاشغەرگە كېلىپ قۇم دەرۋازا سىرتىدىكى تۈگمەن تېشى بازىرىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئابدۇررەھمان ئاكا بىلەن ئۇنىڭ يېقىنى ئىسلام بېك ۋە باشقا يىگىتلەر ئىستىقلال جەمئىيىتى تەرىپىدىن ئوسمان ئەلىنىڭ قوماندانلىقىغا تاپشۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن پەرغانىدىن كەلگەنلەرنىڭ بىر قىسمى شەھەر ئىچىدە مادوتەي قول ئاستىدا قالغان بولسا، يەنە بىر قىسمى شەھەر سىرتىدا ئوسمان ئەلى قوماندانلىقى ئاستىغا كىردى. بۇ كۈنلەردە مادوتەي قاتتىق جىددىيلىشىپ، ھولۇققان ئۆردەكتەك، ئىككى ياققا تەڭ سۇ ئۈزۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئۇ شەھەرنىڭ بايلىرىنى، تىجارەتچىلىرىنى ئوردىغا چاقىرتىپ، زىياپەتلەر بېرىپ، ئارقىدىن ئۇلارغا: «مەن خەلقنىڭ ئارزۇسىغا كۆرە، دوتەيلىك مەنسىپىدىن ئىستىپا بېرىپ، ئورنۇمغا كاشغەرنىڭ مەشھۇر ۋە نوپۇزلۇق كىشىسى بولغان ئۆمەر ئاخۇن باينى تەيىنلىمەكچىمەن.» دېدى. مەجلىس ئەھلى مادوتەينىڭ بۇ پىكرىنى بىردەك قۇبۇل قىلىشمىدى. بىر قاتار مۇزاكىرىلەردىن كېيىن مەجلىس ئەھلىنىڭ قارارى بويىچە مادوتەي ۋەزىپىسىدە ئولتۇرۇۋېرىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن مادوتەي كاشغەرنىڭ كاتتىلىرىنى تېگىشلىك سوۋغىلارنى ئېلىپ پەيزاۋاتقا بېرىپ كاشغەرگە قاراپ يولغا چىققان مۇجاھىد ۋە غازىلارنى كۈتۈۋېلىشقا ۋە ئۇلارنى كامالىي ئىززەت، ئېھتىرام بىلەن كاشغەر شەھەر ئىچىگە باشلاپ كىرىشكە چىقارتىشنى قارار قىلدى. مەجلىس ئەھلىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك مۇشۇ قارارغا كېلىشىپ سۆھبەتنى تامام قىلدى. ئەتىسى مادوتەي تەرىپىدىن ھېيتگاھ جامەسى چوڭ دەرۋازاسىنىڭ بېشىغا چوڭ خەتلىك قىلىپ قۇرئاندىكى رەھمان سۈرەسىنىڭ باشلامقى ئىككى ئايىتى يېزىلغان بىر مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى كاتتا بىر لەۋھە ئېسىپ قويۇلدى، ھېيتگاھ مەيدانى خۇددى بىر تاماشا سورۇنىغا ئوخشاش ئادەملەرگە لىق تولغان، ھەممىنىڭ كۆزى ئاشۇ لەۋھىدە قالغان ئىدى. شەھەر ئىچىدە يېڭى بىر ئۆزگىرىش، ھەممە ھاياجان ئىلكىدە كەلمەكچى بولغان مېھمانلار، غازىلارنىڭ ئالدىغا چىقىش تەييارلىقى بىلەن

www.uyghurweb.net

ئالدىراش، ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىدا: «مادارىن تەسلىم بولۇپتۇر، ئۇ ھازىر مۇجاھىدلارنى كۈتۈۋېلىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىشۇتىپتۇدەكمىش» دېگەن گەپلەر تارقىلىپ يۈرەتتى. قىسقىسى خەلق قاتتىق ھەيرانلىق ئىچىدە قالغان ئىدى.

مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چىقماقچى بولغان بۇ ھەيئەت شەھەر خەلقىدىن ئۈچ- تۆت كۈنلەپ ئىئانە توپلىدى، ئاندىن بۇ ئىئانىلەرگە مۇجاھىدلارغا ئاتاپ مەخسۇس كىيىم- كېچەكلەر ۋە سوۋغىلارنى تەييارلاپ يولغا چىقتى. شۇ كۈنلەردە جەمئىيەتنىڭ پائال (ئاكتىپ) ئەزالىرىدىن سېتىۋالدىجان پەيز ئابادتا ھاكىملىق ئۇستىدە ئىدى، بۇ كىشىنىڭ تەلىپىگە كۆرە، كاشغەر ھاجىخانىدىكى ئوقۇغۇچىلاردىن بەش- ئالتە كىشى جەمئىيەت نامىدىن يۇقىرىقى ھەيئەت بىلەن بىرگە ئەۋەتىلدى. كامال مەخدۇم كاسانى، يولداش قارى قاتارلىقلار ئەنە شۇلاردىندۇر. بۇ كۈنلەردە شەھەردىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى تۆت كۆزى بىلەن قوزغىلاڭ باشلىنىدىغان چاغنى كۈتۈۋاتقان بولسا، يەنە بىرلىرى مېھمانلارنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ تاقىتى تاق بولۇپ تۇرماقتا ئىدى. شەھەر ئىچىدىكى بىر ئوچۇم خىتايلار بولسا، مادوتەينىڭ قول ئاستىدا جان ساقلىماقتا ئىدى، مۇ شۇ كۈنلەردە خىتايلاردىن خېلى كۆپلىگەن ئادەم مۇسۇلمان بولدى، ئۇلار ھەر كۈنى كەلىمە تەيىيىبىنى ئۆگىنىش، ئوقۇش، يادلاش بىلەن مەشغۇل ئىدى. كۆپچىلىك خىتايلار قاتارى دۇجەنكومۇ پۈتۈن ئائىلىسى بويىچە ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، سەللە، تون كەيىپ مۇسۇلمان قىياپىتىگە كىرىپ، ئۆزى ۋە ئائىلە- ئەۋلادىنى ئامىنىنىڭ ئۆز- ئۆزىغا قېلىشتىن ساقلاپ قالدى.

كاشغەرگە قىلىنغان ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم

جەمئىيەت قارارىغا كۆرە، 1933- يىلى 2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى (سەيشەنبە) تاڭ ۋاقتى بىلەن ئوسمان ئەلى قوماندانلىقىدا ئارتۇش تەرەپتىن كەلگەن قىرغىزلار، ئارتۇشلۇقلار بىرلىرى مىلتىق، قىلىچلارنى، بىرلىرى پالتا- گۈرجەكلەرنى ۋە يەنە بىرلىرى يەئقۇببەگ دەۋرىدىن قالغان چوقۇما مىلتىق (قارا مىلتىق) لارنى كۆتۈرگەن ھالدا ئاتلىق، پىيادە بولۇپ كاشغەرگە ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم باشلىدى. «ئاللاھۇ ئەكبەر» ساداسى بىلەن تەڭ ھەر تەرەپتىن ئۇق ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى، مۇجاھىدلارنىڭ ئەتراپىغا توپلانغان خەلق تويى ئامىن، ئامىن دەپ تووۋلىشىپ ئۇلارغا مەنىۋى كۈچ ئاتا قىلماقتا ئىدى. خىتاي قوشۇنىغا خۇددى قويغا يۈگۈرگەن بۆرىگە ئوخشاش ھۇجۇم قىلىشۋاتقان بۇ مۇجاھىدلار كۆزگە كۆرۈنگەنلا خىتاي بولسا ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى. ئۇلار يارباغ دەرۋازاسىغا يېقىن بىر يەردىن سېپىلغا يېقىنلاشتى ۋە يان باغرىدىن سېپىل ئۇستىگە چىقىشقا تىرماشتى، باشتا ئاتلىقلار ئاندىن پىيادىلەر سېپىل ئۇستىگە چىقىپ ھەممىسى بىر ئاۋازدىن تەكبىر ئېيتىشتى. تەكبىر ساداسىنى ئىشىتكەن خىتاي ئەسكەرلىرى ئۆتى يېرىلغۇدەك قورقۇشۇپ تەسلىم بولۇپ، قول كۆتۈردى، قاچقانلىرى تۇتۇلۇپ قىلىچتىن ئۆتكۈزۈلدى، قىلىچتىن ئۆتكۈزۈلمەي قالغانلار، پوتەي ئىچىدىكى خىتايلار ئەسىرگە چۈشتى.

ھۇجۇمچى يىگىتلەر سېپىل ئۇستىدىن ئات چاپتۇرۇپ يارباغ دەرۋازىسىنىڭ ئۇستىگە كەلگەن ئەسنادا، ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھۇجۇم پىلانى بويىچە شەھەر ئىچىدىكى مادوتەي قوشۇنىدىكى فەرغانىلىك ئەسكەرلەر قوراللىق ھالدا ئوردىدىن چىقىپ ئۇدۇل كېلىپ يارباغ دەرۋازىسىدىكى خىتاي قاراۋۇللارنى ئۆلتۈرۈپ دەرۋازىنى مۇجاھىدلارغا ئېچىپ بەردى. ئىچكىرىدىن فەرغانىلىك ئەسكەرلەر، سىرتتىن ئاتۇشتىن كەلگەن كۈچلەرنىڭ ئۇتۇقلۇق بىرلىشىپ جەڭ قىلىشى، خەلقنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللاپ- قۇۋۋەتلىشى ئارقىسىدا شەھەر ئاخىر قولغا كەلدى.

www.uyghurweb.net

ھەر تەرەپتىن قىلىنغان ھۇجۇملار نەتىجىسىدە شەھەر دەرۋازەلىرىنىڭ تولۇق ئېچىلىپ بولغانلىقىنى كۆرگەن مۇسۇلمان خىتايلار (شۇنىڭ ئالدىدا مادوتەيىنىڭ باشلامچىلىقى بىلەن مۇسۇلمان بولۇپ، ئىسىملىرىنى ئىسلام ئاخۇنغا ئۆزگەرتىشكەن خىتايلار) نىڭ كۆپچىلىكى ئۆيلىرىدە ساقلاۋاتقان قوراللىرىنى ئېلىپ چىقىپ مۇجاھىدلارغا قارىتىپ ئوق چىقىرىشقا، قىلىچ چېپىشقا باشلاپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇرتەد بولۇشقانلىقلىرىنى ئىسپاتلاشتى. بۇنى كۆرگەن، بىلگەن شەھەر خەلقىنىڭ قانى قىزىپ، خىتاي دېگەن بەرىبىر خىتاي، قارا خىتاي مۇسۇلمان بولماس، قىرى دۈشمەن دوست بولماس، دېيىشىپ، مەيلى چوڭدۇر، مەيلى كىچىكتۇر نەدە خىتاي بولسا ئامان قويمىدى. بۇتخانىلار بۇزۇپ تاشلاندى. مۇسۇلمان بولغان خىتايلارنىڭ دىندىن يېنىۋېلىشى نەتىجىسىدە شەھەر ئىچىدىكى گۆرۈۋكەش خىتايلاردىن تارتىپ بارچە خىتايلار تۇتۇلۇپ ئۆلتۈرۈلدى، ئۆيلىرى، ماللىرى تالاندى، تىرىك قالغانلىرىمۇ ئېغىردىن ئېغىر تاياققا تۇتۇلدى، نەدە خىتاينىڭ ئۆيى بولسا شۇ يەرگە بەش بارماقتەك مىغ- مىغ ئادەم توپلانغان، ئۇر خىتاينى، سۇر خىتاينى، سۆرەپ چىق، ئۆلتۈرمەي قويما، دەپ بولۇشچە ۋارقىراۋاتقان ئاۋازلار ھەممە يەردە ئاڭلىناتتى.

كاشغەر ئېلىنغان كۈنى ئۇر- ئۇر، سۇر- سۇر بىلەن بىلەن كۈن ئۆتتى، ئەمدى شەھەر پۈتۈنلەي مۇجاھىدلار قولىغا ئۆتتى، ئۇلارنىڭ قولىغا ئۆتمىگەن پەقەت مادوتەي قامىلىپ تۇرغان دوتەي يامۇلى قالغان، مۇجاھىدلار بۇ يەرنى تۆت تەرەپتىن مۇھاسىرىگە ئېلىپ، ئوققا تۇتۇپ مادوتەي ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەپ تۇراتتى. مادوتەيمۇ بوش كەلمەستىن، يامۇلنىڭ تاملىرى ۋە بۇرج (پوتەي) لىرىگە خىتاي ۋە تۇڭگانلاردىن بولغان تەرمە ئەسكەرلىرىنى چىقىرىپ ئاخىرقى تىنىقى قالغۇچە ئېلىشىشقا بەل باغلىغان ئىدى.

## كاشغەردە تۇنجى دوختۇرخانىنىڭ قۇرۇلۇشى

نەچچە ئايلاردىن بىرى مۇشۇ پەتەھ كۈننى تۆت كۆز بولۇپ كۈتۈپ شەھەرنىڭ سىرتىدىكى ھاجىخانىدا يېتىپ قوپۇپ كېلىۋاتقان ئىستىقلال جەمئىيىتى ئەزالىرىدىن خانىي ئەپەندى ۋە بۇ سەھىپەلەرنى قارا بوياپ تۇرغۇچى كەمىنە ئىككىمىز پۇرسەتتىن فايدىلىنىپ يارباغدىكى خىتاي زامانىدا باجخانا قىلىنغان جاينىڭ قارشى تەرەپىگە جايلاشقان باغ- ۋارانلىق، ئۆيلىرى كۆپ، كەڭرى مەيدان- سەينالىرى، چوڭ- چوڭ ئامبارلىرى بار بىر قورۇنى ھويلىسى بىلەن قوشۇپ ئېلىپ دوختۇرخانا قىلىپ ئۆزگەرتتۇق. بىز ئالدى بىلەن كوچىلاردا، سېپىل ئاستىدا، شەھەر ئىچىدە ئوق تېگىپ يىقىلغان، ئاھ- ۋاھ بىلەن پەرياد قىلىپ ياتقان يارىدارلارنى خەستە خانىغا ئېلىپ كەلدۇق. مەجرۇھلار ئالدى بىلەن يەرگە ياتقۇزۇلدى، بىر تەرەپتىن ياغاچچى ئۇستىلارنى چاقىرىپ چارپايە (كارىۋات) لەرنى ئەتتۈردۇق. يارىدارلارنى داۋالاش، يارىلىرىنى تېڭىش ئۈچۈن شۇ چاغدا كاشغەردە تۇرۇۋاتقان تۇرغۇن ھەكىمنى ئەكەلدۇق. ئۆيلەردىن، ھاجىخانىدىن كارۋاتلارنى كەلتۈرۈپ، يارىدارلارنى ياتقۇزدۇق، ھەكىم ئىسپىرت، پاختا، يود، خىن ئاسپىرىن، يودا فورم دېگەن دورىلارنى ئۆز ئۆيىدىن ئەكېلىپ ئۇلارنىڭ يارىلىرىنى تاڭدى. مەنمۇ ئەندىجان كوچاسىدىكى بەززازلىق (گەزمالچىلىق) دۇكانىمدىن شىفاخانىغا كېرەكلىك گەزلىمە، بىگىز، داكا، كىرلىكلەر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاغان زۆرۈر نەرسىلەرنى تېزلىكتە كەلتۈردۈم. يارىدارلارنى كارۋاتلارغا ياتقۇزۇپ ئارام ئالدۇرغاندىن كېيىن، بارا- بارا ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئېچىلىپ، يۈزلىرىگە كۆلكە يۈگۈرگەندە بىزنىڭمۇ يۈزىمىزگە كۈلكە يۈگۈرۈپ، ئۇلارنىڭ خەتەر چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ قالغىنىغا چەكسىز شادلاندۇق ۋە بۇ كۈنگە ئېرىشتۈرگەن جەنابى ئىگىمىزگە مەدھىيە، ئالقىشلارنى ئېيتتۇق. شۇنداق قىلىپ ئاللاھنىڭ سۆزىنى ئۈستۈن قىلىش يولىدا

كۆكرەكلىرىنى ئۇققا تۇتقان فىدائىيلاردىن خەستەخانىغا كەلتۈرۈلگەن يارىدارلارنىڭ شۇ كۈنكى سانى ئون سەككىزگە يەتتى، بىز ئۇلارنىڭ ھەممىسگە تېگىشلىك دەۋالاشلارنى ئېلىپ باردۇق. شۇ كۈنى شام نامىزىدىن كېيىن يارىدارلارنىڭ ئاتا- ئانىلىرى، ئاكا- ئۇكىلىرى ئۇلارنى ئىزدەپ خەستە خانىغا كېلىپ، يارىدارلارنىڭ تىنچ ئارام ئېلىۋاتقانلىقلىرىنى كۆرگەندە ئۇلار خوشلىقنى باسالمىغان ھالدا كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىشتى، ئۇلار ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ بىزنىڭ قولىمىزدا قۇتقۇزۇپ قېلىنغانلىقىنى بىلىپ ھەققىمىزدە ساناپ تۈگەتكۈسىز دۇئايى خەير (ياخشى تىلەك) لەرنى تىلەشتى. ئەتىسى ئەندىجان كوچىسىدىكى مەسجىددىن تاشكەنتلىك مۇھىيىددىن مەخدۇم دېگەن ماھىر دوختۇرنى چاقىرىپ كەلدۇق، ئۇ تۇرغۇن ھەكىم بىلەن بىرگە يارىدارلارغا قارىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي شىفاخانىمىزنىڭ مۇھتىمۇ كۆپ ياخشىلىنىپ، يورۇق، ئازادە، پاكىزە ھالەتكە كەلتۈرۈلدى، يارىدارلار سانىمۇ يۈزدىن ئاشتى. تاماق ئېتىش، قورو ئىچىنى رەتلەش، كۆزەتچىلىك، تازىلىق، ئورۇن- كۆرپىلەرنى تۈزەش، كىرلىكلەرنى، بالىش (ياستۇق) لارنى تىگىشتۈرۈش، ئاغرىقلارغا قاراش قاتارلىق ئىشلار ئۈچۈن بەش- ئالتە ئادەم سەپلەندى. ئاغرىقلار ياتاقخانىسى (بالنىست) دىكى ھەر ئىككى كارىۋاتنىڭ ئارىلىقىنى بىردىن ئىشكاپ، ئورۇندۇق قويۇپ بىزىدۇق. داۋاملىق كىر يۇيىدىغان ئىككى ئايال خىزمەتكە ئېلىندى. دەۋالاش ئۈستىدە ئۆلۈپ كېتىدىغانلارنى بىر ياقلىق قىلىش ئۈچۈن ئابدۇللاھ ھاجى ئىسىملىك بىر ئادەم قويۇلدى. دېمەك، دوختۇرخانىمىز ئابدۇللاھ خانىي ئەپەندىنىڭ قارىشىچە، تاشكەنت شىفاخانىسىدىن، مىنىڭ قارىشىمچە، كابۇل شىفاخانىسىدىن قېلىشمىغۇدەك دەرىجىدە دەۋرنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدىغان بىر شىفاخانىغا ئايلاندى.

شىۋېتلاردىن دوختۇر ئاندىرسۇن، ئاق ئورۇسلاردىن دوختۇر يىلاۋنىكا، ئەنگلىيە ئەلچىخانىسىدىن دوختۇر شىمىدت، سىۋېتلەر ئەلچىخانىسىدىن ئايال دوختۇر سىسىايوۋا قاتارلىقلار شىفاخانىنىڭ ئۆز دوختۇرلىرى بولغان تۇرغۇن ھەكىم، مۇھىيىددىن مەخدۇم، شەھەر ئىچىدىن بىر گىرىك دوختۇر (ئىسمىنى ئۇنۇتۇپ قەپتىمەن) لار بىلەن بىرلىكتە شىفاخانىنىڭ ھەرقايسى خىزمەتلىرىگە ئاكتىپ ماسلىشىپ، قاچان ئىش چىقسا شۇ چاغ ھازىر بولۇپ، ئاغرىقلارنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئالدى. ئېغىر كېسەللەر، بولۇپمۇ ئوپېراتسىيە قىلىنىدىغان كېسەللەر كەلگەندە دوختۇرلار ئۆز ئارا گۇرۇپپىلىشىپ بىرلەشمە تەشخىس (دىئاگنوز) قويۇش ۋە داۋالاش ئېلىپ باردى.

## ھاياتنىكى ماددىي ۋە مەنىۋىي لەززەت

ھاياتتا لەززەت مۇنداق ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ دېيىشىدۇ: بىرى ماددىي لەززەت، بۇنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىنىڭ جىمائ (جىنسىي يېقىنچىلىق) ئىكەنلىكىگە ھەركىم قايىل بولسا كېرەك. ئىككىنچىسى مەنىۋىي لەززەتتۇر. بىلىمدار ۋە ئەقىلدارلارنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرى بىردەك ئەمەس. بىرى بۇ مەنىۋىي لەززەتنى بايلىق، باياشاتلىق دېسە، يەنە بىرى ئىززەت، ھۆرمەت دەيدۇ، بىرى كەيفۇ- سەپا، خۇشال- خۇراملىق دېسە، يەنە بىرى بىلىم، ھۈنەر دەيدۇ، يەنە بىرلىرى بولسا، مەنىۋىي لەززەتنىڭ ئەڭ يۇقىرىسى دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشتۇر، دەيدۇ. بىزنىڭ بۇ تەبىرلەردىن پەقەت بىرىنىلا قوللاپ، قالغانلىرىنى يوققا چىقىرىش سالاھىيىتىمىز يوق. ئەمما قىرى دۈشمەن، ئەسكى (كونا) دۈشمەن - ختايلارغا غالىب بولۇشتىكى لەززەتنىڭ خۇشلۇقى باشقا ھەرقانداق ماددىي لەززەتتىن ئۈستۈن كەلدى. مەن شۇ چاغلاردا ئەمدىلا 28 ياشقا كىرگەن، يېڭى ئۆيلەنگەن يىگىت ئىدىم، ھايات يولدىشىم 14 ياشلاردىن ئاشقان ئىدى. ئادەتتە، ئائىلەم بىلەن كۆرۈشۈش مۇمكىنچىلىكى بولماي، ھەپتىلەر، ئايلار ئۆتۈپ كېتەتتى. شۇنداقتىمۇ يۇرتداشلارنىڭ غەلىبە

www.uyghurweb.net

شادلىقدىن راھەتلىنىشلىرىگە ئەگىشىپ مەنمۇ راھەتلىنىپ قالار ئىدىم. كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلەپ، بىر ياندىن جان، بىر ياندىن قان بېرىپ، پۇل- ماللىرىمنى چىقملاپمۇ يەنە چارچىمايتتىم، ئىشقا تويماس ئىدىم. يەنە شۇنىڭ بىلەن بىرگە تۆت ئورۇندىكى (شىفاخانا، مائارىپ نازارىتى، مالىيە نازارىتى، باش ۋەكىل مەھكىمىسىدىكى) ۋەزىيپەمنىڭ ھۆددىسىدىنمۇ چىقىپ ئۈلگۈرەتتىم.

شۇنداق قىلىپ، شىفاخانىنى قۇرغانلار بۇ قۇرلارنى يېزىپ تۇرغۇچى كەمىنە ئاجىز بەندە بىلەن خانىي ئەپەندى ئىككىمىز بولدۇق. مېنىڭ شىفاخانىنىڭ ئىشلىرىغا جان كۆيدۈرۈپ كېلىۋاتقان خانىي ئەپەندىدىن ھېچ ئارقىدا قالغۇم كەلمەيتتى. كېچە- كېچىلەپ ئىشلەپ كېتەتتىم، شۇ يەردە ئۇخلايتتىم، ئۇرۇش بولۇپ قالغان كۈنلىرى شىفاخانا خادىملىرىنىڭ تەلەبلىرىنى ئاقساتماي ئورۇنداپ بېرەتتىم. بۇ قىزغىنلىق، بۇ ھىرىپ- چارچىماسلىقنىڭ سەۋەبىنى بىلەمسىز؟ بۇ ئەلۋەتتە دۈشمەننى مەغلۇپ قىلغانلىقىمىزنىڭ خۇشلىقى- لەززىتىدىن بولۇۋاتاتتى. مانا بۇ ھەققانىيەتنى ئۈستۈن قىلىش نىيىتى بىلەن مەيدانغا ئاتلىنىپ چۈشۈپ، جەنابى ھەق ئاتا قىلغان زەپەر ۋە نۇسرەتنىڭ ھۇزۇر- ھەلاۋىتى بىلەن ئاللاھ بىر ماددىي لەززەتلەرنىڭ ئارقىغا تاشلىنىپ قالغانلىقىنىڭ يارقىن دەلىلى ئەمەسمۇ؟ كەمىنە غايەت قىزغىنلىق بىلەن ئىشلەپ، زادىلا ئىشتىن چارچاپ قالمىغان بولساممۇ، بىراق، كۆتۈلمەگەندە ئاغرىپ قالدىم. ئاغرىپ 26 كۈن بولغاندا ئۆيگە قايتىپ كىردىم. بىر نەچچە كۈنلا ئارام ئېلىۋالغاندىن كېيىن يەنە ئىش ئورنىغا چىقىپ كەتتىم. شۇ يوسۇندا 19 كۈن ئۆتكەندە ئىككىنچى قېتىم ئۆيگە قايتىپ ئارام ئېلىشقا پۇرسەت بولدى. شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللىي ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشى ئەنە شۇنداق تىنىمسىز چېلىشىش، تىرىشىش، پىداكارلىق بىلەن ئىشلەپ ئۇيقۇ- ئارامنى ھەرام قىلىش بەدىلىگە ئىشقا ئاشتى.

## تۆمۈر غازىنىڭ كاشغەرگە كېلىشى

كاشغەر شەھىرى مۇجاھىدلار قولىغا ئۆتۈپ تۆت، بەش كۈن ئۆتكەندە تۆمۈر لۈيجاڭ ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىنىڭ كاشغەرگە يېقىنلىشىپ قالغانلىق خەۋىرى كەلدى. شۇنىڭ بىلەن 1933- يىلى 5- ئاينىڭ 2- كۈنى شەھەرنىڭ بارلىق كاتتىلىرى، يۇرت مۆھتەرەملىرى شەھەر سىرتىغا چىقىپ، ئۇلارنى تېگىشلىك تەنتەنە، داغدۇغا بىلەن كۈتۈۋالدى. تۆمۈر غازى مەھمۇدخان باي بەچچەنىڭ بېغىغا قارارگاھ قۇردى. ھەمدەم بەگ ھاجىم، ئەلى ھاجىم، ھامىدخان تېگجاڭ ۋە باشقا ھەمراھلىرى ئەتراپتىكى ئايرىم سارايلارغا ئورۇنلاشتى. ئاقسۇ ۋە كۇچارنىڭ يۇرت بېشىغا ئايلانغان تۆمۈر غازى كاشغەرگە كەلگەندىن كېيىن، بۇ شەھەرنى ئىدارە قىلىش ھوقۇقى پۈتۈنلەي ئۇنىڭ قولىغا مەركەزلىشىپ، پەرمان، بۇيرۇقلار « ئەمىرۇلمۇئمىنىن» (مۇئمىنلەرنىڭ باشلىقى) تۆمۈر غازى نامىدىن تارقىتىلىدىغان بولدى. بىر ھەپتىدىن كېيىن، ئۈزۈندىن بۇيان تۆمۈر غازى بىلەن ھەمكارلىشىپ جەڭ قىلغان تۇڭگان ئەسكەرلىرىنىڭ باش قوماندانى مازىخۇي (ماجەنساڭ) قوشۇنلىرى بىلەن كاشغەرگە يېتىپ كەلدى. تۆمۈر غازى ئۇلارنى ئۆز ھىمايەسىگە ئالدى، شۇنىڭ بىلەن مۇجاھىدلار بىلەن تۇڭگانلار ئارىسىدا توقۇنۇش بولماي، ئىككى ئارىدا ئىتتىپاقلىق ئورنىتىلدى. بۇ كۈنلەردە پەيزاۋاتتا ھاكىم بولۇپ تۇرۇۋاتقان ساتىپ ئالدىجان سەپداشلىرى بىلەن كاشغەرگە كەلدى. ئۇ تۆمۈر غازىنىڭ زور ئىلتىپاتىغا ئېرىشىپ، شەھەر مۇھاپىزى (ساقچىلار باشلىقى) لىق مەنسىپىگە تەيىنلىنىپ، ھەيتگاھتىكى كېسەك سارايغا ئۆز ئىدارىسىنى قۇردى.

## مىللەت مەجلىسىنىڭ قۇرۇلۇشى

www.uyghurweb.net

شەھەر مۇھافىزى ساتىپ ئالدىجاننىڭ ئالدى بىلەن قىلغان ئىشى جەمئىيەت ئەزالىرىدىن بولغان زىيالىيلارنىڭ تەشەببۇسى ئارقىسىدا كاشغەرنىڭ بايلىرى، نوپۇزلۇق كىشلىرى بىلەن كېڭىشىپ، تۆمۈر غازىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن جايلاردىن كەلگەن ۋەكىللەر، بولۇپمۇ، ئاقسۇ، كۇچار، تورپان، قارا شەھەرلەردىن قوشۇن باشلىقى سۈپىتىدە كەلگەن ئەلەم ئاخۇنۇم ۋە ھەمدۇللاھ ئاخۇنۇم قاتارلىق مىللەت سەرخىللىرىنىڭ قاتنىششى بىلەن كاشغەردە مىللەت مەجلىسىنى ئۇيۇشتۇردى. تۆمۈر غازى باشلىق بىر بۆلۈك ھەربىي قوماندان، مەمۇرلار مىللەت مەجلىسىنىڭ  فەخرىي ئەزاسى بولدى. قالغان ئەزالار ئىستىقلال جەمئىيتىنىڭ ئىلگىرىكى بارلىق ئەزالىرى، كاشغەر، ئارتۇشنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئۇقۇمۇشلۇقلىرى، مۇنەۋۋەرلىرىدىن تەركىب تاپتى. مىللەت مەجلىسىنىڭ قارار قىلىشى بىلەن تۆمۈر غازىنىڭ ئىلگىرىكى لۈيجاڭلىق ئۇنۋانى سىجاڭلىق ئۇنۋانىغا، ئوسمان ئەلىنىڭ لىيەنجاڭلىق ئۇنۋانى لۈيجاڭلىققا ئۆستۈرۈلدى. داموللا شەمسۇددىن ئاخۇنۇم كاشغەرنىڭ ھاكىملىقىغا سايلاندى. سابىق ۋالى مادارىننىڭ ۋالىلىقى ئېلىپ تاشلىنىپ، ۋالى (دوتەي) لىقىقا يۇنۇسبەگ سايلاندى، مادارىننىڭ ۋالىلىق خىزمىتى ۋە مۇھۆر (ۋالىلىق تامغۇسى) نى تېزدىن يۇنۇس بەگكە تاپشۇرۇپ، ئۆزى خاھلىغان بىر جايدا ئەركىن ياشسا بولىدىغانلىقى كەسكىن قارار قىلىندى. مىللەت مەجلىسىنىڭ بۇ رەسمىي قارارى بارچىگە يارىغان بولسىمۇ، لېكىن، مادوتەي بۇ قارارنى قوبۇل قىلمىدى. بۇنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى كاشغەرنىڭ يۇقىرى قاتلامدىكى كاتتا، نوپۇزلۇق ئادەملىرى مادوتەينى قوللايتتى. يەنە بىرى يېڭى شەھەردە تۇرۇۋاتقان مازىخۇي قوماندانلىقىدىكى تۇڭگان كۇچلىرى مادوتەيگە يان بېسىۋاتاتتى. مادوتەينى قوللاۋاتقان كاشغەرلىكلەر بولسا، مادوتەي كاشغەر ئەسكى شەھەردە بۇرۇنقىدەك دوتەي بولۇپ قېلىۋېرىشى، تېڭجاڭلار ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇشى، تۇڭگانلار يېڭى شەھەردە تۇرۇشى، ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى ھەممە تەرەپ ئۆز ئارا ئىتتىپاقلىشىپ يۈرگۈزۈشى كېرەك، دېگەن تەلەپتە ئىدى. ئەمەلىيەتتە، مادوتەينىڭ ئىلگىرىكى يۇرت باشقۇرۇشى، يۇرت چوڭلىرى ۋە بايلار ئالدىدىكى ياخشىچاقلىقى، ئۇنىدىن باشقا جۇ دوتەي (جۇرۇيچى) دىن كېيىن يۇز بەرگەن بىر قاتار ئىشلار كاشغەردىكى بايلار، تىجارەتچىلەرنى مادوتەيگە مايىل قىلىپ قويغاندەك قىلاتتى. بۇنىدىن باشقا سەۋەبلىرىنى مۆھتەرەم ئوقۇرمەنلىرىمىز ئۆزلىرى بىلىۋالغاي.

مادوتەينىڭ تەختتىن چۈشۈپ، يۇنۇسبەگنىڭ ۋالى بولۇشى

مادوتەي مىللەت مەجلىسىنىڭ قارارنى قوبۇل قىلمىغاندىن كېيىن، مىللەت مەجلىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن جىددىي ھازىرلىق كۆرۈلۈپ، پەيشەنبە كۇنى سەھەر پەيتىدە مۇجاھىدلار دوتەي يامۇلىنى مۇھاسىرىگە ئالدى. يەنە بىر تەرەپتىن بارلىق سارايلاردىكى تۇڭگان ئەسكەرلىرىنى تۇتۇپ قورالسىزلاندۇردى.

شۇ كۇنلەردە  تۆمۈر سىجاڭ سىتىۋالدىجاننىڭ دەرىجەسىنى ئۆستۈردى ھەمدە يىگىتلىرىنى  كۆپەيتىپ، ئۆزبېك قوشۇنى تەشكىللەشكە رۇخسەت بەردى. بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن سىتىۋالدىجان تېزلىك بىلەن ھەرىكەت قىلىپ ھاجىخانا ۋە باشقا جايلاردىكى مۇھاجىرلارنى ئەتراپىغا توپلاپ ھەممىسىنى قوراللاندۇرۇپ، پەرمانىغا ھازىر ھالەتكە كەلتۈردى. مادوتەينى مۇھاسىرىگە ئېلىشقا بۇ يېڭى ئۆزبېك ئەسكەرلەرمۇ قاتناشتى. شۇ كۇنلەردە ئۆزبېكلەر زور پىداكارلىقلارنى كۆرسەتتى. ئۆزبېكلەر قوشۇنىدىكى قازى ئەسكەر (قوشۇن قازىسى) مۇھەممەدجان ئاكا ئات ئۈستىدە ئەسكەرلەرنى ئايلىنىپ يۈرۈپ ئۇلارنى جەڭگە

ياخشى قىلىشقا ئىلھاملانـدۇرۇپ يـالقۇنلۇق نۇتـۇقلارنى سـۆزلەيتتى. شـۇ كـۈنى بولغـان جەڭـدە ئـۇ ئـۆز كـۈچى بىـلەن تۇڭگـانلاردىن يەتـتە تـال ئـالتە ئاتـار يـاپون مىلتىقنـى ئولجا ئالـدى. باشـقا ئۆزبېـك يىگىتلىرىنىـڭ كۆرسەتكەن ھەممەتلىرى مانا شـۇنىڭغا قىياس قىلىنغاي. بـۇ كـۈنكى جەڭ قـاتتىق بولـدى. ئۆزبېـك، قىرغىـز ئەسكەرلىرىنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمى مادوتەي قوشۇنىنى خىلى بەك ھالسىراتتى. نەتىجـدە، مـازىخۇي ئارىغا چۈشـۈپ مـادوتەيىنى مىلـلەت مەجلىسىنىڭ قـارارىنى قوبـۇل قىلىـشقا كۆنـدۈردى. مـادوتەيمۇ تۇڭگانلارنىـڭ ھەربىـي ۋە مـۈلكىي خـادىملىرىنى يىغـى شـەھەردە تۇرغـۇزۇش تەلىپىنـى قويـدى. تۆمـۈر سـىجاڭ ئۇنىـڭ بـۇ تەلىپىنى قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مادوتەي يامۇلنى بوشىتىپ بېرىپ، نەقد (نەق) پـۇل ۋە باشـقا پۇللـۇق، باھالىق نەرسىلەرنى مەپىلەرگە بېسىپ، سەمەندىكى ئىبراھىم لوزۇڭنىڭ بېغىغا چىقىپ كەتتـى. 1933ـ يىلـى 5 ـ ئاينىڭ 2 - كۈنى تۆمۈر سىجاڭ يامۇلغا تەنتەنە بىلەن كىرىپ كەلـدى. يۇنـۇس دارىنمـۇ ئـۆز مۇئـاۋىنلىرى، قول ئاستىدىكىلىرى بىلەن دوتەي يامۇلغا كىرىپ مەنسىپكە مۇناسـىۋەتلىك تـامغۇلارنى ۋە دۆلەتـكە ئالاقىـدار ئارخىپ، ھۆججەتلەرنى تاپشۇرۇپ ئىلىپ شۇ كۈندىن باشلاپ ئۆز خىزمىتىگە كىرىشىپ كەتتى.

## تۆمۈر سىجاڭ زامانىدا بولغان ئىشلار

مۇستەبىت چىن ھۆكۈمىتىگە ئون سەككىز يىل ساداقەت بىـلەن خـىزمەت قىلغـان، مۇجاھىـدلارغا قارشـى ئـۇرۇش قىلغـان دۈشـمەن مـادوتەيگە تۆمـۈر سـىجاڭ ۋە ئۇنىـڭ نىزامـۇددىن ئەپەنـدىنى ئـۆز ئىچىـگە ئالغـان مەسلىھەتچىلىرى تەرىپىدىن ئازاتلىق بېرىلىپ سەمەندىكى باغقا قويۇپ بېرىلدى. تۆمۈر سـىجاڭنىڭ پەرمـانى بىلەن ئوسمان ئەلى لۈيجاڭلىق ئەملىگە مۇناسىپ ھالـدا شـەھەر ئىچىـدىكى شـەتەي يامۇلىغا ئورۇنلاشـتى. ھامىد تېڭجاڭ، ھەمدەمبەگ ھـاجىم، ھـاپىز تېڭجـاڭ ۋە باشـقا قومانـدان، ئوفىتسـىرلار ئـايرىم- ئـايرىم جايلارغا ئورۇنلاشـتى. تۆمـۈر سـىجاڭ ئەسـكەرلىرىنىڭ سـانى ۋە دەرىـجە پەرقـىگە قـاراپ قوماندانلىرىنىڭ دەرىـجە، ئەمەللىرىنى ئۆستۈردى. شۇ قاتاردا سىتىۋالدىجانىڭمۇ ئەمەلى ئۆسـتۈرۈلدى. ئۇنىـڭ ئەسكەرلىرىگە بىـر خىـل پاسۇندا كالتە كەمزۇل، شىم تارقىتىپ بېرىلدى. باشـقا تېڭجاڭلارغـا ئوخـشاش سـىتىۋالدىجانمۇ ئـۆز قوشـۇنىنى كۈچەيتىـپ ئۇلارنىـڭ سـانىنى 300 نەپەردىــن ئاشـۇردى. ئـۇ ئەسـكەرلىرىگە جەڭ ماھـارەتلىرىنى ياخـشى ئـۆگەنلىتىپ، ئۇلارنى ھەپتىدە ئىككى قېتىم بازار- رەستىلەرنى ئايلاندۇرۇپ مەشىكە دەسسىتىپ تۆمـۈر سـىجاڭغا سالام بەرگىلى يامۇلغا كىلىپ، سالامدىن كېيىن يەنە قارارگاھىغا قايتار ئىدى.

## ۋالى يۇنۇس بەگ قىلغان ئىشلار

يىغى ۋالى يۇنۇسبەگ مۇئاۋىنى ئابدۇررەھمان ئەپەندى بىلەن بىرگە تۆمـۈر سـىجاڭ رەھبەرلىكـى ئاسـتىدا يىغى خىزمىتىنى باشلىۋەتتى. ئۇنىڭ ۋالىلىققا ئولتۇرۇپ بىرىنچى بولـۇپ قىلغـان ئـىشى مائارىـپ ئىدارىـسىنى قۇرۇپ چىقىشقا بۇيرۇق بېرىش بولدى.

مائارىپ ۋە ئەۋقاف ئىشلىرى مۇدىرلىقىغا ئابدۇلكەرىم خان مەخـدۇم دېـگەن كـىشى قويۇلـدى. ئىككىنچـى قىلغان ئىـشى كاشـغەر ئىـشغال قىلىنغـان كـۈنى قۇرۇلغـان دوختۇرخـانىمىزنى، ئۇنـدىن كېيىنـرەك ئېچىلغـان «قىزىل ھىلال ئاي» جەمئىيىتىنى رەسمىي ئېتىراپ قىلىپ دۆلەتلىـك ئورگـان قىلىـپ بېكىتىـشى بولـدى. شـۇ كۈنلەردىن باشلاپ يۇرت خېلى تىنچىپ قالغانـدەك بولـدى. كاشـغەر كونـا شـەھىرىدە ھەممـە دېگـۈدەك ئـازادە كەيپىيات، ئەركىن ئوي- پىكىرگە ئىگە بولـۇپ، بـارلىق سـاھەلەردىكى خـىزمەتلەر كىچىنـى كۈنـدۈزگە ئـۇلاپ

www.uyghurweb.net

جىددىي ئىشلەنمەكتە ئىدى. بۇ يەرگە كەلگەندە شۇكۇنلەردىكى ۋەزىيەتنى بىر ئاز بايان قىلىپ ئۆتۈش پايدىلىق كۆرۈلدى. ئالدى بىلەن قوي پوستىغا ئورۇنىۋالغان بۆرە بولۇۋېلىپ بىزگە دوست بولۇپ كۆرۈنگەن تۈگۈگانلار توغرۇلۇق توختىلىمىز.

تۆمۈر سىجاڭ بىلەن مازىخۇيىنىڭ كېلىشمى بىلەن مادوتەي دوتەيلىكتىن قالدۇرۇلۇپ يامۇلدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئەركىنلىشىپ قالغان مازىخۇيلار يېڭى شەھەرگە چىقىپ كېتىشتى. مازىخۇيلار تۆمۈر سىجاڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، دوستانە زىيارەتتە بولۇپ قايتقان چاغلىرىدا لوزۇڭنىڭ بېغىدا تۇرۇۋاتقان مادارىنىمۇ يوقلاپ، سۆھبەت قىلىپ يېڭى شەھەرگە چىقىپ كېتەتتى. ئۇلارنىڭ بۇ خىل ھەرىكەتلىرىگە تۆمۈر سىجاڭ نېمە ئۈچۈندۇر دىققەت قىلمايتتى.

## كاشغەردىكى مائارىپ ئىشلىرى

مائارىپ مۇدىرى ئابدۇلكەرىمخان مەخدۇم ئەتراپىدىكى جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ياردەملىشىشى بىلەن بىرىنچى قىلىپ كاشغەر نوربېشىدىكى بۇتخانىنىڭ بىر قىسمىنى بۇزۇپ، قايتىدىن ياساپ دارۇلمۇئەللىمىنگە ئۆزگەرتتى. بىر كۈنى شەھەر ۋە شەھەر ئەتراپىدىن نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار يىغىپ كېلىنىپ، كاتتا داغدۇغا بىلەن دارۇلمۇئەللىمىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. مۇراسىمغا تۆمۈر سىجاڭ ۋە ئۇنىڭ مۇئاۋىنلىرى، ۋالى يۇنۇس بەگ ۋە ئۇنىڭ مۇئاۋىنى بىلەن بىرگە باشقا چوڭ - كىچىك ھەربىي قوماندانلار، شەھەرنىڭ بايلىرى، تىجارەتچىلىرى، ئالىملار، ئاخۇنلار، ئەدىبلەر، زىيالىيلار، ئىلغار كىشىلەر ۋە باشقا ئالاقىدار ئادەملەر بولۇپ، نۇرغۇن ئادەم قاتناشتى. مەجلىس سۆزگە چىققانلارنىڭ تەسىرلىك سۆزلىرى، ياخشى تەشۋىق، يولىيورۇقلىرى بىلەن چىرايلىق ئۆتكۈزۈلۈپ، خەيرلىك دۇئالار بىلەن ئاياغلاشتى (ئەپسۇسكى شۇكۈنكى پائالىيەتكە ئالاقەدار ماتېرىياللار، گېزىتلەر ھازىر قولىمىزدا بولماي قالدى). ئەتىسىدىن باشلاپ مۇئەللىملەرگە دەرس ئۆتۈلۈشكە باشلىدى. ئۇندىن كېيىن مائارىپ ئىدارىسىدە بىر ئىلمىي ھەيئەت تەشكىل قىلىنىپ ئۇنىڭغا بىر - ئىككى خىل گېزىت ۋە ھەرخىل مەجمۇئەلەرنى چىقىرىش، تارقىتىش ئىشى تاپشۇرۇلدى.

دارۇلمۇئەللىمىن بىناسىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتى مائارىپ ۋە ئەۋقاف ئىدارىسىنىڭ خىزمەت ئورنى قىلىپ بېلگىلەندى. ئىلمىي ھەيئەت ئۈچۈنمۇ مەخسۇس ئىشخانا بېرىلدى.

بىر كۈنى مائارىپ ئىدارىسى مۇدىرىنىڭ نامىدىن ئىلمىي ھەيئەتكە ھەيئەتنىڭ بارلىق ئەزالىرىنىڭ يىغىنغا كېلىشى ئۇقتۇرۇلغان بىر چاقىرىق خېتى كەلدى. كەمىنە ئۇ چاغدا دوختۇرخانىدا بولغاچقا يىغىنغا كېچىكىپرەك يېتىپ باردىم. بىرىپ كۆپ ئۆتمەي مۇدىرمۇ كەلدى. قارىغاندا مەسلىھەتلىشىدىغان بىرەر مۇھىم ئىش باردەك قىلاتتى. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر توپ كۈل رەڭلىك سىتىن (لەمبۇغ) تۇراتتى. مەجلىس باشلىنىشى بىلەن ئابدۇلكەرىمخان مەخدۇم ماڭا قاراپ شۇنداق دېدى: «ئەپەندىم ئوبدان كەلدىڭىز، بىزلەر دارۇلمۇئەللىمىن ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۈستىبېشىنى كەمزۇل، شىم بىلەن ئاق سەللىدىن قىلىشنى ئويلاشقان ئىدۇق. بۇنى شۇنىڭغا ئىشلەتكىلى ئېلىپ كەلگەن» دەپ ئوتتۇرىدا قويۇقلۇق لەمبۇغقا ئىشارەت قىلدى ۋە ماڭا: «بۇ ھەقتە ئۆزلىرىنىڭ پىكرى قانداق؟» دېدى. مەن ئۆزۈمنىڭ كېچىكىپ قالغانلىقىمغا كەچۈرۈم سورىغاندىن كېيىن: «ئەھلى مەجلىسنىڭ قارارىچە بولسا بولغۇدەك، بىزمۇ بۇنىڭغا قوشۇلىمىز» دېدىم. بىراق مۇدىر بۇ گەپ بىلەن بولدى قىلماي يەنىلا ئۆز پىكرىمنى بىلدۈرۈپ بېقىشىمنى تەلەب قىلىپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن مەن: «قارارىدىن كېيىن پىكر بايان قىلىش ئاقىلانە ئىش ئەمەس، شۇنداقتىمۇ ئۆز پىكرىمنى دەپ بېقىشىم كېرەك بولسا، مېنىڭ پىكرىم، بۇ ئىدارە مائارىپ ئىدارىسى، ئىلمىي ھەيئەت مەجلىسىدە

ئۇيۇشتۇرۇلۇۋاتقان بۇ ئىش مىللەتنىڭ كۈچ- قۇدرىتىگە مۇناسىۋەتلىك بىر ئىش، شۇڭلاشقا بۇ ئىشتا مىللەتچىلىك نوقتىئىينەزەرىدىن سۆز ئېچىش ئورۇنسىز ئەمەس» دەپ ئوتتۇرىدىكى گەزلىملەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ شۇنداق دېدىم: «بۇ گەزلىمە كۆپ ياخشى ئىكەن، چىرايلىق ئىكەن. ئەمما شۇغىنىسى چەت ئەلنىڭ ملى. سوۋېتتىن كىرگەن قىممەت پۇللۇق ماللاردۇر. مېنىڭچە كاشغەرنىڭ ئۆزىدە يۇرتداشلىرىمىز قولىدا توقۇلغان چەكمەنلىك (خام) نىڭ بىرىنچى خىلىدىن ئېلىپ ئۇنى بوياقچىلىرىمىزغا مۇۋاپىق رەڭدە بوياتساق؛ مانا شۇلارنى ئىشلىتىپ ھەر بىر ئوقۇغۇچىغا ئۆلچەپ كىيىملەر تىكىلسە تېخىمۇ ياخشى بولماسمۇ؟ شۇنداق بولغاندا مىللىي سانائىتىمىزنىمۇ قەدىرلىگەن بولىمىز. چۈنكى پاختا، يىپ توقۇش، بوياش، يىپنى ئىگىرىش، تىكىشلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىمىزدىن بولۇپ، پۇل ياتلارنىڭ چۆنتىكىگە چۈشۈپ كەتمەيدۇ» دەپ سۆزۈمنى ئاياغلاشتۇردۇم. ئابدۇلكەرىم مەخدۇم بۇ سۆزۈمنى قىزغىن ئالقىشلىدى، شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن بۇ گەپكە كۆنۈپ، لەمبۇغنى قايتۇرۇۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا چەكمەنلىكتىن كەمزۇل قىلىشقا كېلىشتى ھەمدە بۇ ئىش شۇنداق ئەمەلىيلەشتى.

## دوختۇرخانا ۋە قىزىل ھىلال ئاي جەمئىيىتى

شۇ كۈنلەردە ۋالى يۇنۇس بەگنىڭ پەرمانى بىلەن قىزىل ھىلال ئاي جەمئىيىتى بىلەن دوختۇرخانا ۋە يېڭىدىن قۇرۇلغان شىفاخانىنى باشقۇرۇش ئىشى ئابدۇللاھ خانىي ئەپەندى بىلەن ماڭا تاپشۇرۇلدى. بىز ئىككىمىز كېچىنى كۈندۈز قىلىپ تىرىشىپ ئىشلىدۇق. قىزىل ھىلال ئاينىڭمۇ خىلى داڭقى چىقىپ قالدى. دوختۇرخانىنىڭ ئىشلىرىمۇ يۈرۈشۈپ تۇردى. بىر كۈنى سوۋېت ئەلچىخاناسىدىكى قىزىل كىرىست دوختۇرخانىسىدىن سىسيايوۋا دېگەن دوختۇر ئايال تاجىكىستانلىق قاسىمۇپ ۋە موسكۋالىق بىر ئورۇس بىلەن بىر پەيتۇندا، ئۇندىن باشقا يەنە ئىككى رۇس يەنە بىر پەيتۇندا ئولتۇرۇپ دوختۇرخانىغا كىرىپ كەلدى. ئۇلار بويۇنلىرىغا بىر قانچە ئاپپارات، ئۈسكۈننى ئېسىۋېلىشقان ئىدى. دوختۇر سىسيايوۋا بىز بىلەن كۆرۈشكەندە ئۇلارنى ئەلچىخانا ئۆزىگە قىتىپ قويغان ياردەمچىلەر، دەپ تونۇشتۇردى. ئۇلار كېلىپلا پەيتۇنلىرىدىن بوقچىلارنى چۈشۈرۈشۈپ ئۇلارنىڭ قىزىل كىرىست جەمئىيىتى ھەدىيە قىلىپ ئەۋەتكەن چايشاپ، بالىش (ياستۇق)، ئۇن سابۇن (سوپۇن) قاتارلىق نەرسىلەرنىكەنلىكىنى، ھەر بىر ئاغرىققا بىر جۈپتىن چايشاپ، بىر داندىن بالىش، بىر خالتىدىن ئۇن سابۇن تەقسىملەنگەندە بۇ ھەدىيە بويۇملىرىنىڭ 110 ئادەمگە يېتىدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. دوختۇرخانا باشلىقلىق سۈپىتىم بىلەن بۇ ھەدىيىلەرنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارغا مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈردۈم. بوقچىلار ئېچىلىپ نەرسىلەر بىمارلارغا تارقىتىلىۋاتقاندا شىفاخانا خادىملىرىدىن بۇ كەلگەن روسلارنىڭ ئىش- ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ تۇرغان بىرسى ماڭا قاسىمۇپ بىلەن بىرگە كەلگەن روسلارنىڭ يوچۇن بىر ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى دېدى. مەن دەرھال سىسيايوۋاغا: «ئادەملىرىڭىز نېمە ئىش قىلماقچى؟» دېدىم. ئۇ: «سۈرەت ئالماقچى بولسا كېرەك» دېدى. مەن: «بۇ يەردە ھەرقانداق بىر سىياسىي ھەرىكەت بولۇشقا يول قويۇلمايدۇ. بولۇپمۇ سۈرەت ئېلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. ئەگەر جەمئىيىتىڭلار نامىدىن كەلتۈرگەن بۇ ھەدىيىلىرىڭلار شىفاخانا ۋە ئۇنىڭدىكى بىمارلارنى رەسىمگە ئېلىش ئۈچۈن بولغان بولسا، ھىلال ئەھمەر جەمئىيەتى بۇنداق ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ. ھەدىيىڭلار قايتۇرۇۋېتىلىدۇر، بىزنىڭ قوبۇل قىلىدىغىنىمىز شەرتسىز ھەدىيە» دېدىم. دوختۇر سىسيايوۋانىڭ نەزاكەتلىك بىر كۆز ئىشارىتى بىلەن قاسىمۇپ باشلىق ئۈچ رۇس رەسىم ئېلىشتىن توختىدى. دوختۇرنىڭ بىز بىلەن قىلىدىغان باشقا رەسمىي ئىشلىرى ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئادەملىرىنى ئېلىپ خوشلىشىپ ماڭدى.

شۇنىڭدىن كېيىن دوختۇر سىسيايوۋا ھەپتىدە ئىككى- ئۈچ قېتىم دوختۇرخانىمىزغا كېلىپ يارىدارلىرىمىزغا قارىشىپ بېرىپ قايتىدىغان بولدى. ھەر كەلگىنىدە ئۆزى بىلەن بىرگە بىرەر روسنى ياكى ھېلىقى قاسىمۇپ دېگەننى ئېلىپ كېلەتتى. ئۇلار كەلگەندە باشقىلار ئولتۇرسىمۇ دوختۇر سىسيايوۋا دوختۇرخانا خادىملىرى بىلەن بىللە ئىشلەپ كېتەتتى. ئىش تۈگىگەندە بولسا ئىشخانىغا كىرىپ دوكلات بىرىۋېتىپ قايتىپ كېتەتتى. ھىلال ئەھمەر بىلەن سەلىب ئەھمەر ئارىسىدا يەنە بىر يوچۇن ئىش يۈز بەردى. بۇ ئۆز ئورنى كەلگەندە بايان قىلىنىدۇ.

## قىزىل ھادىسىسى

تۆمۈر سىجاڭنىڭ كاشغەردىكى ھۆكۈمدارلىقى خوتەن مۇجاھىدلىرىنىڭ ياركەنت كونا شەھىرىنى مۇھاسىرىگە ئالغان چاغلىرىغا توغرا كەلدى. ختايلار ۋە تۇڭگانلار تەسلىمگە كۆنمىگەنلىكتىن ياركەنت مۇھاسىرىسى ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كەتتى. ئاخىرى تۇڭگانلار خوتەنلىكلەر بىلەن ئۆزلىرى ئارىسىدا بولغان بىر سۆھبەت بويىچە ياركەنتنى خوتەنلىكلەرگە بوشىتىپ بىرىدىغان بولۇپ، بارلىق قوشۇنى بىلەن بالا- چاقىلىرى، قورال- جابدۇقلىرى ۋە باشقا تاپقان- تەرگىنىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ ياركەنتتىن ئېلىپ چىقىپ كېتىپ ئۇدۇل كاشغەرگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار مۇشۇ يۈرگىنىچە بېرىپ كاشغەردىكى تۇڭگانلارغا قېتىلماقچى بولغان ئىدى. چاپار (خەۋەرچى) ئارقىلىق بۇ خەۋەر كاشغەرگە ئاڭلاندى. كاشغەردىكى دۆلەت كىشىلىرىنىڭ باش قوشۇشى بىلەن ياركەنتتىن كاشغەرگە قاراپ كېلىۋاتقان تۇڭگان ۋە ختاي ئەسكەرلىرىنىڭ يولىنى توسۇپ دۈشمەنلەرنى ئۆزئارا بىرلەشكىلى قويماسلىق پىلان قىلىنىدى. تۆمۈر سىجاڭنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئۇلارنى كاشغەر يېڭى شەھەرگە كەلتۈرمەي تۇرۇپ يولدا بولسۇن، چۆلدە بولسۇن تەلتۆكۈس ئۇجۇقتۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن ئەھمەدخان تىڭجاڭ قاتارلىق قوماندانلار باشچىلىقىدا قوشۇن ماڭدۇرۇلدى. سېتىۋالدىجانمۇ ئۆز يىگىتلىرى بىلەن بۇ قوشۇنغا قېتىلىپ ھەممە بىرلىكتە ياركەنتكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. مۇجاھىدلار يېڭىساردىن ئۆتۈپ قىزىلغا بارغاندا ختاي- تۇڭگانلار بىلەن ئۇچراشتى. ئاللاھ ئەكبەر نەرىسى بىلەن تەڭ دۈشمەنگە دەھشەتلىك ھۇجۇم باشلاندى. ئەجەل بازىرى قىزىپ، ئىككى تەرەپ بىر - بىرىگە كىرىشىپلا كەتتى. بۇ جەڭ مەيدانى گوياكى ئوغۇل ئاتىغا، ئاتا ئوغۇلغا باقمايدىغان مەھشەر مەيدانىغا ئوخشاغان ئىدى. دۈشمەنىنىڭ يۈك- تاقلىرى ئېغىر بولۇپ، قېچىش ئىمكانى يوق ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئىلاجسىز ھۇجۇمغا ھۇجۇم بىلەن تاقابۇل تۇرۇشتى. مۇجاھىدلار كۆپ بولۇپ، ھەممە ياخشى قوراللانغان ئىدى. ئۇلارنىڭ غالىب بولۇشى ئۈچۈن ئاللاھ مەدەتكار ئىدى. ئۆلگەنلەر ئۆلۈپ، قالغانلار قالدى. مۇجاھىدلار غەلىبە قىلىپ دۈشمەنلەر مەغلۇپ بولدى. خوتۇن- قىزلىرى ئەسىر چۈشتى. ئەركەكلىرى قىلىچتىن ئۆتكۈزۈلدى. مۇجاھىدلار بولۇشىچە ئولجىلارنى ئېلىپ زەپەر- ئۇتۇقلار بىلەن كاشغەرگە قايتتى. ياركەنت تۇڭگانلىرىنىڭ بۇ مەغلۇبىيىتى كاشغەردىكى تۇڭگانلارنى قاتتىق ساراسىمىگە سېلىۋەتتى. بۇ كىشىلەر ئۇنتۇيالمايدىغان بىر ھادىسە بولۇپ تارىخقا يېزىلدى.

## تۆمۈر سىجاڭنىڭ بوشاڭلىقى ۋە رەقىبلىرىنىڭ قۇۋۇلۇقى

مىللەت مەجلىسىنىڭ قارارىغا كۆرە، تۆمۈر سىجاڭغا ئەسكىرىي ئىشلارنى باشقۇرۇش ھوقۇقىلا بېرىلگەن بولسىمۇ، ئۇ بەزىدە مۈلكى ئىشلارغىمۇ ئارىلىشىپ تۇردى. ئاقسۇدىن ئائىلىسىنى كۆچۈرۈپ كېلىش ئۈچۈن ئېھتىياجدىن ئارتۇق ئەسكەر ئەۋەتىشى، كۆن بويى ئويۇن- تاماشاغا بېرىلىپ ھەربىي ئىشلاردا ئەستايىدىل

www.uyghurweb.net

بولماي، مۇھىم ئىشلاردا بىپەرۋالىق قىلىشىدەك بىر قاتار يارىماسلىقلىرى ھەرقايسى دۆلەت كىشلىرىگە ياقمىدى. گويا كى ئۇنىڭ قولىدىكى بۇ چوڭ ھوقۇق يامان نەتىجە بېرىۋاتاتتى. ئۇ غەپلەتكە بېرىلىپ رەقىبلىرى بولغان تۇڭگانلارنىڭ تۇرلۇك شۇبھىلىك ئىش- ھەرىكەتلىرىنى كۆرمەسكە سالدى. مەسىلەن، يېڭى شەھەردىكى تۆمۈر سىجاڭغا دوست كۆرۈنگەن تۇڭگانلار مەخپىي ۋە ئاشكارا ھالدا ئۆز تەييارلىقلىرىنى كۈچەيتتى. مازىخوي پات- پات سەمەندىكى لوزۇڭنىڭ بېغىدىكى سابىق ۋالى مادوتەينى زىيارەت قىلىدىغان بولدى. بۇ ئىشلار جەمئىيەتنىڭ دىققەت- نەزىرىنى تارتتى. مادوتەينىڭ مەخپى پىلانىغا كۆرە، ئۇنىڭ يېقىن دوستى، ئۆزى تۇرۇۋاتقان باغنىڭ ئىگىسى ئىبراھىم لوزۇڭ مىللىي قوشۇن تەشكىل قىلغىلى تۆمۈر سىجاڭدىن رۇخسەت ئالدى. تۆمۈر سىجاڭ تېخى بۇ قوشۇننىڭ چىقىم- راسخوتلىرىنىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئالدى. قوشۇن تەشكىللىنىپ ئىككى يېڭى ئەسكەر قوماندانلىقىغا سايلاندى. ئىبراھىم لوزۇڭ ئارىلاپ- ئارىلاپ بۇ قوشۇننى تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئالدىغا سالامغا ئېلىپ كىرەتتى. يەنە گاھىدا ئۇلارنى ئۆز بېغىغا ئېلىپ چىقىپ مادوتەيگە سالام بەردۈرۈپ ئارقىدىن مادوتەيدىن مۇكاپات ۋە يول- يورۇقلارنى ئېلىپ قايتاتتى. مادوتەينىڭ لوزۇڭنىڭ قولى بىلەن قىلىۋاتقان بۇ ئىشلىرى جەمئىيەت ئەزالىرىغىلا ئەمەس، خەلق ئاممىسىنىمۇ گۇمانغا سېلىپ قويدى. ئىبراھىم لوزۇڭنىڭ بۇ خىل ئىككى تەرەپلىك ئويۇنلىرىنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى چىقمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن جەمئىيەت كىشىلىرى ئۆز ئەندىشىلىرىنى رەسمىي ۋە غەيرىي رەسمىي شەكىللەردە تۆمۈر سىجاڭغا بىلدۈردى. ئەمما نېمىدۇر تۆمۈر سىجاڭ بۇ گەپلەرگە قۇلاق سالمىدى. ھەتتا ئۇلار بۇ ئىشنى ئۇنىڭ مۇشاۋىرى بولغان نىزامۇددىن ئەپەندىگە ئەتراپلىق قىلىپ چۈشەندۈرۈشكەن بولسىمۇ نىزامۇددىن ئەپەندى: «بۇنچە چوڭقۇر ئويلاپ كېتىشكە ئەرزىمەيدۇ. بىزنىڭ كۈچىمىز ھەر جەھەتتە كۆپ، بولۇپمۇ ئەسكىرىي كۈچ جەھەتتە بىز تۇڭگانلاردىن ئۈستۈن تۇرىمىز» دېگەن گېپىدە چىڭ تۇردى. ئەمدى بىز بۇلارنىڭ ھەر بىرىنى شۇ ھالدا قويۇپ قويۇپ، بىرئاز بولسىمۇ خوتەن مۇجاھىدلىرىنىڭ كاشغەرگە كېلىشىدىن سۆز ئاچايلى. شۇنىڭدا ئوقۇرمەنلەرگە ئەينى ۋەزىيەت تېخىمۇ ئايدىڭ بولغۇسى.

## خوتەن مۇجاھىدلىرىنىڭ مەيدانى

ياركەنت يېڭى شەھەرگە قاپسىلىپ قالغان تۇڭگان- خىتايلار بىلەن خوتەن مۇجاھىدلىرى ئارىسىدا تۈزۈلگەن سۈلھىنامىگە كۆرە، تۇڭگانلار ياركەنت يېڭى شەھىرىنى بوشىتىپ بېرىپ كاشغەر تەرەپكە كەتكەندىن كېيىن خوتەن مۇجاھىدلىرى ياركەنت ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق جايلارنى ئىشغال قىلدى. كەينىدىن يېڭى سارنىمۇ ئالدى. شۇنىڭ بىلەن خوتەن دائىرىسىدە خىتاي ۋە يا تۇڭگاندىن بىر ئىنسان قالمىدى. ھەممە يەر تۈركلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ، خوتەندە مۇستەقىل بىر ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. خوتەننىڭ ئەڭ نوپۇزلۇق كىشىسى بولغان مۇھەممەد نىياز ئەئلەم ئاخۇن ھەممىنىڭ بىردەك قوللىشى بىلەن خوتەننىڭ پادىشاھلىقىغا كۆتۈرۈلدى. سابىت ھاجى داموللا مەسلىھەتچى بولدى. مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئەمىرى (ئارمىيە باش قوماندانى) بولدى. ياركەنت ۋىلايىتىگە ئابدۇللاھ (شاھ مەنسۇر) ئەمىر بولدى. يېڭى سارغا ئۇنىڭ كىچىك ئىنىسى نۇر ئەھمەد (ئەمىر ساھىب) ئەمىر بولدى. ئىچكى ئىشلارنى بىر يەر قۇر يۈرۈشتۈرۈۋالغان خوتەن ھۆكۈمىتى دۆلەت دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە كىرىشتى. دە، كاشغەردە قۇرۇلغان ھۆكۈمەتنى خوتەن ھۆكۈمىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشنىڭ كويىغا چۈشتى. شۇ ھالدا خوتەن ئەمىرلىرى بەلكىم قىلغان سىياسىي كۈرەشلىرى ۋە قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقلىرىدىن قانائەت ھاسىل قىلغان بولسا كېرەك، كاشغەرگە قوشۇن ماڭدۇرۇشقا قارار قىلدى. ئەنە شۇ قارار بويىچە قوراللانغان ئەسكەرلەر، ھەر ماشىنا تۆت

www.uyghurweb.net

ساندۇقتىن تۆت ماشىنا ئون ئالتە ساندۇق ئوق- دورا ۋە باشقا ھەربىي جابدۇقلار سابىت ھاجى داموللا بىلەن ئەمىر ئابدۇللاھنىڭ قوماندانلىقىدا كاشغەرگە ماڭدۇرۇلدى. ئۇلار يول بويى خىلى بىر يەرگە بارغاندا كەچ كىرىپ قالغاچقا شۇ يەردە قونۇپ ئارام ئالماقچى بولىدۇ. كۈتۈلمىگەن يەردىن يېرىم كېچە بولغان چاغدا ئۇلار ياتقان ئۆينىڭ يېرىم تامى يىقىلىپ چۈشۈپ ھەممەنى پاراكەندە قىلىدۇ. لېكىن ئۇلار شۇنىڭغا قاراپمۇ بۇ سەپەرنىڭ ئوڭۇشلۇق بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمايدۇ. ئۇلار قانداقلا بولمىسۇن يولنى داۋاملاشتۇرۇپ يېڭى سارغا يېتىپ كېلىدۇ. كاشغەر بىلەن ئالاقىلەشكەندىن كېيىن تۆمۈر سىجاڭ ماشىنىسى بىلەن يېڭى سارغا كېلىدۇ. تۆمۈر سىجاڭ ئۇ يەردە خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى (باش ۋەزىرى) سابىت ھاجى داموللام ۋە ياركەنت ئەمىرى ئەمىر ساھىبلەر بىلەن دوستانە كۆرۈشىدۇ. كۆرۈشۈشتە سابىت ھاجى داموللام تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ كاشغەرگىچە بېرىش نىيىتىدە ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندا، تۆمۈر سىجاڭ بۇنىڭغا قوشۇلمايدۇ ۋە ئۇلارنى كاشغەرگە بارماستىن ئۇدۇل ياركەنتكە قايتىشلىرى مۇۋاپىقلىقىنى ئېيتىدۇ. سابىت ھاجى داموللام ۋە شاھ مەنسۇرلار كاشغەرگە بېرىشنى فائىدىلىك كۆرىدۇ. ئارىدا خىلى كۆپ تالاش- تارتىشلار بولغان بولسىمۇ خوتەنلىكلەر ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرىدۇ. نەتىجەدە خوتەنلىكلەرنىڭ دېگىنىچە بولىدىغان بولۇپ تۆمۈر سىجاڭ كاشغەرگە قايتىدۇ. خوتەن قوشۇنى جەدەللەپ يول يۈرۈپ تازغۇن يولى بىلەن كاشغەرگە كېلىپ مويتۇڭزىدىكى شۇ چاغدا ھۆكۈمەت مېھمانخانىسى قىلىنغان باغقا چۈشىدۇ. ئۇلار كاشغەرگە كەلگەندىن كېيىن دۆلەت كىشىلىرى، يۇرت كاتتىلىرى تەرىپىدىن قىزغىن قارشى ئېلىنىدۇ. خوتەن مۇجاھىدلىرى ئۈچ- تۆت كۈن ھاردۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، بىر كۈنى مائارىپ ئىدارىسىنى، دارۇلمۇئەللىمىننى زىيارەت قىلدى. كاشغەرنىڭ ھەرقايسى زىيالىيلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ئەھۋال سوراپ، ئۈمىدلىك سۆز- سۆھبەتلەر بىلەن ئۇلارنىڭ روھىنى كۆتۈردى. ئوقۇغۇچىلار بىلەن كۆرۈشۈپ كۆپ سۆيۈندى ۋە ئۇلارنى تېخىمۇ تىرىشىپ ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈردى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇلار قىزىل ھىلال ئاي جەمئىيىتى، شىپاخانىلارنىمۇ زىيارەت قىلىپ دەۋالىنىۋاتقان ئاغرىقلاردىن بىر- بىرلەپ ھال سورىدى، كۆڭلىنى كۆتۈردى ھەمدە دوختۇرخانىمىزغا ئىككى يۈز ئەللىك سەر تەڭگە ئىئانە قىلدى. دوختۇرخانىنىڭ پاكىزەلىكى، تۈزۈمى قاتارلىقلارغا قارىتا تەھسىن- ئاپىرىنلەرنى ئېيتتى. سابىت ھاجى داموللام ئۆز رازىمەنلىكىنى بىلدۈرۈش ۋە خىزمىتىمىزنى قوللاش يۈزىدىن ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي دوختۇرى ئابدۇلغەنىنى شىفاخانىمىزنىڭ پەخرى دوختۇرى قىلىپ تەيىنلىدى. سابىت ھاجى داموللام بىلەن شاھ مەنسۇر كاشغەرگە زىيارەت ئۈچۈن كېلىپ تۆمۈر سىجاڭنىڭ مېھمىنى سۈپىتىدە باغدا تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ ۋالى يۇنۇس بەگ بىلەن پات- پات كۆرۈشۈپ بىر بۆلۈك ئىشلار بويىچە مەسلىھەتلىشىپ تۇردى. جۈملىدىن ھۆكۈمەتنىڭ نىزامنامىسىنى جۇمھۇرىيەت ئۇسۇلىدا تۈزۈشكە ۋە باشقا پارچە- پۇرات سىياسىي ئىشلارغا ئارىلىشىپ تۇردى.

بىر كۈنى بىر بۆلۈك دۆلەت كىشىلىرى كاشغەردىكى بارلىق مۇنەۋۋەرلەرنى چاقىردى. مەجلىستە شاھ مەنسۇر بىلەن يۇنۇس بەگ ئارىسىدا بولغان لايىھە كۆپچىلىككە بايان قىلىندى. لايىھە مەجلىس ئەھلىنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشكەندىن كېيىن ئۇلار بۇ لايىھەگە مۇۋاپىق بىر دەستۇرنامە (پروگرامما) ئىشلەپچىقىشنى ئويلىشىپ يۈسۈپ مۇزەپپەر بېك بىلەن قۇتلۇق ھاجى شەۋقىيلەرگە ئەتىسى سائەت 9 دا ئېچىلىدىغان يىغىنغا ئۈلگۈرتۈپ جۇمھۇرىيەت ئاساسلىرىغا ماس بولغان بىر دەستۇرنامە تۈزۈپ چىقىشنى تاپشۇردى. ئەتىسى ۋىلايەتلىك ھۆكۈمەت بىناسىدا رەسمىي يىغىن ئېچىلدى. بۇ يىغىنغا ۋالى يۇنۇس بەگ، شاھ مەنسۇر، سابىت داموللام، ئابدۇرراھمان ئەپەندى، نىزامىددىن ئەپەندى، قۇتلۇق شەۋقىي، يۈسۈپ مۇزەپپەر، ئابدۇلكەرىم خان مەخدۇم، تۇرغۇن رەھمىي، ئابدۇللاھ خانى، سېتىۋالدىجان سوفىيزادە، سۇلتان بېك ۋە باشقىلار ئىشتىراك قىلدى. كەمىنە ئاجىز بەندىمۇ شۇلار قاتارىدا بار ئىدىم. مەجلىستە دەستۇرنامە

ئۇقۇلۇپ بىر بۆلۈك يېتەرسىز جايلىرى تۈزىتىلدى. يىغىن ئاخىرىدا دەستۇرنامە تۆمۈر سىجاڭغا تەستىقلىتىش ئۈچۈن نىزامىدىن ئەپەندىگە تاپشۇرۇلدى.

## خوتەن مۇجاھىدلىرىنىڭ (شاھ مەنسۇر ئەسكەرلىرىنىڭ) قورالسىز لاندۇرۇلۇشى

يۇقىرىقى ئىش بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي تۆمۈر سىجاڭ باغدا مېھمان بولۇپ تۇرۇۋاتقان شاھ مەنسۇر ۋە سابىت داموللامنىڭ ئەسكەر ۋە ياۋەرلىرى (قوغدىغۇچىلىرى) نىڭ قوراللىرىنى تارتىۋېلىپ ئۆزلىرىنى قويۇۋەتتى، بۇ ئىككيلەننى بولسا باغدىن كۆچۈرۈپ ياراىغىدىكى مەخسۇس بىر جايدا نەزەر بەند ئاستىغا ئالدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى مېھمان 1933- يىلى 8- ئاينىڭ 8- كۈنى تۆمۈر سىجاڭنىڭ چاڭگىلىغا تۈتۈلدى. تۆمۈر سىجاڭنىڭ بۇ قىلمىشى بىلەن مىللىي ئىستىقلال يولىدىكى كۈرەش سېپى خۇددى قانىتى يۇلۇۋېتىلگەن تۇخىغا ئوخشاپ قالدى. بۇتپەرەس دۈشمەن ختاي بىر تەرەپتە، مۇسۇلمان دۈشمەن تۇڭگان يېڭى شەھەردە، شىمالدا قىزىل دۈشمەن، جەنۇبتا ئاق دۈشمەن قاتارلىق دۈشمەنلەر تاماشا كۆرۈپ تۇرغاندا شەرقىي تۈركىستان مۇجاھىدلىرىنىڭ ئەنە شۇنداق ئۆزئارا جاڭجالغا چۈشۈپ كېتىشى ھەركىمنى ئېچىندۇراتتى. شۇ ئىشتىن كېيىن سابىت داموللام، شاھ مەنسۇرلار يېقىنلىرى بىلەن بىرگە يار جاپاسىدىن، پەلەكنىڭ جەۋرىدىن شىكايەت، مىللەتنىڭ بەختسىزلىكىدىن ھېكايەتلەر قىلىپ تەقدىرنىڭ ياخشى كۈنلىرىنى كۈتۈپ ياتتى.

تۆمۈر سىجاڭ بۇ ياندىن كاشغەردىكى سابىت دامولالارنى تۇتقۇن قىلسا ئۇ ياندىن ھاپىز تېڭجاڭنى 500 ئەسكەر بىلەن ياركەنتكە ئەۋەتىپ ئۇ يەردىكى ئەمىر نۇر ئەھمەد قوشۇننى قورالسىزلاندۇرماقچى بولدى. ھاپىز تېڭجاڭ يەكەنگە كېلىپ ئەمىر نۇر ئەھمەدكە تۆمۈر سىجاڭنىڭ پەرمانىنى تاپشۇردى. پەرماندا «قوراللىرىڭلارنى تاپشۇرۇپ، تەسلىم بولۇڭلار!» دېيىلگەن ئىدى. ئەمىر ساھىب تەسلىم بولمىدى. تۆمۈر سىجاڭ ئارقىدىنلا ھاپىز تېڭجاڭ قوشۇنغا ياردەم بەرگىلى كىچىك ئاخۇن تېڭجاڭ قوماندانلىقىدا 300 ئەسكەر ئەۋەرتتى. ئىككى قوشۇن بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىپ ئەمىر ساھىب قوشۇنىدىكىلەرنى قورالسىزلاندۇردى. ئەمىر ساھىب بولسا نەزەربەند قىلىندى. شۇندىن كېيىن ھاپىز تېڭجاڭ قارغىلىققا باردى. ئارقىدىن گۇمىغا بېرىپ ئۇيەرنىمۇ ئىشغال قىلدى. ئاندىن زاۋىغا باردى. زاۋىدىكى خوتەن ئەسكەرلىرى ئاجىز كېلىپ چېكىندى. نەتىجىدە ھاپىز تېڭجاڭ خوتەننىڭ بىر قىسمىنى ئىشغال قىلغان بولدى. ۋەزىيەت قىل ئۈستىدە قالغان شۇ كۈنلەردە خوتەنلىكلەر غەيرەت- جاسارىتىنى قايتىدىن ئۇرغۇتۇپ ئاخىرقى تىنىقى قالغۇچە خوتەننى قوغداشقا تەييارلىنىپ تۇرۇۋشقاندا خوتەنگە ھۇجۇم باشلىماقچى بولغان كۈنى كېچىسى ھاپىز تېڭجاڭ ئەسكەرلىرىنى تويلاپ ھېچ نىمىگە قاراماي كاشغەرگە قايتتى. بۇنىڭ سەۋەبى 1933 يىلى 9- ئاينىڭ 27 ـ كۈنىدىكى تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئۆلگەنلىك خەۋىرى ئىدى.

## خوتەن ۋە كاشغەر ئاسمىنىدا قارا بۇلۇتلار

خوتەن قوشۇنى كاشغەرگە كەلگەندىن كېيىن تۆمۈر سىجاڭنىڭ شاھ مەنسۇرغا قىلغان مۇئامىلىسى نېمىدىندۇر ئۇنچە سەممىي بولمايلا قالماستىن، بەلكى شاھ مەنسۇرغا قارىتا گۇمانسىراش نەزىرىدە قارىدى. ئۇز ۋاقتىدا مۇشاۋىرى نىزامىددىن ئەپەندىگە تاپشۇرۇلغان دەستۇرنامىنىڭ تەستىقىنىمۇ كېچىكتۈرۈپ قويدى. تۆمۈر سىجاڭنىڭ خوتەنلىكلەردىن گۇمانسىراشلىرى ئاخىرىدا ئۇلارنى قورالسىزلاندۇرۇشقا ئېلىپ

باردى. 1933- يىلى 8- ئاينىڭ 8- كۈنى خوتەنلىكلەرگە قىلىنغان ئىغىر ھاقارەت سۈپىتىدە ئۇلارنىڭ قولىدىكى چوماقلار تارتىۋېلىنىپ، بىر يەرگە يىغىپ كۆيدۈرۈۋېتىلدى. تۆمۈر سىجاڭنىڭ يېقىن كىشىلىرىدىن تۆمۈر سىجاڭ نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىدۇ؟ دەپ سورىغاندا بۇ سوئالغا بېرىلگەن جاۋاب: «خوتەنلىكلەر ياركەنتتە مېنىڭ ئادىمىم ئەزىم ئاخۇننىڭ قورالىرىنى تارتىۋېلىپ، چوماقلىرىنى سۇندۇرۇۋەتكەن، مەنمۇ شۇنداق قىلدىم» دېگەن دىن ئىبارەت بولدى. ئەمما بۇ ھادىسىنىڭ ئىچ يۈزى باردۇر. بۇ ھەقتە جەمئىيىتىمىزنىڭمۇ تولۇق بولغان ماتېرىياللىرى بار ئىدى. بۇ يەردە كەلتۈرۈلگەن بولسا پايدىلىق بولۇر ئىدى. ئەپسۇسكى ھازىر ئۇلار قولىمىزدا يوق. بۇ ئىشنىڭ ئىچ يۈزىنى بىلمەكچى بولغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ كۆڭۈل تۈگۈنلىرىنىڭ يېشىلىشى ئۈچۈن يۇقىرىقى ۋەقەلەرنىڭ ئىچىنارلىق ۋە ئوچۇق ئىقرارىنى ۋەقەنىڭ باش ئاملى ۋە سەۋەبكارى ئەمىر ھەزرەتنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلايلى. ئۇ «شەرقىي تۈركىستاننىڭ مىللىي ئىنقىلاب تارىخى» دېگەن كىتابىنىڭ **89**- بېتىدە تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ:

سابىت داموللام بىلەن ئەمىر ئابدۇللاھنىڭ كاشغەر سەپىرى ۋە تۆمۈر سىجاڭ بىلەن مۇناسىۋېتىمىز بوزۇلغاندىن كېيىن يۈز بەرگەن پاجىئەلىك ئىشلار

كاشغەردە ئەسكەرلىك سۈپىتى بىلەن تۆت قىسىم قوراللىق ئادەملەر بار ئىدى:

1. تۇڭگانلار، بۇلار باشقىلار بىلەن ئاشكارا دۈشمەنلىشىش ھالىتىدە ئىدى.
2. تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئۆز ئەسكەرلىرى دېيىلگەن تۇرپانلىق، كۇچارلىق ۋە كاشغەرلىك ئەسكەرلەر.
3. قىرغىز ئەسكەرلەر.
4. مۇھاجىر ئۆزبېكلەردىن بولغان ئەسكەرلەر.

بۇ ئۈچ قىسىم كۈچلەر ئومۇمەن تۆمۈر سىجاڭنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنۇشىمۇ ھەر بىر بۆلۈك يەنە ئالاھىدە ۋە ئايرىم بولۇپ، ئۆزلىرىدىن بولغان قوماندانلارغا بويسۇنار ئىدى. ھەممىدە بۇلار ھېچقانداق قانۇن ۋە ئىنتىزامغا بويسۇنمايدىغان چاتاقچى ئادەملەر ئىدى. مانا شۇ سەۋەب بىلەن كاشغەرنىڭ ئاقىل كىشىلىرى بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى بۇ قوراللىق ئادەملەرنىڭ ئۆز ئارىلىرىدا ئىختىلاپ چىقمىقى ۋە مەملىكەتنىڭ قىرغىنچىلىق ۋە تەخرىبات (ۋەيرانچىلىق) ۋە بۇلاڭ- تالاڭ پاجىئەلىرىگە دۇچار بولۇشىدىن قورقماقتا ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئىنتىزام ۋە قانۇنسىز ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ راھەتپەرەست، ۋاپاسىزلىقىدىن كاشغەر خەلقىنىڭ ئۇنىڭدىن كۆڭلى سوۋۇماقتا ئىدى. مۇشۇ سەۋەبتىن ياركەنت پەتھىدىن كېيىنلا كاشغەر ئاھالىلىرىنىڭ تولىراقى كاشغەر ھۆكۈمىتىنىڭ خوتەن ھۆكۈمىتىگە قوشۇلۇشىنى ئارزۇ قىلىپ، كاشغەرنىڭ ئالىملىرى ۋە باشقا سىنىپلىرىدىن بولغان بىر بۆلۈك كىشىلەر مەخپىي ھالدا ياركەنتكە ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇ يەردىكىلەرنى ئەسكەرلەرنى ئېلىپ كاشغەرگە بېرىشقا تەشۋىق (ئۈندەك) ئەتتى. يەنە ئۇندىن باشقا كاشغەردىكى قىرغىز ئەسكەرلىرىنىڭ قوماندانلىرىدىن بەزىسى ئۆزىنىڭ بۇ ئىشقا تەرەپدار ئىكەنلىكىنى ۋە لازىم كەلگەن تەقدىردە خوتەن ئەسكەرلىرىگە ياردەم قىلىشقا ھازىر ئىكەنلىكلىرىنى بىلدۈرۈپ يۇقىرىقى ئۈندەكلەرگە بىرلەشتۈرۈپ ئاشكارا ئادەم ئەۋەتتى.

سابىت داموللام ئۆزى كاشغەرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن بالدۇرراق كاشغەرگە بېرىپ يا سۇلھ ياكى جەڭ ئارقىلىق بۇ مۇھىم ۋە چوڭ شەھەرنى پالاكەتتىن قۇتقۇزماقچى ھەممىدە بۇ شەھەرنى ئېلىش ئارقىلىق خوتەن ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىي ئورنىنى كۈچلۈك ئەساسكە ئىگە قىلىش مەقسىتىنى ئارىغا سېلىپ، بۇ ئىشقا غايەت دەرىجىدە رىغبەت كۆرسەتمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ بۇ رىغبىتى كاشغەر ئاھالىسىنىڭ ۋە بىر بۆلۈك قىرغىزلارنىڭ

www.uyghurweb.net

ئۆندەكلىرىگە كۆچلۈك دەرىجىدە ئىشەندۈرۈپ قويىدى. لېكىن مەلىك (دۆلەت باشلىقى) بىلەن مەن بۇ ئىشقا ئالدىرىماسلىق ۋە تۆمۈر سىجاڭ بىلەن تۇڭگانلارنىڭ كۆچىگە تەڭ كەلگۈدەك بىر كۈچ هازىر بولمىغانلىقى ئۈچۈن بىر ئاز پۇرسەت كۈتۈش تەرەپدارى ئىدۇق ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن بىز سابىت داموللامنى توسۇشتا چىڭ تۇردۇق. لېكىن سابىت داموللام ئۆز رىغبىتىنىڭ بەك زىيادىلىكىگە ئەگىشىپ بىزنى ئۆز رايىغا كۆندۈرۈشكە ئۇرۇندى. كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە سابىت داموللامنىڭ شۇ پەيتتە بىزنى بىردە توغرا ۋە بىردە خاتا بولغان يوللارغا باشلىغانلىقى بىلىندى. ئەمما بىز ئۇ چاغدا ئىشنىڭ ھەقىقىتىدىن غاپىل قېلىپ ئۇ زاتنىڭ بارچە سۆزىگە ئىشەندۇق. ئۇنىڭ تەشەببۇسلىرىنىڭ بايانى شۇدۇركى، ئۇ كاشغەرگە قوشۇن چىقىرىش توغرىسىدا بىزگە يازغان خېتىدە كاشغەردىكى بۇ ئىشقا تەرەپدار بولغان كىشىلەرنىڭ نوپۇزلىرىنى ۋە ياردەم بېرىشكە ۋەدە قىلغانلارنىڭ كۆچىنىڭ زورلۇقىنى ۋە كاشغەر ئاھالىسىنىڭ ئومۇميۈزلۈك بۇ ئىشقا تەرەپدار ئىكەنلىكىنى مۇبالىغەلەشتۈرۈپ يازدى، ئۇ يەنە بۇ ئىش ئۈچۈن بىز تەرەپتىن كۆپ ئەسكىرىي كۈچ لازىم ئەمەسلىكى ۋە ھازىر كاشغەر بىر ئاياقتىكى ئاشتەك بولۇپ قالغانلىقى، كىچىككىسەك پۇرسەت قولدىن كېتىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشىپ بىر مۇنچە دەلىللەرنى كۆرسەتتى. يەنە تېخى كاشغەرلىكلەر بىلەن ئۆزى ئارىسىدا ۋاستە بولغان بىر كىشىنىڭ قولىدىن بەزى ۋەسىقە- ھۆججەتلەرنى يوللىدى ھەمدە ئۇ كىشىمۇ بىز ئىشەنگۈدەك سۆزلەرنى قىلدى. داموللام مانا مۇشۇنداق تەشەببۇسلار بىلەن بىزنى قايىل قىلدى. بۇ ئىش خوتەن ھۆكۈمىتىنى تارىخ يۈزىدە ھەقلىق بىر تاپا ـ تەنىگە قالدۇرىدىغان غايەت يامان خاتالىق بولغان ئىدى. چۈنكى بۇ ئىش تېخى ئىنقىلاب تۈزۈك نەتىجىگە ئېرىشمىگەن، مىللىي كۈچنىڭ زورىيىشى بەكمۇ زۆرۈر بولۇپ قالغان بىر چاغدا ئىككى مىللىي كۈچنىڭ ئىختىلاپىغا سەۋەب بولۇپ، نەتىجىدە خېلى ياخشى تەشكىللەنگەن خوتەن ئارمىيىسىنىڭ مۇدھىش دەرىجىدە زەئىپلىشىپ كېتىشى ۋە خىلى كۈچ كۆرسىتىپ تۇرۇۋاتقان تۆمۈر سىجاڭ كۈچلىرىنىڭ پۈتۈنلەي پاراكەندە بولۇشىغا سەۋەب بولۇپ قالدى ۋە ھەم بۇ ئىچكى ئۇرۇش بەش ئايغا يېقىن مەزگىلنى ئېلىپ دۈشمەنگە كۈتمىگەن يەردىن پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بەردى.

شۇنداق قىلىپ، شۇ يىلى 7- ئاينىڭ 15- كۈنى سابىت داموللام ۋە ئەمىر ئابدۇللاھلار ئىككى مىڭ بەش يۈز كىشىلىك قوشۇن بىلەن ياركەنتتىن يولۇپ كەتتى. تۆمۈر سىجاڭغا بىز سىزگە ياردەم قىلىپ كاشغەر يېڭى شەھەردىكى تۇڭگانلارنى يوقىتىش ۋە بۇنىڭ بىلەن ئالتە شەھەردىن تىنچ كۆڭۈل بولۇپ دەرھال ئۈرۈمچى تەرەپكە بېرىپ خوجا نىياز ھاجىمغا ياردەم قىلىشقا تەييار بولۇش ئۈچۈن كاشغەرگە بارىمىز دەپ مەكتۇپ يازدى. ئۇلار 7- ئاينىڭ 18 ـ كۈنى يېڭىسارغا باردى.

دېيىلمەي قالمىسۇنكى، سابىت داموللام ياركەنتتىكى ھاپىز تېڭجاڭنى بەش يۈز كىشىلىك قورallلىق ۋە ئاتلىق ئەسكەر بىلەن ياركەنتتە قويۇپ ماڭدى. بۇ ئادەم بولسا تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئادەملىرى ئىچىدە ئەڭ ھوشيار ئادەم ئىدى. بۇ ئىشنىڭ يامان بىر خاتالىق بولغانلىقى تۆۋەندە مەلۇم بولىدۇ. سابىت داموللام ۋە ئەمىر ئابدۇللاھ يېڭىسارغا بارغان زامان كاشغەرنىڭ كاتتىلىرى ۋە ئالىملىرىدىن بىر مۇنچىسى ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى. تۆمۈر سىجاڭمۇ ئەسكەر ئالماي، ماشىنا بىلەن يېڭىسارغا كەلدى. تۆمۈر سىجاڭ كۆڭلىدە بۇ سەپەردىن تولا قورققان ئىدى. شۇڭا سابىت داموللامدىن كاشغەرگە بارماسلىقنى تەلەپ قىلدى. تۇڭگانلارنى يوقىتىشقا ئۆز كۈچىنىڭ يېتەرلىك ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بۇ ۋەزىپىنى دەرھال ئىجرا قىلىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. خوتەن ھۆكۈمىتى ۋە كاشغەر ھۆكۈمىتى ئارىسىدا يېڭىسارنىڭ شەرقىدىكى «شاھ نىياز ئۆستەڭى» نى چېگرا قىلىپ بەلگىلەش تەكلىپىنى بەردى ۋە يەنە: «ھۇدۇدىمىز (چېگرايىمىز) بېكىتىلسە ۋە ئورتاق دۈشمىنىمىز بولغان تۇڭگاننى يوقاتسام، ئارىمىزدا بىرلىك ئورنىتىشقا ھېچ قانداق توسالغا قالمايدۇ دەپ ئويلاپ بۇ ئىشنى ئايرىۋەتكىلى ئۆزۈم كەلدىم» دەپ يالۋۇردى. تۆمۈر سىجاڭنىڭ بۇ يالۋۇرۇشىنى ئۇنىڭ

www.uyghurweb.net

ئاجىزلىغىنىڭ دەلىلى دەپ چۈشەنگەن سابىت داموللام ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىگە ئۇنىماي كاشغەرگە بېرىش ئىرادىسىدە چىڭ تۇردى. تۆمۈر سىجاڭمۇ ئىلاجسىز بۇلارنىڭ كاشغەرگە كىرىشىگە ۋە بىرلىشىپ يېڭى شەھەرنى ئېلىشقا قوشۇلۇپ كاشغەرگە قايتتى.

سابىت داموللام ۋە ئەمىر ئابدۇللاھ ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ كاشغەر خەلقىنىڭ قىزغىن ۋەسەمىيمانە قارشى ئېلىشى ۋە دەبدەبىلىرى ئىچىدە 7- ئاينىڭ 21-كۈنى كاشغەرگە كىردى. تۆمۈر سىجاڭمۇ كۆرۈنۈشتە ياخشى ئېھتىرام قىلغان بولدى. بۇلار كاشغەرگە كىرىپ ھاردۇقنى ئالغاندىن كېيىن تۆمۈر سىجاڭغا كىشى كىرگۈزۈپ ئۇنى يېڭى شەھەرگە بىرلىكتە ھۇجۇم قىلىشقا دەۋەت قىلدى. لېكىن تۆمۈر سىجاڭ بوگۈن، ئەتە، دەپ كېچىكتۈردى. مانا شۇ ئارىلىقتا ياركەنتتەكى ھاپىز تېڭجاڭ ۋە كاشغەرلىكلەردىن سابىت داموللامغا ھەسەت قىلىدىغان بىر بۆلۈك ئادەملەر تۆمۈر سىجاڭنى سابىت داموللامغا قارشى ھەرىكەت قىلدۇرۇشقا باشلىدى. بىر تەرەپتىن سابىت داموللام بەزى ئىككى يۈزلۈك ئادەملەرگە ئۆز سىرىنى ئېيتىپ ئۇلارنى تۆمۈر سىجاڭ بىلەن سۆھبەتلەششكە قويدى. يەنە بىر تەرەپتىن سابىت داموللام كاشغەرنىڭ كاتتىلىرىغا مەغرۇرانە ئىپادە كۆرستىپ ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكى مۇھەببەت ھېسسىياتىنى بۇزدى. ئەمما تۆمۈر سىجاڭ قول ئاستىدىكى بارلىق ئەسكەر ۋە قوماندانلارنى پۇل ۋە مەنسەب بىلەن خوش قىلىپ ھەممىنى ئۆزىگە سادىق تەرەپدارلاردىن قىلدى. بۇنىڭ بىلەن 8- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلاپ تۆمۈر سىجاڭ سابىت داموللا ۋە ئەمىر ئابدۇللاھقا ئوچۇقچە دۈشمەنلىك كۆرسەتمەككە باشلىدى. بۇ ئەسنادا كاشغەر ئاھالىسىدىن بولغان بەزى بىر شەخسىيەتچى تىجارەتچىلەر ۋە بۇرۇنىدىن كاشغەردە چوڭ ئاتلىنىپ ئۆتكەن بايلار ۋە بەزى ئىنقىلابتا قورالىنىپ قالغان ئىنقىلابچىلار تۆمۈرسىجاڭنى بارغانسېرى تار يولغا باشلاپ، بەرگەن مەسلىھەتلىرى شۇ بولدىكى، كاشغەر دېگەن ئەزەلدىن ھۆكۈمەتكە مەركەز بولۇپ كەلگەن يەر، ئۈرۈمچىدىن قالسا ئىككىنچى پايتەخت بولۇپ كەلگەن بىر ۋىلايەت مەركىزى دېگەن دەك ھەر قىسىم بۇزۇق خىياللارنى تۆمۈر سىجاڭنىڭ مېڭىسىگە قۇيۇپ سابىت ھاجى داموللام ۋە ئەمىر ئابدۇللاھ (شاھ مەنسۇر) لەرنى تامام ئەسكەرلىرى بىلەن قورالسىزلاندۇرۇپ نەزەربەند قىلىشقا، ئەسكەرلەرنى بۇلاڭ- تالاڭ قىلىپ تىرىپىرەن قىلىۋېتىشكە، بۇنىڭ ئارقىسىدىن خوتەن ھۆكۈمىتىنى بىر پۈتۈن ھالدا قولغا چۈشۈرۈشكە كۈشكۈرتكەنلىكى ئۈچۈن تومۈر سجاڭغا بۇ مەسلىھەتلەر بەك ياراپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ شۇم نىيەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىر بۆلۈك ھەربىي قوماندانلار، ئىدىيىسى قالاق تىجارەتچىلەر ۋە ھەسەتچىلەر بىر يەرگە كېلىپ ئۆزئارا مۇزاكىرىگە چۈشتى. گەرچە بۇ مۇزاكىرىلەردە مەخپىي ھۇجۇم قىلىش قارار قىلىنمىغان بولسىمۇ، بۇلار ئۆزىچە ھۇجۇمنى بىر- ئىككى كۈن كېچىكتۈرۈشتى. لېكىن، تۆمۈر سىجاڭنىڭ بەزى قوماندانلىرى ۋە خۇسۇسەن كاشغەر ئاھالىسىدىن سابىت داموللامغا ھەسەت قىلىدىغان قوماندانلار ھەرقايسى سارايلاردا تارقاق ھالەتتە تۇرغان قىسىملىرىمىزغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنىڭ قوراللىرىنى تارتىۋېلىشقا باشلىدى. شۇ چاغدا ئەمىر ئابدۇللاھ ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ قانداق قىلسا قىلىپ ياركەنتكە يېتىپ بارالىغۇدەك ھالەتتە بولسىمۇ، سابىت داموللام قورقۇپ ئەمىر ئابدۇللاھنى تەسلىم بولۇشقا كۆندۇردى. شۇنداق قىلىپ، 8- ئاينىڭ 7- كۈنى ئەمىر ئابدۇللاھ تامام قوراللىرىنى تۆمۈرگە تاپشۇردى. تۆمۈر سابىت داموللام ۋە ئەمىر ئابدۇللاھنى يەنە بىر نەچچە كىشى بىلەن نەزەربەند قىلغاندىن كېيىن، قورالدىن ئايرىلغان خوتەن ئەسكەرلىرىنى بۇلاڭ- تالاڭ قىلىپ، ئۇلارنىڭ پۇللىرىنى ھەتتا ئۇستىدىكى كىيىملىرىنى تارتىۋېلىپ ۋە بەزىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، غايەت زۇلۇملارنى قىلىپ ئاچ ۋە يالىڭاچ ھالدا كاشغەردىن قوغلىدى. ئەسكەرلەرنىڭ شېھىد بولغانلىرىدىن باشقا يولدا سۇسىزلىق ۋە ئاچلىقتىن ئۆلگەنلىرىمۇ بار. » مۇھەممەد ئەمىن ھەزرەتنىڭ ئۆز كىتابىدىكى 89- بەتتىن 95- بەتكىچە بولغان سۆزلىرى شۇنچىلىك يېزىلدى. داۋامىنى كۆرمەكچى بولغانلار شۇ كىتابقا قاراسۇنلەر.

www.uyghurweb.net

## كېڭەيمىچىلىك سىياسىتى

ئالدىنقى بۆلۈمدە مۇھەممەد ئەمىن بۇغرابېكنىڭ ئۆز كىتابىدا تۆمۈر سىجاڭ بىلەن خوتەنلىكلەر توغرىسىدا يازغان ئېچىنىشلىق ۋەقەلەرنى بىرمۇ بىر ئېتىراپ قىلىشلىرىغا قارىغاندا، خوتەنلىك قېرىنداشلىرىمىز تارىخ سەھىپىلىرىدە ئۆزلىرىگە تاپا- تەنە قالدۇرىدىغان بىر ئىشنى قىلىپ بەك خاتا قىلىپتۇرلەر(يۇقىرىقى ئەسەر 91- بەت 8- قۇر). ئۆتكەن دانالار: «ئۆز ئاجىزلىقىنى يوشۇرماسلىق، كەمچىلىكىنى ئېتىراپ قىلىش كامالەتكە يېتىشنىڭ تۇرتكىسىدۇر» دېگەن ئىكەن. شۇنىڭغا قارىغاندا مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ بۇنداق ئېنىق قىلىپ ئۆز قەلىمى بىلەن ئۆز كىتابىدا ئۆز كەمچىلىكىگە قىلغان ئېتىراپلىرى ئۇ زاتنىڭ كامالىتىنىڭ بەلگىسىدۇر. ئەگەر بىر كىشى خاتا قىلغان بولسا، ئۇ بۇنىڭدىن ئىبرەت دەرسى ئېلىپ خاتالىقنى قايتا سادىر قىلماسلىقتا تىرىشىدۇر. (ئەمما تەكرار خاتالىق ئۆتكۈزۈش ئەڭ چوڭ خاتالىقتۇر.)

ئۆز پەيتىدە خوتەن دۆلەت كىشىلىرىنىڭ خوتەن ۋە ياركەنت ۋىلايەتلىرىدە قۇرۇلغان ھۆكۈمەتكە قانائەت قىلماي كاشغەرگە كۆز تىكىشى كېڭەيمىچىلىك سىياسىتى يۈرگۈزۈشكە باشلىغانلىقى ئىدى. ھالبۇكى مىڭلاپ قۇربان بېرىپ، قانلار تۆكۈپ، جانلارنى پىدا قىلىپ قولغا كەلگەن خوتەن دۆلىتىنىڭ قەدرىگە يېتىپ خوتەننىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى رەتكە سېلىش، چېگرا- ھۇدۇدلىرىنى مۇستەھكەملەش، قوشۇنلارنى زامانىۋي ھەربىي تەلىم- تەربىيىگە ئىگە قىلىپ، زامانىۋي قوراللار بىلەن قوراللاندۇرۇش، ئارمىيە ئىشلىرىنى تۈزۈملەشتۈرۈش پۈرسىتى قوللىرىدا ئىدى. بۇنداق قىلىشقا زامانمۇ، ماكانمۇ يار بېرەر ئىدى، شۇنداق تۇرۇپ كاشغەرگە يۈرۈش قىلىش خاتا بولاتتى. خەيرىيەت، قازايۇ- قەدەر شۇنداق ئىكەن، شۇ بويىچە بولۇپتۇر. بۇ توغرىدا بىر شائىر خويمۇ توغرا ئېيتقان:

توسۇپ بولماس تەقدىرنى بىلەكتە كۈچ بولغانغا،
ئۆچمەس ئىگەم ياققان شام قانچە ئامال قىلغانغا.

بۇنداق خاتالىقلار تارىختا كۆپ بولغان. شۇنداقتىمۇ كىشىنى ئۆكۈندۈرىدىغان بىر يېرى ئۇلارنىڭ ئۆز مۇرادلىرىغا يېتەلمەي قالغانلىقىدۇر. بىزنىڭ بۇ ئىشلارنى ئارتۇقچە ئەزۋەيلىگۈمىز يوق. چۈنكى، كېڭەيمىچىلىك قىلىش بىلەن بىرەر مەملىكەتنى ئىشغال قىلىش ۋە يا بىرەر شەھەرنى ئېلىش جاھانگىرلارنىڭ نەزىرىدە قالتىس ئىش ھېسابلانماقتا. ئىنسان تەبىئىتىنى بىلگەنلەر بۇ ئىشلارغا ھەيران قالمايدۇ. قايسى بىر دۆلەت ۋە ئەل كۈچلۈك، زور بولۇشقا ئۇرۇنمايدۇ؟ شۇنىڭدەك، بىز بۈگۈن 20 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ياشاۋاتىمىز. مەدەنىيەتنىڭ ئاۋازى يەر بىلەن كۆك ئارىسىغا سىغمايدۇر. شەرقتە بولسۇن ياكى غەربتە بولسۇن ئىمپېرىيالىزمنىڭ غۇلاچ ئېتىپ كېتىۋاتقان ئىستىلا سىياسىتى، مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتى ئۈچۈن يەر يۈزى تارچىلىق قىلىپ، بەش قىتئە زېمىنغا قانائەتلەنمەي، كۆكنى ئىستىلا قىلىش ئۈچۈن ھېلى ئايغا، ھېلى يۇلتۇزغا چىقىپ كېچە- كۈندۈز ھەرىكەت قىلماقتا. شۇنداق ئىكەن، بىز مۇجاھىد سەپدىشىمىز، خوتەن ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ھەزرەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭ مەسلىھەتچىلىرىنى كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىدە خاتا قىلدى، دەپ ئۆز روھىمىزنى چۈشۈرمەيمىز. يەر يۈزىدە خاتا قىلمىغان كىم بار؟ قايسى مەرد يىگىت بۇنداق قىلالايدۇ؟ تارىخ سەھىپىلىرىنى بىرمۇ- بىر ۋاراقلاپ باقىدىغان بولساق، ئۇھۇد غازىتىدىكى مەرگەنلەرنىڭ خاتالىقى، ھەزرىتى ئەلىنىڭ (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) شېھىد

www.uyghurweb.net

بولۇشى بىلەن باشلانغان خاتالار، سىففىن ھادىسىسى، جەمەل (تۆگە) ۋەقەسى قاتارلىقلار ئىسلام تارىخىدىكى ئەڭ زور ۋە ئېچىنىشلىق فاجىئەلەردىندۇر. كەربالا چۆلىدە بولغان قايغۇلۇق ۋەقەلەرگە نېمىدېگىلى بولسۇن. تەقدىر شۇنداق ئىكەن، دەپ سىر- ھېكمىتىنى ئۆزىگە تاپشۇرماسلىقتا ئىلاجىمىز يوق. دۇنيادا خاتا قىلمىغان قايسى پادىشاھ ۋە قايسى دانىشمەن ئۆتكەن؟ بىز پىرئەۋنلەرنى دېمەيلى، نەمرۇدلار، رىملىقلار، كىسرالار، قەيسەرلەر، ناتسىپىستلار، كوممۇنىستلار، فاشىپىستلار، مەجۇسىلەر، بولۇپمۇ زامانىمىزدىكى ئاتالمىش دېموكراتلارنى دېمەيلى، ئۇلارنىڭ سىياسەت ۋە جەڭ مەيدانلىرىدا سادىر قىلىۋاتقان خاتالىقلىرىنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. تارىختا ئەرەبلەر ئەجەملەرنى ئۆردى، ئۇمەۋىيلەر ئاباسىيلەرنى ئۆردى، ئەمىر تېمۇر بايەزىدنى ئۆردى، كاشغەر خوتەننى ئۆردى، خوتەن كاشغەرنى ئۆردى، قابىل ھابىلنى ئۆردى. بۇ جەھەتتە بىر شائىرنىڭ تۆۋەندىكى بىر مىسرا شېئىرى نەقەدەر جايىدا ئېيتىلغان- ھە!

قېرىنداش بىلىپ- بىلمەي قېرىنداشنى ئۆردى.

تارىختا بۇنىڭغا ئوخشاش خاتالىقلار كۆپ يۈز بەرگەن. تارىخ باشلىنىشتىن شۇنداق بولۇپ كەلدى. تارىخ بىر ھەققانىي قازىدۇر. توغرىنى توغرا، ئەگرىنى ئەگرى، كىچىنى قاراڭغۇ، كۈندۈزنى يورۇق دەپ ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

سۆزىمىزگە كەلسەك، تارىخنى (رېئاللىقنى) قانداق كۆرسەك شۇنداق بىلىپ، شۇنداق يېزىپ بولغاندىن كېيىن بىزگە چۈشكەن مەجبۇرىيەتنىڭ تەقەززاسى شۇنداق ئىكەن، شۇنداق بولدى. تەقدىر ئۆز ئىشىنى قىلدى، دەپ ۋەقەلەرگە خاتىمە بېرىمىز. بۇ ئىشتا قولىمىزدىن كېلىشچە بۆلگۈنچىلىكتىن قاچىمىز. بۇ تېمىغا خاتىمە بېرىش ئالدىدا، خوتەن شېھىدلىرىنى، كاشغەر مۇجاھىدلىرىنى، ئۇلۇغ تۈركىستان ئۈچۈن جانلىرىنى پىدا قىلغانلارنى، پەرغانە شېھىدلىرىنىڭ ھەقلىرىگە «ئىلاھا! شۇلارنىڭ بارچىسىنى رەھمىتىڭگە چۆمۈلدۈرۈپ، جەننىتىڭگە لايىق كىشىلەردىن قىلغايسەن!» دەپ خۇدانىڭ دەرگاھىغا يالۋۇرۇپ، دۇئا قىلىمىز. ھەممىمىز بىر ئاتىنىڭ، بىر ئانىنىڭ ئەۋلادى، بىر ۋەتەننىڭ ئوغلانى. ھەممىمىز بىر ئەنئەنىگە باغلىق بولۇپ، يۇرتنى قۇتقۇزۇش پىكرىدە بىر، مەپكۇرىدە بىر. بىر تىل، بىر مىللەتكە مەنسۇپ بىر قەۋممىز. بولۇپمۇ بىزدىكى دىن بىرلىكى، ئىسلام بىرلىكى بۇ نوقتىنى تېخىمۇ ھەسسىلەپ كۈچەيتىدۇ. كىتابىمىز بىر، پەيغەمبىرىمىزمۇ بىردۇر. شۇنداق ئىكەن، بىزلەرنىڭ ئىتتىپاق بولۇشىمىز ئۈچۈن ئەمدى يەنە نېمە لازىم؟ بېگى نەسىللىرىمىز، كېلەچەكتىكى ۋارىسلىرىمىزغا نېمىنى مىراس قالدۇرۇپ كېتىمىز؟

بىز شۇنى ئۇنتۇمايلىكى، ئەۋلادلىرىمىزغا قالدۇرغان ئەڭ ياخشى مىراسىمىز بىرلىك، ئىتتىپاقلىق بولسۇن.

ئەي پەرۋەردىگار! بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى، بىزدىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنىڭ ۋە شۇنداقلا بارلىق مۇئمىنلەرنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈم قىلغايسەن!

## تۆمۈر سىجاڭنىڭ شېھىد بولۇشى

ئالدىنقى بىر بۆلۈمدە تۆمۈر سىجاڭنىڭ بىپەرۋالىقى توغرىسىدا بىر ئاز توختالغانلىقىمىز ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ئېسىدە بولسا كېرەك. دېگەندەك، تۆمۈر سىجاڭنىڭ بۇ بوشاڭلىقى ۋە غاپىللىقى بارغانچە كۈچەيدى. بۇنىڭ ئاقىۋىتىدە خوتەن مۇجاھىدلىرى بىلەن قارشىلاشتى. ھاپىز تېڭجاڭنىڭ ئارقىسىدىن كىچىك ئاخۇن تېڭجاڭنى خوتەننى ئىشغال قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۇندىن باشقا يەنە قىرغىزلار قوشۇنىنىڭ قوماندانى ئوسمان ئەلى لۈيجاڭنى خوتەنگە بېرىپ ھاپىز تېڭجاڭ بىلەن بىرلىكتە خوتەن ۋىلايىتىنى ئېلىپ

www.uyghurweb.net

كاشغەرگە قارام قىلىش ئۈچۈن بۇيرۇق بەردى. بىراق ئوسمان لۈيجاڭ بۇ بۇيرۇقنى ئورۇندىمىدى. تۆمۈر سىجاڭنىڭ بۇنىڭغا قاتتىق ئاچچىقى كەلدى. ئوسمان ئەلى لۈيجاڭ بۇ ئىش تۈپەيلىدىن تۆمۈر سىجاڭنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ قېلىشتىن قورقۇپ كاشغەردە تۇرۇۋاتقان بارلىق قوشۇنلىرىنى ئېلىپ تاغقا چىقىپ كەتتى.

مانا شۇنداق سەۋەبلەرگە كۆرە، تۆمۈر سىجاڭنىڭ كاشغەردىكى ئەسكەرلىرى ئاز قالدى. كۆزگە كۆرۈنگەن تېڭجاڭلاردىن سېتىۋالدىجان قالغان بولۇپ، ئۇمۇ يارباغ دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدا ئۆزى خان، ئۆزى بەگ بولۇپ، بۇيرۇق كۈتۈپ تۇراتتى. 1933- يىلى 9- ئاينىڭ 27 ـ كۈنى تۆمۈر سىجاڭ لەڭگەردىكى باغقا ئىستىراھەت قىلغىلى چىقىدۇ. تۆمۈر سىجاڭنىڭ ھەرىكىتىنى كېچە- كۈندۈز كۆزىتىپ تۇرۇۋشقان دۈشمەن تۇڭگانلار بۇ قېتىم بىر شۇملۇققا تەييارلىق كۆرۈشكەن ئىدى. ئۇلار تۆمۈر سىجاڭغا سەمەندە پىستىرما قويۇپ، ئۇنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشىدۇ. تۆمۈر سىجاڭنىڭ ماشىنىسى پىستىرما قويۇلغان يەرگە كەلگەندە تۇساتتىن تۇڭگانلارنىڭ ئوق يامغۇرىغا تۇتۇلىدۇ. ماشىنا ماڭالماي قالىدۇ. شۇ ئاندا تۆمۈر سىجاڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىككى مۇھاپىزەتچىسى ۋە شوپۇرى بولۇپ تۆت ئادەمنىڭ ئۆلۈكى ماشىنىدىن يەرگە دومۇلاپ چۈشىدۇ. تۇڭگانلار كېلىپ تۆمۈر سىجاڭنىڭ كاللىسىنى كېسىپ ئېلىپ يېڭى شەھەرگە چىقىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يېڭى شەھەردىكى ماجەنساڭ قوماندانلىرىغا كونا شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇق بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تۆمۈر سىجاڭنىڭ قالدۇق كۈچلىرى بىلەن تۇڭگان قوشۇنلىرى ئارىسىدا دەھشەتلىك ئۇرۇشلار بولىدۇ. كاشغەر كونا شەھىرى تۇڭگان ئەسكەرلىرى بىلەن تولىدۇ. ئەتىسى تۇڭگانلار ئۈچۈن يېڭى ھايات، يېڭى شادلىق كۈنى بولىدۇ. لوزۇڭنىڭ بېغىدا پىلان- لايىھىلەرنى تۈزۈپ تەييارلىنىپ تۇرغان مادوتەي لوزۇڭنىڭ قول ئاستىدىكى مۇشۇ كۈنگە ئاتاپ بېقىلغان مىللىي ئەسكەرلەرنىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىدا كاشغەر ئوردىسىغا كىرىپ ئورۇنلىشىپ، ھوقۇقنى قولىغا ئالىدۇ. يېڭى شەھەردىن ھۇجۇم قىلىپ چىققان تۇڭگانلارنىڭ كۈچلۈك تەشكىللىنى كۆرگەنلەر نېمە قىلىشلىرىنى بىلمەي ھودۇقۇپ قېلىشىدۇ. شېھىد تۆمۈرنىڭ شەھەردە قالغان ئازغىنە ئەسكەرلىرى بولسا ئېتىشار- ئاتىشار شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ ئارتۇش تەرەپكە كېتىدۇ.

## تۇڭگانلارنىڭ ھۆكۈمەت ۋە ئىدارە شەكلى

شۇ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى بۇ قۇرلارنى يازغۇچى كەمىنە شەھەر ئىچى ۋە ئەتراپىدىكى ئۆلۈكلەرنى كۆمۈش، يارىدارلارنى شىپاخانىغا كەلتۈرۈش مەقسىتىدە ھىلال ئەھمەر جەمئىيىتىدىن ئاتلىنىپ، ئەسۋاب ۋە جابدۇقلىرىمنى ئېلىپ ئوردىغا كىردىم. ئوردىنىڭ تەرتىپ، ئىنتىزامى پۈتۈنلەي ئۆزگەرگەن. نەگە قارىساڭ خىتاي، تۇڭگانلار بىلەن تولغان بولۇپ، ئىدارە شەكلى قەدىمىي چىن (خەنزۇ) ئەنئەنىسى ئاساسىدا بېزەلگەن ئىدى. بىز كىرسەك، بىر تەرەپتە تۇڭگانلارنى ۋە يېڭىدىن تەختكە چىققان مادوتەينى تەبرىكلەش ئۈچۈن كەلگەن شەھەر بايلىرى، تىجارەتچىلىرى، ئالىملىرى ۋە باشقا كىشىلەر بىر ئايۋاندا قاتار تىزىلىپ تۇراتتى. مەن ئىچكىرىگە كىرگىنىمدە دائىرە بولۇپ تۇرغان كىشىلەر توپىغا كۆزۈم چۈشتى. مەن ئۇ يەردە يۇنۇس بەگ ۋە ئابدۇرەھمان ئەپەندىلەرنى كۆردۈم، ئۇلارمۇ مېنى كۆردى. سالام ئورنىدا كۆزلىرىمىز ئۇچراشتى. قارىسام ئۈستەلنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە ئولتۇرغان بىر ياش يىگىت ھەربىي بۆلۈم باشلىقىدەك كۆرۈنىدى. بىرىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇ چەپ يىڭىمگە تاقىۋالغان قىزىل ئاي بەلگىسىدىن مېنىڭ ھىلال ئەھمەرنىڭ خادىمى ئىكەنلىكىمنى بىلىپ، خىتايچە سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇ مېنىڭ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى چۈشەنمىگەنلىكىمنى ئۇققاندىن كېيىن رۇس تىلىدا سۆزلەشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىز راۋان سۆزلىشىپ كەتتۇق. سۆز

www.uyghurweb.net

ئارىلىقىدا مەن ئۇنىڭغا ھىلال ئەھمەرنىڭ خەلقئارالىق بىر جەمئىيەت ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى ھەمدە ئۆزۈمنىڭ بۇ ئورۇننىڭ مەسئۇلى ئىكەنلىكىمنى دېدىم. شۇ چاغدا بۇ ئادەم يۇنۇس بەگكە قاراپ خىتايچە بىر نىمىلەرنى دەپ كەتتى. يۇنۇس بەگ ئۇنىڭ مېنىڭ سۆزلىرىمنى قوللىغانلىقىنى ئىما قىلدى. نەتىجىدە، بۇ ئادەم مېنىڭ شەھەر ئىچى ۋە سىرتىدا، سېپىل ئاستىدا قالغان ئۆلۈكلەرنى كۆمۈشكە، يارىدارلارنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىپ داۋالىشىمغا قوشۇلدى. مەن سەمەندىكى ھېلىقى تۆت ئۆلۈكنى دېپىنە قىلىش ئۈچۈن ئايرىم رۇخسەت سورىغان ئىدىم، ئۇنىڭغىمۇ قوشۇلدى. مەن ئۇنىڭغا: «تۆمۈر سىجاڭنىڭ كاللىسى تېنى بىلەن بىرگە كۆمۈلەمدۇ ياكى ئايرىم كۆمۈلەمدۇ؟»، دېسەم، ئۇ شۇ ھامان يېڭى شەھەرگە تېلېفون بېرىپ، تۆمۈرنىڭ كاللىسىنى دەرھال ئېلىپ كېلىپ ھىلال ئەھمەرگە تاپشۇرۇشقا بۇيرۇق بەردى ھەمدە مېنىڭ بايىقى سوئالىمغا: «كاللىسى تېنى بىلەن بىرلىكتە كۆمۈلسۇن» دەپ جاۋاب بەردى. ئايرىلا چاغدا ئۇ ماڭا ئۆز تەشەككۈرىنى بىلدۈردى ۋە يۇنۇس بەگكە بۇ ئىشقا كېتەرلىك خىراجەتنى تەقلەپ بېرىشنى تاپىلىدى. مەن ھەرھالدا بۇ قورقۇنچلۇق ئوردىدىن سىرتقا ساق - سالامەت چىقتىم - دە، ئايىغىم يەرگە تەگەر- تەگمەس بىوز ئېتىمنىڭ قېشىغا چاپتىم. ھىلال ئەھمەر جەمئىيىتىدىكى خادىملار نۆۋەتتىكى قۇتقۇزۇش ئىشىغا ماڭدۇرۇلدى. مەن بولسام دوختۇرخانىغا قايتىپ كەلدىم. بىر كەمدە تۆمۈر سىجاڭنىڭ كاللىسىمۇ ئېلىپ كېلىنىپ ئۆز تېنىگە قوشۇلدى. ئابدۇللاھ ھاجىنىڭ باشچىلىقىدا تۆمۈر سجاڭ ۋە ئۇنىڭ ئىبراھىم قارى، سابىت قارى دېگەن ئىككى مۇھاپىزەتچىسى، شوپۇرى ئەمىن مەرگەن قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى توغراق مازارغا دېپنە قىلىندى.

«بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى ئاللاھنىڭ بەندىلىرىمىز)، چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز.» (بەقەرە سۈرىسى 156- ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

تۆمۈر سىجاڭ مەرھۇمنىڭ بۇ ھالغا دۇچار بولۇشىنىڭ سادىدىلىق، بىپەرۋالىقتا ئوخشاش بىر قانچە سەۋەبلىرى بار. مەسىلەن، ئۆز ۋاقتىدا خوجا نىياز ھاجىمىدىن تۆمۈر سىجاڭغا: «تۇڭگانلار بىلەن ئارىمىز بۇزۇلدى. بۇ بۇيرۇقنى تاپشۇرۇپ ئالغان ھامان تېزدىن ھەرىكەتكە كېلىپ كاشغەردىكى تۇڭگانلارنىڭ قوللىرىدىن قورالالار تارتىپ ئېلىنسۇن.» دېگەن مەزمۇندا بىر پەرمان كېلىدۇ. تۆمۈر سىجاڭ بولسا بۇ بۇيرۇقنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى بۇ بۇيرۇقنى مازىخۇيغا كۆرسىتىپ: «ماڭا مۇشۇنداق بۇيرۇق كەلگەن ئىدى. ئەمما مەن سىلەرگە دوستلۇق قىلىپ بۇ بۇيرۇقنى ئەمەلگە ئاشۇرمىدىم» دەيدۇ. بۇنى ئاڭلىغان زىخۇي تۆمۈرنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ ئۇنىڭغا تەشەككۈر ئېيتىدۇ ۋە بۇ ئىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويىدۇ. شۇندىن كېيىن تۇڭگانلار تۆمۈر سىجاڭنىڭ بېشىغا بالا، جېنىغا جازا بولىدۇ. نەھايەت ئۇلار تۆمۈرنىڭ ئەزرائىلى بولۇپ قالىدۇ. تۆمۈر بولسا ئۆز نادانلىقى، بىلمەسىزلىكىنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىدۇ.

ئەي خەسمى ھەقىقىي سېنى ئۆلدۈرمەلى ئاۋۋال
سەن، سەن بىزە دۈشمانلىرى ئۈستۈن گەتىرەن ئەل.
مۇھەممەد ئاكىف

تەرجىمەسى: ئەي ھەقىقىي دۈشمەن جاھالەت! ئالدى بىلەن سېنى ئۆلتۈرۈش كېرەك ئىكەن، بىزنى دۈشمەنگە خار قىلغان دەل ئۆزۈڭ ئەمەسمۇ؟

بۇ تۈركىستان ئېلى ئىچمىش جاھالەت ئاغۇسىدىن ۋاي،

ئىشتىمەيدۇ قۇلاغى بۇ جاھان قوقۇسى دىن ۋاي
يارەب تەرەھھۇم ئەيلەمەسەڭ ھالىمىز خەراب
ياندۇق جەھالەت ئاتەشىنە باغرىمىز كەباب
جەدىدلەر ئەسەرلىرىدىن

ئاپپاق خوجامدا يۈز بەرگەن تۇڭگان- ئۆزبېك توقۇنۇشى

شۇ كۈنلەردە ئاپپاق خوجام مازىرىنىڭ ئەتراپىدا تۇڭگان- ئۆزبېك ئەسكەرلەر ئارىسىدا شىددەتلىك بىر ئۇرۇش يۈز بەردى. ئىككى تەرەپتىن بولغان يارىدارلار، ئۆلۈكلەر مەيداندا، كوچادا، باغلاردا ھېچكىمنىڭ كارى يوق ھالدا قالدى. ئەتىسى ئوردىدىن ھىلالى ئەھمەر ئىدارىسىگە بىر تۇڭگان ئەسكەر كەلدى. قولىدا مىنى ئوردىغا چاقىرغان مەزمۇندا مەكتۇپ بار ئىدى. مەن دەر ھال بوز ئېتىمغا مىندىم- دە، ھېلىقى ھەربىي قوماندانىنىڭ ھوزۇرىغا كىردىم. كۆرۈشۈشتىن كېيىن ئۇ ماڭا: «ئەسكەر خانىدا يارىدارلار بار. سىزنى بۇ يەرگە ئۇلارنى داۋالاپ ساقايتىش، يەنە جەڭ مەيدانىدا ئۆلگەنلەرنى يەرلىكتە قويۇش ئىشلىرىدىن خەۋەردار قىلىش ئۈچۈن چاقىرتقان ئىدىم» دېدى. مەن بۇ ئىشلارغا تەييار ئىكەنلىكىمنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئۇ ماڭا ھىلال ئەھمەر ئىدارىسى ۋە دوختۇرخىنىدىكى ھەر قايسى خادىملارغا مائاش تىختىتىش ۋە دوختۇرخانىغا كېتەرلىك چىقىملارنى ھېسابلاپ چىقىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ رويخېتىنى يەتكۈزۈپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلدى. مەن بۇنىڭغا قوشۇلغان ۋە تەشەككۇر ئېيتقان ھالدا ئۇنىڭدىن ئايرىلدىم. تەلەپكە كۆرە، ئالدى بىلەن ئەسكەرخانىدىكى يارىدارلارنى ئېلىپ كېلىپ داۋالىدۇق. يەنە بىر ياندىن دېپىنە ئىشلىرىغا مەسئۇل ئابدۇللاھ ھاجى ئەسباب- جابدۇقلىرى بىلەن ئاپپاق خوجىغا ماڭغۇزۇلدى. ئۆلگەنلەر يەرلىكتە قويۇلدى. يارىدارلار ياتاققا ئېلىندى. تۆت دانە ئات ئۇستىدىكى خورجۇنلىرى بىلەن ھىلال ئەھمەرگە كەلتۈرۈلدى. بۇ ئىش تۇڭگانلارنىڭ ھەربىي قوماندانىغا دوكلات قىلىنغاندىن، قوماندانىدىن بۇ تۆت ئاتنى ھىلال ئەھمەر ۋە دوختۇرخانىنىڭ ئىشلىرىغا ئىشلەتسە بولىدۇ، دەپ رۇخسەت كەلدى.

بىر كىچىسى مۇجاھىدلاردىن بولغان قوراللىق تۆت نەپەر ئادەم تۇيۇقسىز دوختۇرخانىغا باستۇرۇپ كىرىپ ھېلىقى تۆت ئاتنى بۇلاپ كەتتى. دوختۇرخانىدىكىلەر قولىمىزدا قورال بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا تاقابىل تۇرالمىدۇق. كەلگەنلەرنىڭ ئىچىدە جەمئىيەت (ئىستىقلال جەمئىيەتى) ئەزالىرىدىن بولغان، جەرىنىل ساھىبقا ئەسكەر بولغان تاشكەنتلىك يەھيا دېگەن ئادەممۇ بار ئىدى.

(شاھ مەنسۇر) ئەمىر ئابدۇللاھنىڭ قاچۇرۇۋېتىلىشى

خوتەن رەھبىرلىرىدىن ئەمىر ئابدۇللاھ ۋە سابىت داموللاملارنىڭ كاشغەردە نەزەربەند بولۇپ قېلىشىغا مۇنەۋۋەرلەر (ئىستىقلال جەمئىيىتى ئەزالىرى ۋەكىللىكىدىكى ئىلغار كىشلەرنى دېمەكچى- ت) رازى ئەمەس ئىدى. شۇڭا جەمئىيەت تەرىپىدىن ئۇلارنى قاچۇرۇۋېتىش قارار قىلىنىپ، بۇنىڭ ئەمەلىي چارىسى ئىزدەلمەكتە ئىدى. يۇقىرىدا دەپ ئۆتۈلگەندەك، 1933 - يىلى 9 - ئاينىڭ **27** - كۈنى تۆمۈر سىجاڭنىڭ كاللىسى ئېلىنغانلىق خەۋىرى تارقىلىۋاتقان چاغدا ھىلال ئەھمەر جەمئىيىتىدىكىلەرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن سېتىۋالدىجانىنىڭ ئابرۇيلۇق قورۇبېشىسى بولغان ئارىپ خوجا ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە قوراللىق تۆت يىگىتنىڭ قوغدىشى ئاستىدا ئەمىر ئابدۇللاھ ۋە ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى كاشغەردىن قاچۇرۇلۇپ ياركەنتكە

يەتكۈزۈلدى. شاھ مەنسۇر يەنە بۇرۇنقىدەك ئۆز تەختىگە ئولتۇردى. بۇ كۈندە خۇددى پۈتۈن دۇنيا شاھ مەنسۇرنىڭ بولغاندەك بولدى. دېمىسىمۇ شاھ مەنسۇرنىڭ نەزەر بەندىتىن قۇتۇلغان بۇ كۈنى (9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى) ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ بەختىيار كۈن بولغان ئىدى. گۇمانلانغانلار بىرىپ شاھ مەنسۇرنىڭ روھىدىن سورسا بولىدۇ. شۇندا بۇ سۆزىمىزنىڭ ئىسپاتىنى ئۇنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلايدۇ. شېھىدلەرنىڭ پاك روھى ئەلـۋەتتە تـوغرا سـۆزلەيدۇ. شـاھ مەنسۇر ئۆلـگەن ئېيتقانـدا ھاياتلىقىنى يېڭىـدىن قـايتىش بولـۇپ ھېسابلىنىدىغان بۇ تارىخى كۈننىڭ خاتىرىسى سۈپىتىدە شاھ مەنسۇر ئارىق خوجا ۋە ئۇنىڭ يىگىتلىرىگە كاتتا زىياپەت بېرىش بىلەن بىرگە ئۇلارغا بىر خالتا ئالتۇن ئىلتىپات قىلدى. ھىلال ئەھمەر جەمئىيىتىگە رەھمەت- تەشەككۈرلەرنى ئېيتىپ، چىرايلىق ئىززەت- ئىكراملار بىلەن ئۇلارنى كاشغەرگە ئۇزاتتى. زامانىنىڭ تەقەززاسى بويىچە سابىت داموللام ئەمىر ئابدۇللاھتىن جۇدا بولۇشقا توغرا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن سابىت دامولامـۇ كاشـغەردىن يۆتكىلىپ سـۈپۈل (يـۇقراچە كىيىنگەن) ئەسكەرلەرنىڭ ھىمايىسىدە بىر بۆلـۈك مۆتىۋەرلەر ھەمدە جەمئىيەتنىڭ رەھبەرلىكىدە ئارتۇشقا ئۆزىتىلدى. سابىت دامولام ئارتۇشقا چىققاندىن كېيىن، ئـۇ يەردىكى زىيالىيلار، قوماندانلار، تېڭجاڭلار بىلەن سـۆھبەت ئۆتكـۈزۈپ، ئـۇلارنى كاشغەرنى دۈشمەن قولىدىن تەكرار قۇتقـۇزۇپ قـېلىش ئۈچۈن سەپەرۋەر قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئەمدى بىز ئارتۇشتىكى ئەھۋاللارنى شـۇ ھالدا قويـۇپ، ئوقـۇرمەنلەر بـىلەن بىرلىكتە كاشغەر شەھىرى ئىچىگە نەزەر تاشلايلى.

## كاشغەرنىڭ نىجاتى (قۇتۇلۇشى)

بۇ پەيتلەردە كاشغەر شەھەر ئىچىدە تۆمۈر سىجاڭنىڭ زامانى كېتىپ، تۇڭگان زامانى ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. خەلق بولسا ساراسىمە ئىچىدە ئىكككىلىنىپ قالغان ئىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئازغىنە سانغا ئىگە تۇڭگانلارنىڭ پۈتۈن مەملىكەت ۋە پارچە تۈركلەرنى باشقۇرۇپ كېتىپ بولالىشى ھېچ ئەقىلگە سىغماس ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، خەلقنىڭ ئەلپازىدىن «مۇجاھىدلار تويلىنىپ بارلىق كۈچلىرى بىلەن ئومۇمىي بىر ھۇجۇمغا ئۆتسە، بىز ئىچكىرىدىن قولىمىزدىن كەلگەن ياردەمنى قىلساق...» دېگەن بىر ئارزۇ گەرچە ئېغىزدىن چىقارمىسىمۇ تەبىئىيلا ئىپادىلىنىپ قالاتتى. كەمىنە مۇئەللىپ ھىلال ئەھمەر ۋە دوختۇرخانىدا خىزمىتىم بولغانلىقى ئۈچۈن پات- پات يارىدار بولغان تۇڭگان ئەسكەرلىرىنى داۋالاش مۇناسىۋىتى بىلەن ئوردا ۋە ۋە گازارمىغا ئۆتكەن چاغلىرىمدا تۇڭگانلاردىن جىق نەرسىلەرنى ئۆگىنىپ قايتار ئىدىم.

ئارتۇشتا تۆمۈر سىجاڭ دەۋرىدىكى ئەسكەرلەر بىلەن بىرگە تېڭجاڭلار، لۈيجاڭلار، قوماندانلارنىڭ ھەممىسى توپلاندى. سابىت دامولام باشلىق ئارتۇش مۆتىۋەرلىرى تاغدىكى قىرغىزلارنىڭ قوماندانى ئوسمان ئەلى بىلەن كۆرۈشتى. ئارىدا ئاتۇشتا چوڭ بىر يىغىن ئېچىلدى. يىغىندا جەمئىيەت ئەزالىرى ۋە باشقا بارلىق كىشىلەر كاشغەرگە ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قىلىشقا ئورتاقلاشتى. پەقەت ھۇجۇم كۈننى بېكىتىشلا ئايرىم بىر كېڭەشكە قالدۇرۇلدى.

## ئىستىقلال جەمئىيىتىنىڭ يىغىنى

ئاردىن كۆپ ئۆتمەي ئىستىقلال جەمئىيىتى كاشغەرگە ھۇجۇم قىلىش كۈنىنى بېكىتىش مەخسۇس يىغىنىنى چاقىردى. يىغىندا دۈشمەننىڭ ھەربىي ئەھۋالى، قوشۇن سانىغا ئائىت مەلۇماتلار كۆرۈپ چىقىلدى. بىر مەيدان قىزغىن كېڭىشىشتىن كېيىن، ھەممىنىڭ بىردەك ماقۇللىشى بىلەن ئومۇمىي ھۇجۇم كۈنى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قىلىپ بېكىتىلدى. ھۇجۇم كۈنى قىرغىزلار تاغ تەرىپىدىن، ئۆزبېك مۇجاھىدلىرى ئارتۇش تەرىپىدىن ھۇجۇم باشلىدى. بۇلارنىڭ كەينىدىن ئارتۇشتىكى خەلق كۈچلىرى، كاشغەرلىك تېڭچاڭلار بىرلىكتە نەرە تارتىپ كاشغەر كونا شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى. بۇ كۈندىكى ئومۇمىي ھۇجۇمدا ئىككى تەرەپتىن كۈن بويى توختىماي ئېتىلغان ئوق ئاۋازىدىن قۇلاقلار چۇڭقۇلدايتتى. يارباغ دەرۋازىسىدىن قۇم دەرۋازىسىنىڭ تاشقىرىسىغىچە بولغان ئارىلىقتا، سېپىل ئەتراپىدا ئۆلگەنلەر ۋە قېنىلىپ ياتقان يارىدارلار دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىندى. بۇ ئەتراپتا غائىب ئوق تەككەنلىكتىن ئېچىنىشلىق نالە- پەرياد قىلىپ ياتقان ئۆتكۈنچىلەرنى ھەر يەردە كۆرگىلى بولاتتى. دوختۇرخانىمىزدىكى يارىدارلارنىڭ دوختۇرلار، يارا تاڭغۇچىلار يېتىشەلمەي قالدى. ۋەزىيەت تولىمۇ خەتەرلىك ئىدى. ھاۋادا ئوقلار ئۇچۇپ تۇرغان، يامغۇردەك يېغىپ تۇرغان بىر چاغدا سەمەندىكى قىزىل كىرىست جەمئىيىتىگە چاپار ئارقىلىق مۇنداق مەزمۇندىكى بىر مەكتۇپ ئەۋەتىلدى.

KRASNO KREST V SOVTSKOY POLPREDSTVO V KASHGARE.
IDYAT BAY, MASSE RANENNIH YELAVENIKO,
ANDERSON NI USPIVAYUTV V BALNITSU.

تەرجىمىسى: ئۇرۇش داۋام قىلماقتا. يارىدارلار كۆپ. دوختۇر ئاندىرسون بىلەن يىلاۋىنكالار يېتىشەلمەيۋاتىدۇ، شۇڭا تېزدىن ياردەمگە كەلگەن بولساڭلار!

ھېچ قانچە ۋاقىت ئۆتمەستىن بىر پەيتۇندا ئايال دوختۇر سىسيايوۋا بىلەن دۈشەنبىلىك قاسىموفلار خەستەخانىدا پەيدا بولدى. ئۇچرىشىش ئارىلىقىدا دوختۇر سىسايوۋا: «مەجبۇرىيىتىمىزنى ئادا قىلىش ئۈچۈن بېشىمىزنىڭ ئۈستىدىن، ئالدى- ئارقىمىزدىن ئۇچۇۋاتقان ئوقلارغا قارىماي خەستەخانىغا قاراپ يۈگۈردۇق» دېدى. مەن ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە جاۋابەن: «شۇنداق ئېغىر كۈنلەردە ھىلال ئەھمەرگە كۆرسەتكەن ياردەملىرىڭىز تارىخ بويى ئالقىشقا لايىق، سىزگە كۆپ رەھمەت دوختۇر خانىم» دېدىم.

دوختۇر سىسايوۋا دوختۇر يىلاۋىنكا، دوختۇر ئاندىرسون ۋە بىزنىڭ ھەكىملىرىمىز بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن يارىدارلارنى داۋالاشقا كىرىشتى. ئۇلار شۇ ئىشلىگەنچە ئۈچ- تۆت سائەتچە قىزغىن ئەمگەك قىلىپ، خىلى كۆپلىگەن ئادەمنىڭ يارىلىرىنى تىكىپ، داۋالاپ بولغاندىن كېيىن كۈلۈپ، كۈلۈشكەن ھالدا يەنە پەيتونغا ئولتۇرۇپ قايتىپ كېتىشتى. بۇ چاغدا جەڭنىڭ شىددىتى بىر ئاز پەسىيىپ، ئوق ئاۋازلىرى ئازايغان ئىدى. بىلىشىمىزچە، كۈچى ئاز ئەمما ھىيلە- نەيرىڭى كۆپ بۇ تۇڭگانلار مۇجاھىدلارنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىگە، ھۇجۇمنىڭ شىددەتلىك بولىدىغانلىقىغا، ئەگەر مۇشۇ ئەسنادا ئوردا مۇھاسىرىدە قالىدىغان بولسا بۇنىڭ ئاقىۋىتى پاتونلەي يوقىلىش بولۇپ قالىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەنلىكتىن داۋاملىق قارشىلىق كۆرسىتىشتىن ۋاز كېچىپ، بارلىق قورال- جابدۇقلىرىنى ئېلىپ قۇم دەرۋازىدىن يېڭى شەھەرگە چېقىپ كەتكەن بولۇپ، شەھەر بوش قالغان ئىدى. مۇجاھىدلار بىلەن خەلق توپى شەھەرنىڭ ئۈچ دەرۋازىسىدىن شەھەرگە كىردى. ئوسمان ئەلى تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئورنىغا ئولتۇرغاندىن كېيىن قوشمەتمۇ ھەم ئۆزىگە مۇناسىپ بىر يەرگە ئورۇنلاشتى، باشقا ئەسكەرلەرمۇ لايىق جايلاردىن ئورۇن ئالدى. ئوردىنى ئىدارە قىلىش يەنە بۇرۇنقىدەك ۋالى يۇنۇس بەگ بىلەن ئۇنىڭ مۇئاۋىنى ئابدۇررەھمانغا تاپشۇرۇلدى. شىتەي يامۇلدىكى سىجاڭلىق ئورنىدا ئوسمان ئەلى، ئۇنىڭ يېنىدا جىفەك قازى بولۇپ، يۇرتنى ئىدارە قىلىشقا باشلىدى. بۇ ئارىلىقتا ئوسمان

www.uyghurweb.net

ئەلنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئەسكەرلەر يېڭى شەھەرگە ئارىلاپ- ئارىلاپ ھۇجۇمغا ئۆتسە، تۇڭگانلار دەرھال مۇداپىئەگە ئۆتەتتى. لېكىن بۇنداق ھۇجۇملىشىشلاردىن ھېچ قايسى تەرەپ ھېچ نېمىگە ئېرىشەلمەيتتى. مۇشۇنداق ھۇجۇملار بىلەن ئۈچ- تۆت ھەپتە ئۆتتى. سېتىۋالدىجان بولسا ئوسمان ئەلگە ھەر جەھەتتىن ئىتائەت قىلىۋاتقان بولسىمۇ يەنە ئۆزى بىلگەنچە ئۆز ئەسكەرلىرىنى تەرتىپكە سېلىش، مەشىقلەندۈرۈش ھەمدە ئۇلارنىڭ سانىنى ئاشۇرۇش بىلەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەسكەرلىرىنى تۆت بۆلەككە بۆلۈپ، يۈسۈپ جان، ئەبدۇررەھمان ئاكا، ئارىپ خوجە، كەرىمجانلارنى ھەر بۆلۈك قوشۇنغا بىردىن قوماندان قىلىپ تەيىنلىدى. يۈسۈفجان قوشۇنىنىڭ ئومۇمىي سانى شۇ چاغدا مىڭدىن ئاشقان ئىدى. يېڭى شەھەرنى خەتەرچى تەرەپتىن مۇھاسىرە قىلغانلار يۈسۈفجان قوشۇنىدىكى مۇشۇ پەرغانە مۇجاھىدلىرى ئىدى.

## چەت ئەللەردىن كەلگەن كىشىلەر

ئاشۇ يىللاردا خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەك چەتئەلدىن ھەرخىل كىشىلەر كېلىشكە باشلىدى. مەسىلەن، ھاجى ئەكرەم (داغىستانلىق)، ياشىنىپ قالغان، بىلىملىك، دىنىي ئىخلاسى ياخشى بىر مۇسۇلمان. كاشغەرگە كېلىپلا ھىلال ئەھمەر ھۆجرىلىرىدىن بىرىدە تۇردى، جەمئىيەتنىڭ يىغىلىشلىرىغا قاتنىشىپ، نۇتۇق سۆزلەيتتى.

ئابدۇلقادىر ئەپەندى ئەسلى كۇردىستانلىق بولۇپ، ئەسكىرىي تەلىم- تەربىيە ئالغان ئىستىپداتلىق ھەربىي ئىدى. ئۇ ئوتتۇرا ياش بولۇپ، خەستەخانا ھۆجرىلىرىدىن بىرىدە تۇراتتى. قىرغىز ئەسكەرلەرگە ھەربىي تەلىم- تەربىيە بېرەر ئىدى.

ئەھمەد تەۋفىق ئەپەندى، ئۇ ئەسلى ئەرەب بولۇپ، ئىستانبۇلدا ئوقۇغان، شۇڭا تۈركچە پەرقى يوق، ئەقىللىق، ھۇشيار، تېتىك ئادەم بولۇپ، ياخشى تورۇق ئاتى بار ئىدى. ئەرەبچە كىمىرىگە ئۈچى ئەگمە ئالتۇن خەنجىرىنى قىستۇرۇپ، لوندون ماركىلىق، 31950 رەقەملىك 35 دانە ئوقى بىلەن ئالتۇن تاپانچىسىنى ئېسىپ، كىشىنى زوقلاندۇرغۇدەك قوراللىنىپ، كاشغەر چىنىباغدىكى ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىغا كىرىپ- چىقىپ يۈرەتتى، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئۈچۈن ئىشلىشىگە ئىسمى ياراشماي قالغان بەكمۇ ھىيلىگەر بىر ئادەم ئىدى. مانا مۇشۇ ئەھمەد تەۋفىق ئەپەندى بىر كۈنى يېڭى شەھەرنى مۇھاسىرە قىلىپ تۇرغان مۇجاھىدلارنى كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن ئۇرۇش مەيدانىغا بارغىنىدا توساتتىن كەلگەن بىر غايىپ ئوق ئۇنىڭ ئوڭ يوتىسىدىن كىرىپ، سول يوتىسىنى تېشىپ چىقىپ كېتىدۇ. بەل قىسمىمۇ ئېغىر يارىلىنىدۇ. بىر ئوق بىلەن ئالتە يەردىن يارىلىنىپ خەستەخانىغا كەلگەن ئەھمەد تەۋفىق ئەپەندىنىڭ يارىسىنى تېڭىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى شىپاخانىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى بىر ياسىداق ھۆجرىغا ياتقۇزۇپ، كەمىنە پەخرىي ساقچى سۈپىتىدە ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدىم ۋە خىلى بىر مەزگىل دەردىنى تارتتىم. چۈنكى ئۇنى زىيارەت قىلىپ كېلىدىغانلارنىڭ كۆپلۈكى بىر دەرد بولسا، زىيارەتچىلەر ئېچىدىكى ھەرخىل، ھەر رەڭدىكى ئەسرارى ئەنگىز (تىڭتىڭچى) ئادەملەردىن ھەيرەتتە قالغانلىقىم يوشۇرۇپ بولمايدىغان ئىككىنچى دەرد بولدى. ناھايەت، بۇ ئادەممۇ شىپاخانىدىن ساقىيىپ چىقتى. ئەھمەد تەۋفىق مۇستەقىل پىكىرلىك ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن جەمئىيىتىمىزنىڭ پروگراممىلىرىغا قوشۇلمىدى. ھەر ۋاقىت مەجلىسكە چاقىرساق ھازىر بولمايدۇ. مېھماندارچىلىقتىن، توي- تۆكۈندىن قالمايدۇ. كۆپىنچە كېچىلىرىنى چىنى باغ ھەمدە شاھزادىنىڭ ئۆيلىرىدە زىياپەتتە بولۇش بىلەن ئۆتكۈزۈپ باشقا ئىشلارغا چول چىقارمايدۇ. ھوقۇق قىرغىزلارغا ئۆتكەن مۇشۇ كۈنلەردە تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىدىن ئىككى كىشى كېلىپ، ئوسمان ئەلى سىجاڭنىڭ قارارگاھىغا

ئورۇنلاشتى. ئابدۇلقادىر ئەپەندى دېگەن كىشى ئۇلارغا پەخرىي خىزمەتچى ۋە تەرجىمان قىلىپ قويۇلدى. بىر كۈنى بۇ كەلگەنلەر ھىلال ئەھمەر جەمئىيىتىگە زىيارەتكە كەلدى. ئۇلار بۇ يەرنى ھەۋەس بىلەن زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، بۇ يەرنىڭ مۇھىتى ئۇلارغا خىلى ياراپ قالغان چېغى، ئۇلار مۇشۇ يەردە تۇرماقچى بولۇپ قېلىشتى. شۇنىڭ بىلەن بۇلار ئوسمان ئەلىنىڭ قارارگاھىدىن ھىلال ئەھمەر جەمئىيىتى قوروسىغا كۆچۈپ كەلدى. ئۇلارنىڭ بىرى، مۇستافا ئەلى بېك (كىنەت)، ئىزمىردىن كەلگەن ۋەكىل، بۇ زات بۇرۇندىن تارتىپ سىياسىي ئىشلارغا ئارىلاشقان، ئەلەمدىمۇ، قەلەمدىمۇ بار ئادەم ئىدى. يەنە بىرى، مەھمۇد نەدىم، ئىستانبۇلنىڭ ئەتىق ئەلى مەھەللىسىدىن، زاپاس ھەربىي قىسىمدا ئوفىتسېر بولغان ئەلەمدار كىشى ئىدى. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئۆز يۇرتى تۈركىيىدە ئىشقا ئاشقان ئىنقىلابقا قىزغىن ئاۋاز قوشقان ۋە ئۇنىڭغا قاتنىشالىغانلىقىدىن ئۆزلىرىنى بەختىيار ھېس قىلىدىغان تۈرك قېرىنداشلىرىمىز ئىدى. شۇ كۈنلەردە پامىر تاغلىرىدىن ئېشىپ (ئىسمىنى ئۇنتۇپتىمەن) بىرگېرمان ئىنجىنېرى كەلدى. ھىلال ئەھمەرگە ئورۇنلاشتى. ئۇچرىشىش سۆھبىتى ئارىلىقىدا ئۇ ئۆزىنىڭ كاشغەرگە كېلىشتىن بۇرۇن كابۇلدا تۇرۇپ ئۇيەرنىڭ تېلېفۇن ئىشلىرىنى رەتكە سېلىپ بەرگەنلىكىنى، كاشغەردە يېڭى تۈركلەر ھۆكۈمەتى قۇرۇلغانلىقىنى ئاڭلاپ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى، لازىم كەلگەندە قولىدىن كېلىدىغان ھەرقانداق خىزمەتكە تەييار ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئۇندىن باشقا يەنە بىر بۆلۈك مەدەن (مېتال) ئايرىش ئىشلارىدىنمۇ خەبەردار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ ئۆتتى. ئۈچ - تۆت كۈن ئۆتكەندە ئۇنىڭ ئايالى كەلدى. بۇ ئايالنىڭ مىللىتى ئىتالىيان بولۇپ، توققۇز- ئون تىلنى بىلىدىغان، سېرىق ئۆڭ، قاقۋاش، ھۇشيار ئەمما چىھرى سەترەك بىر ئايال ئىكەن. كاشغەرگە رۇسىيە ئارقىلىق تاشكەنت، فەرغانىلەردىن ئۆتۈپ كەپتۇ.

چەت ئەلدىن كەلگەن مېھمانلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشلىرى كەمىنىگە تاپشۇرۇلدى. ئاللاھتىن ياردەم تىلىگەن ھالدا بۇ ئېغىر خىزمەتلەرنى ئۈستۈمگە ئالدىم. ئەھمەد تەۋفىق ئەپەندى ئۆز تاماشاسى بىلەن ئاۋارە، تېز- تېز خوتۇن ئالماشتۇرۇپ تۇرىدۇ، كاشغەرنىڭ شاللاق خوتۇنلىرى بىلەن ئاپاق- چاپاق بولۇپ يۈرىدۇ، ئاز مۇددەتتە ئالغان خوتۇنى ئالتىگە يەتتى.

هاجى ئەكرەم داغىستانلىق، ئاقكۆڭۈل ئادەم. جەمئىيەت يىغىنلىرىدىن قالمايدۇ.

ئابدۇلقادىر ئەپەندى كۇردىستانلىق، قىرغىز ئەسكەرلەرنىڭ ھەربىي تەلىم ئىشلىرىغا مەسئۇل.

## ھۆكۈمەت قۇرۇلۇش ئەرىپىسىدە ئېچىلغان «قۇرۇلتاي»

ۋاقىت- سائىتى كېلىپ، ھىلال ئەھمەر جەمئىيىتىدە چوڭ قۇرۇلتاي ئۆتكۈزۈلدى. يۇقىرىقى تۈرك لىرىمىزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق قەلەمدار ۋە ئەلەمدارلار قۇرۇلتاي سورۇنىغا توپلاندى. بىر قانچە باسقۇچلۇق قىلىپ ئۆتكۈزۈلگەن بۇ قۇرۇلتايدا ھەممە بىر ناۋا، بىر ئاھاڭ بولۇپ، نۆۋەتتىكى ھۆكۈمەت قۇرۇش ئىشى ۋە ئۇنىڭغا كېتەرلىك خىزمەتلەر توغرىسىدا جىددىي كېڭەشكەندىن كېيىن، ئاخىرىدا ھەممە بىردەك، ھۆكۈمەت (دۆلەت) نامىنى «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» دەپ بېكىتىشكە قارار قىلدى. ئارقىدىن تۈرلۈك قۇرۇلۇش لايىھىلىرى تۈزۈلدى. كابىنە (ھۆكۈمەت) ئەزالىرى سايلاپ چىقىلدى. ماناشۇ ئارىلىقتا كەمىنىگە: «ئەپەندىم! سىز نازارەتلەرنىڭ بىرىدە خىزمەت قىلىشىڭىز لازىم» دېگەن گەپ بولدى. ئەمما مەن نازارەتتە خىزمەت قىلىشقا لايىق ئەمەسلىكىمنى بىلدۈرگەن بولساممۇ، ئۇلار «سەھىيە نازاراتى ياكى مالىيە نازارىتىدەك بىرەر ئورۇننى قوبۇل قىلمىساڭىز بولمايدۇر، سىز بۇنداق خىزمەتكە تازا لايىق كېلىسىز» دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. مەن ئۇلارغا: «سۆزۈڭلارنىڭ سەممىي ۋە جىددىي بولغانلىقىدىن ھەممىلىرىگە تەشەككۈر

ئېيتىمەن، ئەمما مەن نازارەتتە ئىشلەشنى ئويلىمىدىم. لېكىن ئەل - ۋەتەن خىزمىتى ئۈچۈن ئەگەر مۇمكىن بولسا، كۆڭلۈمدە مۇنداق بىر ئارزۇيۇم بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ مەن ھۆكۈمەتىمىزنىڭ ئەنقەرەدىكى ئەلچىخاناسىدا خىزمەت قىلغان بولسام، شۇ ئارقىلىق ئىككى قېرىنداش دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىلمىي ئالاقىلىرىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش ئۈچۈن قولۇمدىن كەلگەن خىزمەتلەرنى قىلغان بولسام، شۇنىڭ ئۈچۈن كەمىنىلىرى ئىچكى ئىشلار بىلەن ئارىلىشىپ قالماي سەربەست (بىر چەتتە) تۇرسام» دېدىم. مەجلىس ئەھلى بۇ سۆزلىرىمنى ئالقىشلىدى ھەم قوللىدى. شۇنىڭ بىلەن ماڭا سەھىيە نازارىتىگە ۋاقىتلىق مۇئاۋىن نازىر، مائارىپ نازارىتىدە مۇستەشار (مەسلىھەتچى) لىك ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلدى. مەجلىس شۇ كۈنى كەچكىچە داۋام قىلدى. لايىھنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەتىسگە قالدى. ئەتىسى ئوردىغا ئەسكىريي ۋە مۈلكىي ئىشلارغا ئالاقىدار كىشلەر توپلاندى. ئۇلار بىرىنچى قارار بويىچە، شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى قۇرۇشقا قوشۇلغانلىق ئىمزالىرىنى قويۇشتى. تامغا- مۆھۈرلار بېسىلدى. دۆلەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك قوماندان، ئوفىتسېرلىرىنىڭ سانى 35 كىشىگە يەتتى. بۇلارنىڭ قائىدە بويىچە قەسەم ئىچىشلىرى لازىم ئىدى. بۇنىڭ ئىجراسى ئۈچۈن نەدىم بەگ ئورنىدىن تۇرۇپ ئوتتۇرىغا كېلىپ، شىرە ئۈستىدە تۇرغان قۇرئان كەرىمنى قولىغا ئېلىپ «ئۇشبۇ قۇرئان كەرىمنىڭ ھەققى- ھۆرمىتى ئۈچۈن دۆلەتكە ئىتائەت قىلىمەن، ۋەتىنىمگە، دىنىمغا خىزمەت قىلىمەن، ھۆكۈمىتىمگە خىيانەت قىلماسلىق ئۈچۈن قەسەمياد قىلىمەن» دەپ قۇرئان كەرىمنى سۆيۈپ بېشىغا قويدى. ئۇنىدىن كېيىن جەرنىل ساھىب باشلىق بارچە قوماندان ۋە ئوفىتسېرلار مەھمۇد نەدىم بەگنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە كەمىنىنىڭ تەرجىمانلىق قىلىشى بىلەن ھەممىسى بولۇپ، 35 كىشى ئايرىم - ئايرىم ھالدا شىرە ئالدىغا كېلىپ قۇرئان تۇتۇپ ھۆكۈمەتنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىشقا، دىنىغا، ۋەتىنىگە خىزمەت قىلىشقا قەسەمياد قىلدى. ئاخىرىدا ھەممەيلەن بىر - بىرىگە مۇبارەك بولسۇن، دېيىشىپ ھۆكۈمەتنى تەبرىكلەشتى. جەرنىل ساھىب ۋە باشقىلارنىڭ تەنتەنە سۆزلىرىدىن كېيىن دۇئا- تىلەكلەر قىلىنىپ، ھەممەيلەن ئەتىسى تۈمەن بويىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان دۆلەت قۇرۇلۇش نامايىشىغا ھازىرلىنىدىغان بولۇپ ئۆز جايلىرىغا قايتىشتى.

كاشغەردە نامايىش كۈنى

ئەتىسى (**1933** - يىلى **10** - ئاينىڭ 21 - كۈنى) سائەت ئونلاردا ھەربىي قوماندانلار، مۈلكىي ئەمەلدارلار، يۇرت نامايەندىلىرى، دۆلەت رەھبەرلىرى باشلىق ئىستىقلال جەمئىيىتى، نەشرىيات، مائارىپ جەمئىيىتى، ھىلال ئەھمەر جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەتلىرى دارۇلمۇئەللىمىين ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مىللىي مارشىنى ئوقۇپ مىللەتنىڭ دەردلىك كۆڭلىنى ئېرىتىپ رەتلىك مېڭىپ تۈمەن بويىغا، يىغىن مەيدانىغا يىغىلدى. بۇ نامايىشقا ئەسكەردىن يەتتىمىڭ (7000)، خەلقتىن ئون ئۈچ مىڭ (13000) كىشى بولۇپ، 20000 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. نامايىشنىڭ ھەيئەت رىياسىتى تەرىپىدىن شەرقىي تۈركىستان دۆلەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇشبۇ بايانامىسى ئوقۇپ ئۆتۈلدى.

شەرقىي تۈركىستان دۆلەت قۇرۇلۇشىنىڭ بايانامىسى

ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە مېھرىبانلىقىغا ۋە رەئىسى مۇئەززەم خوجا نىياز ھاجى ئىبنى ئەمىن نىياز ھاجىم ھەزرەتلىرىنىڭ لاياقەتلىك ۋە سەلاھىيەتلىك ۋەكىللىرىنىڭ ئىتتىپاقىغا ۋە پۈتۈن لەشكىرى ئىسلام

باشلىقلىرى، قوماندانلىرىنىڭ ۋە بارچە پۇقرا (رەئىيەت) نىڭ مۇۋاپىقەتلىرىگە سۈيۈنۈپ، مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستانىمىزنىڭ مۇۋەققەت ھۆكۈمىتى تۆۋەندە بايان قىلىنغان تەرىقىدە قۇرۇلدى:

باش ۋەكىل: سابىت ئابدۇلباقى.

ئىچكى ئىشلار نازىرى: يۇنۇس بەگ سەئىيدزادە.

تاشقى ئىشلار نازىرى:

مائارىپ نازىرى: ئورازبەگ.

ئەۋقاف نازىرى: شەمسىددىن تۇردى ھاجى.

ئەدلىيە نازىرى: زەرىف قارىھاجى.

مالىيە نازىرى: ئەلى ئاخۇنباي.

دېھقانچىلىق، سودا نازىرى: ئەبۇلھەسەن ھاجى.

سەھىييە نازىرى: ئابدۇللاھ خانىي.

مۇفەتتىش: ھاجى ئەلەم ئاخۇنۇم.

## باش ۋەكىلنىڭ خىتابى

بايانناما ئوقۇلغاندىن كېيىن، باش ۋەكىل سابىت ئابدۇلباقى ئومۇم خەلققە قاراپ تۆۋەندىكى خىتابنى قىلدى:

ئەزىز مىللىتىم، مۆھتەرەم ۋەتەنداشلىرىم، ئاللاھ تەئالاغا ھەمدى بەھەد، پەيغەمبىرىمىزگە دۇرۇدى بىنىھايەت بولسۇنكى، دۆلىتىمىز قۇرۇلدى!

دۆلەت قۇرۇشتىن مەقسەت ـ مەملىكىتىمىزنىڭ شەھەر ۋە سەھرالىرىدا كۆپ ۋاقىتتىن بېرى داۋام ئېتىپ كەلگەن ھۆكۈمەتسىزلىك سەۋەبىدىن ۋۇجۇدقا چىققان ئۆز بېشىمچىلىقلارنى يوق ئېتىپ، يۇرتتا تىنچلىق ۋە ئاسايىشلىقنى جارى قىلىشتۇر. ئەسكىرىي ۋە ھەربىي ۋەزىپىلەر، ئىخلاسلىق، لاياقەتلىك كىشىلەرگە تاپشۇرۇلدى. بارچە يۇرتداشلارنىڭ سىياسىي، دىنىي، مىللىي ۋە مەدەنىي ھوقۇقلىرى ھۆكۈمەتنىڭ كېپىللىكى ئاستىدىدۇر.

چېگرىداش قوشنا دۆلەتلەرنىڭ رەسمىي مەمۇرلىرى ۋە رەئىيەتلىرى ئەمنىيەت (بىخەتەرلىك) ئىچىدە، مەشرۇئ (بەلگىلەنگەن) ۋەزىپىلىرىنى داۋام قىلدۇرمىقى مۇمكىندۇر. ئىلگىرىدىن بېرى ھەمسايە دۆلەتلەرنىڭ ھېچ بىرىگە ئاداۋەتتە بولۇشنى خىيال قىلمىغان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ پاك تەبىئەتلىك ۋىجدانلىرىغا تەرجىمان بولۇشتا داۋام قىلىنىدۇ. يەنى ئاۋۋالدىن تارتىپ ھەمسايە دۆلەتلەر بىلەن بولغان دوستلۇق ۋە مۇھەببەتلىرىمىزنى ئىنشائاللاھ (خۇدا خالىسا) داۋام قىلدۇرۇمىز.

ئۇلۇغ تۈركىستان ئۈچۈن ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق قوبۇل قىلىندى. ھەربىر يۇرتداشنىڭ مىلى، جېنى ۋە شەرىپىنىڭ ئەمنىيەتتە بولغانلىقىغا تىنچ ۋە خاتىرجەم بولۇپ، ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، دۆلەتكە ئېتىماد (ئىشەنچ) قىلىشلىرى مەتلۇب (كېرەك) تۇر. تەۋپىق ئاللاھتىندۇر، دەپ باش ۋەكىلنىڭ سۆزى تۈگەر-تۈگىمەستىن مەيدانغا توپلانغان ئاممىنىڭ ھەممىسى بىردەك، ئامىن! ئامىن! دەپ توۋلىشىپ كەتتى. باش ۋەكىلنىڭ خىتابى تامام بولغاندىن كېيىن يەنە باشقا دۆلەت رەھبەرلىرىمۇ سۆزگە چىقىپ تەنتەنىلىك سۆزلەر بىلەن ئۆز تەبرىكلىرىنى بىلدۈرۈشتى. ئارقىدىن شادلىق مۇراسىمى باشلىنىپ مىللىي مۇزىكا چېلىنىشقا باشلىدى. قىرىق بىر پاي توپ ئوقى ئېتىلدى. توپ ئېتىلغان ھامان شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىخىي، مىللىي

www.uyghurweb.net

كۆك بايرىقى ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى. ئاي يۇلتۇزلۇق مىللىي كۆك بايرىقىمىز كۆك باغرىدا لەپىلدەشكە باشلىغان شۇ سائەتتە ئىختىيارسىز تارىختىكى شان- شەۋكەتلىك ھاكىمىيەت دەۋرلىرىمىزنى ئەسلىتىپ تۇردى. بىر تەرەپتە ئوقۇغۇچىلار بىر ئاۋازدا:

بايرىقىمىز كۆك بايراق،
ئوردۇمىز ئالتۇن ئوردۇ.
تۈركىستان تۈركنىڭ يۇرتىدۇر،
تۈركنىڭ ئولاجاق.

دېگەن دۆلەت مارشىنى ئوقۇشۇپ دەردلىك كۆڭۈللەردىكى غايىلىرىنى ياڭراق ئاۋازلىرى بىلەن ساپ تۈرك تىلىدا سۆزلەپ تۇردى. بۇ كۈنى مەيدانغا توپلانغان كىشلەرنىڭ روھىي كەيپىياتى پۈتۈنلەي باشقىچە ئىدى. خوشلىقىدىن كۈلۈپ تۇرغان چىھرىلەرنى، ئۆزىنى تۇتالماستىن يىغلاپ تۇرغان شاد كۆزلەرنى، يا ئاللاھ! بۇ بەختلىك كۈنلەرگىمۇ ئۇلۇشىدىكەنمىز، خۇدايىمغا تۈمەنمىڭ شۈكرە، دەپ ئۆتمۈشىنىڭ قارا تۇتقۇنلۇق دەۋرىگەنەپرەت ياغدۇرۇپ تۇرغان كىشلەرنى ھەر يەردە كۆرگىلى بولاتتى. خۇشلۇقىدىن سەرخۇش (خۇشكەيپ) بولۇپ ھەيرەت كۆزلىرى بىلەن نامايىشقا پۈتۈن بارلىقى بىلەن بېرىلىپ قاراپ قالغان يۇرتداشلارنى بۇ ئىشلار ھەقىقەتەن ھاڭ- تاڭ قالدۇرماقتا ئىدى. چېلىنىۋاتقان مىللىي مۇزىكىلار ۋە گۈمبۈرلەپ ئېتىلىۋاتقان شادىيانە توپلىرىنىڭ ئاۋازى يىراق- يىراقلارغا كەتمەكتە ئىدى. بايانىنامە تارقىتىپ بېرىلگەن بولۇپ، خەلق ئۇنى توپ- توپ بولۇپ ئوقۇشۇپ، بىر - بىرىگە چۈشەندۈرۈشۈپ ئۆز كۆڭۈللىرىنى كۆتۈرۈشمەكتە ئىدى. شۇ ئەسنادا نامايىشچىلار توپى شەھەر سىرتىدىكى تۈمەندىن شەھەر ئىچىگە قاراپ يۈرۈشكە باشلىدى. ئۇلار شۇ ماڭغىنىچە ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ باشچىلىقىدا ئۇدۇل ھېيتگاھ مەيدانىغا كېلىپ توختىدى. دەستلەپ باش ۋەكىل سابىت داموللا، ئاندىن كېيىن ھەرقايىسى نازىرلار، ناتىقلار، تەشۋىقاتچىلار ئارقا- ئارقىدىن سارايىنىڭ ئۆگزىسىدىكى پەشتاقتا چىقىپ سۆز قىلدى. سۆز قىلىنىۋاتقان شۇ ئەسنادا كاشغەردىكى قوراللىق قىسىملار سەپ- سەپ بولۇپ ئاتلىق ۋە پىيادە ھالدا ھېيتگاھ مەيدانىدا كۆرەكتىن ئۆتۈپ تۇردى. تارىختىن بۇيان ھەر بىر خەلقتىكى ھەربىي غەلىبىلەر، نامايىش- كۆرەكلەر، جەڭ مەيدانىدىكى ئۇتۇقلار شۇ خەلقنىڭ مىللىي ئىپتىخارلىق تۇيغۇلىرىنى ئۇيغىتىپ كەلگىنىدەك، نۆۋەتتىكى بۇ ئىشلارمۇ خەلق ئاممىسىنى قانچىلىك ھاياجانغا سېلىۋاتقانلىقىنى بىلىش قىيىن ئەمەس ئىدى.

باش ۋەكىل سابىت ئابدۇلباقىنىڭ يالقۇنلۇق نۇتقى ئاياغلاشقاندىن كېيىن قازى ئەسكەر موللا مۇھەممەد جان ئاخۇند، ھىلال ئەھمەر جەمئىيىتىدىن مۇسا ئەپەندى، مەھمۇد نەدىم بەگ قاتارلىقلار تەرتىب بويىچە سۆزگە چىقىپ بۇ ئۇلۇغ كۈننىڭ شان- شەرىپىگە بېغىشلانغان يۈرەك سۆزلىرىنى قىلدى ھەمدە دۆلەت قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى ئارزۇ- ئۈمىدلىرىنى بىلدۈرۈشتى. شۇنداق قىلىپ ھۆكۈمەت قۇرۇلدى، نامايىش ئۆتكۈزۈلدى. ئارىدىن ئىككى - ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئوردىغا باش ۋاكالەتخانىدا بولىدىغان بىر يىغىنغا مۇناسىۋەتلىك كىشلەر چاقىرتىلدى. نازىرلار، جەمئىيەت ئەزالىرى، ئەدىبلەر، زىيالىيلار، بىر بۆلۈك قوماندانلار ۋە باشقىلار بولۇپ بىر مۇنچە ئادەم توپلاندۇق. ھەممىمىزنىڭ چىھرى ئوچۇق، كۆزىمىزدىن شادلىق يېغىپ تۇرغان، كەيپىمىز چاغ ھالدا قىزغىن سۆھبەتكە چۈشۈپ، نۆۋەتتە ھۆكۈمەت ئالدىدا تۇرغان مۇھىم ۋەزىپىلەر ئۈستىدە كېڭەشتۇق. يېڭى ۋەزىپىلەرگە يېڭى خادىملار بەلگىلەندى. بۇ يىغىن خۇددى نازىرلار مەجلىسىنىڭ بىرىنچى نۆۋەتلىك يىغىنىغا ئوخشاپ قالغان ئىدى. يىغىن مۇناسىۋىتى بىلەن شائىرلىرىمىزدىن بىرسى ماڭا بىر كونۋېرتنى ئۇزاتتى. مەن ئۇنى ئېلىپ باش ۋەكىلگە سۇندۇم. باش ۋەكىل كونۋېرتنى ئېچىپ

ئۇزۇندىن- ئۇزۇن يېزىلغان قۇرلارغا بىر قۇر كۆز تاشلىغاندىن كېيىن يەنە ماڭا ئۇزاتتى ۋە: «ياخشى قەسىدىگە ئوخشايدۇ، ئەپەندىم، قېنى ئوقۇسۇنلەر» دېدى. مەن شۇ هامان ئۇنىڭ قولىدىن قەسىدىنى ئېلىپ يىغىن ئەھلىگە قاراپ ئوقۇشقا باشلىدىم.

شەرقىي تۈركىستان دۆلەت قۇرۇلۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن كاشغەر دارۇلمۇئەللىمىين مۇدىرى تۇرغۇن جان باي بەچچە توغرۇل رەھىمىينىڭ قەلەمى بىلەن يېزىلغان قەسىدە:

قىلىپ تەڭرى ئىنايەت بىزلەرە ئىقبال باشلاندى،
ئۈزۈلدى زەنجىرى زىللەت، ئەجەب بىر هال باشلاندى،
پەيەمبەر روھلىرىنى قىلغالى خۇشهال باشلاندى،
چالىشتى مىللىتىم، غەيرەتلە ئىستىقبال باشلاندى،
ئۆتتۈپ دەۋرى ئەسىرى دەۋرى ئىستىقلال باشلاندى،
پەيەمبەر سۈننەتىنى ئەيلەمەك ئىجلال باشلاندى.

بولۇپ تەرىخە بىرمىڭ ئۈچيۈز ئەللىك ئىككى ھىجرەتدىن،
يىگىرمە ئۈچ رەجەب شەنبە كۈنى ئەھلى ھەمىيەتدىن،
ھۆكۈمەتنىڭ قوناغىغە يىغىلدى ئەھلى ھىممەتدىن،
ھەمە كاتتە قوماندانلەر كېلىشتى يەخشى نىيەتدىن،
ئۆتتۈپ دەۋرى ئەسىرى دەۋرى ئىستىقلال باشلاندى.
پەيەمبەر سۈننەتىنى ئەيلەمەك ئىجلال باشلاندى،

ئەزىز مېهمانىمىز مەھمۇد نەدىم بېك رەھبەرى مىللەت،
قوماندانلەرگە باقىپ دېدى: ئەيلەڭ مىللەتە خىزمەت،
شەھەرلىك، ئەندىجانلىك ھەمدە قىرغىزسەن دەمەڭ ھېچ ۋەقت،
ھەمەمىز بىر ئاتا ئەۋلادى ھەم ئەفرادى بىر مىللەت،
نەقرات:
ئېلىپ مۇسھەف قولىغە خىزمەت ئەتمەككە قەسەم ئەيلەپ،
ئۇ تۈركلىك ھېسسىياتى بىرلە بىزلەرگە كەرەم ئەيلەپ،
ئوشۇلدەم هازىرىنگە قىلدى تەئسىر كۆزنى نەم ئەيلەپ،
ئىتائەت قىلدىلەر ھەرقەيىسسى قەددىنى خەم ئەيلەپ،
نەقرات:
سوقۇش نازىرلىقىغە مەجلىس ئەھلىنىڭ تامانىدىن،
ئورازبېكنى قويولدى ھەپ قوماندانلەر قارارىدىن،
بولۇپ مەركەز قوماندانى بۇ باتۇرلەر ئاراسىدىن،
ئوشۇل مىڭباشى يۈسۈپ جان ئىرۇر مىللەت غۇلامىدىن،
نەقرات:
بۈگۈن يەكشەنبە خۇرشىدى ئەركىنىدىن چىقاردى باش،

بۇلۇتلەر بىرلە بىلمەم ئەيلەگەن ئىردىمۇكىن كىنگاش،
كى هايىل بولماغىل هۆسنۈمنى ئانلەرگە قىلايمەن فاش،
سابا ھەم باخەۋەر ئىردىمۇكىن ئۇنگە بولۇپ يولداش.
نەقرات:
بىزنىم بايراقىمىز رەنگىدە كەيمىشتى سەما خىلئەت،
تەمىز ئەيلەر ئىدى يەرنى قىلىپ بادى سەبا خىزمەت،
كۈلۈپ ئويناپ باقىپ ھەريان ئىدى شاھۇ- گەدا خۇشۋەقت،
دۇئا ئەيلەر ئىدى خار بولماسۇن دەپ دائىما مىللەت،
نەقرات:
ئوقۇپ شەرقىيلەرىن مەكتەبلىلەر مىللەتنى مەست ئەيلەپ،
بۈيۈك سەردارلىرى كۆرگەندە بىر - بىردىن سالام ئەيلەپ،
تۈمەننىڭ ئورتەسىغە تۇردىلەر بىرىپ قىيام ئەيلەپ،
تەمام ئەسكەر تۇرۇپ سەف ئاچتىلەر يول ئىھتىرام ئەيلەپ،
نەقرات:
قىيامى سائەت ئون بىردە خەلايىق ئىنتىزار ئىردى،
كۈتتۈپ ئىل باش ۋەكىلنى بەرچەسى بىردىن تۇرار ئىردى،
ئالۇرغا رەسمىمىزنى ئەجنەبىي شەخسلەردە بار ئىردى،
ۋەكىللەر نامىنى بىلمەك ئۈچۈن يۈرت بىقارار ئىردى،
نەقرات:
كېلىشتىلەر ئۇشۇلدەم داموللا سابىت بىرلە مىھمانلەر،
سالام ئەيلەپ تەۋازۇئ قىلدىلەر مەيداندە تۇرغانلەر،
ھەمە ئەسكەرلىرى بىرلەن يېتىپ كەلدى قوماندانلەر،
ئەدۇۋلەر قەيغۇدە، خۇرسەند ئىدىلەر ئەھلى ئىمانلەر.
نەقرات:
ئوقۇلدى داموللا سابىتنىڭ تاماندىن بەياننامە،
ۋەكىللەر شەمئ بولدىلەر خەلايىق مىسلى پەرۋانە،
قىلىپ ئىئلان ئىستىقلال، قۇرۇلدى مىللىي دەۋرانە،
تۇرار ئىردى ئەساكىر سەف تۈزۈپ مەيداندا مەردانە.
نەقرات:
بىرەر يۈز پاي توپ ئاتىپ مىللىي كۆك بايراق ئاستىلەر،
ئوقۇپ مەكتەبلىلەر شارقىيسىنى دىللەرنى ئاچتىلەر،
مۇنافىق، دىنى سۇستلەر ئويلانىپ ھەسرەتتە قالدىلەر،
نەمايىش ھېكمەتىنى بىلدىلەر، ئاخىر ئۇيالدىلەر،
نەقرات:
بولۇپ ھەيئەت رەئىسى داموللا سابىت ئەقلى كاملدىن،
يەنە ئەدلىيەگە قارى زەرىف ئەھلى ئەدالەتتىن،

بۇ ئەۋقاف نازىرى ئول داموللا شەمسۇددىن ئەفازىلدىن،
مۇفەتتىش ھاجى ئالىم بولدى ئۆز كارىغە ئامىلدىن.
نەقرات:
مائارىپ نازىرى مەخدۇم، تىجارەت بۇلھەسەن ھاجى،
يۇنۇسبېك داخىلىيە، خارىجىي نازىر قاسىم ھاجى،
ئەلى ئاخۇن باي بولۇپ مالىيەگە، سەھىيىيەگە خانىي،
بولۇپ ھېچ قالمادى مىللەتنى دىلدە زەررە ئارمانى،
نەقرات:
دۇئائەيلەپ يانىپ بارچە ئىبدگاھغە يىغىلدىلەر،
ھۇجۇم ئەيلەپ خەلايىق ئاست- ئۈستىگە تىقىلدىلەر،
مۇجاھىدلەر كېلىپ سەف تارتىبان بىر- بىر تىزىلدىلەر،
بەلەند ئاۋاز بىرلە باش ۋەكىل سۆزگە كىرىشتىلەر.
نەقرات:
دېدى: يۇرتداشلىرىم، بۇ كۈن ئەسارەتتىن قۇتۇلغان كۈن،
بۇ كۈن كۆلفەتتە چىككەن ئاھىمىز تەڭرىگە يەتكەن كۈن،
بۇكۈن ئىركىن بولىپ مىللەت، ھۆكۈمەت قولغە كەلگەن كۈن،
مۇجاھىدلەر ۋەتەندىن دۈشمەن ئىلگىنى قۇرۇتقان كۈن.
نەقرات:
بۇگۈن مەھكۇمىيەتتىن ھاكىمىيەتكە قەدەم باسدىك،
ئاچىلدى بابى رەھمەت، بەخت، نۇسرەتلىك ئەلەم ئاسدىك،
يىقىلماس ھەم يوقالماس شانلى شەۋكەتكە قەدەم باسدىك،
ئېلىپ ئىبرەت بۇكۈندىن غالىبىيەتكە قەدەم باسدىك.
نەقرات:
بىلىڭ بىر نەچچە يىللەر كىتدى دۆلەت جاھىلىيەتتىن،
بىلىڭ مەھكۇمىيەتنى يەخشى كۆردىك ھاكىمىيەتتىن،
يىتۈشتى زۇلمۇ- كۆلفەت، پەس تەبىئەت غەيرىي مىللەتتىن،
چىقاردى ئۆزگەلەر بىزنى قاتارى ئادەمىيەتتىن.
ئۆتۈپ دەۋرى ئەسرى دەۋرى ئىستىقلال باشلاندى،
پەيەمبەر سۈننەتىنى ئەيلىمەك ئىجلال باشلاندى.

كېلىڭ دىنداشلىرىم مىللەتكە خىزمەت ئەيلەڭىز ئەمدى،
ۋەتەننى ساقلاماققا تىنمايىن غەيرەت قىلىڭ ئەمدى،
ئايا زاھىت سىفەتلەر تەرك ئەتىپ خىلۋەت چىقىڭ ئەمدى،
ئۇلۇغ، ئەركىن ھۆكۈمەت قەدرىنى بىل كۈن بىلىڭ ئەمدى.
نەقرات:
تەمام ئەيلەپ سۆزىنى قىبلەگە باقىپ دۇئا قىلدى،

تەمەننا ئەيلەدى يىغلاپ ئىلاھا رەببەنا! دېدى،
بۇ يولدە بىر نىچە ئەرلەر ساڭا جانلار فىدا قىلدى،
ئىنايەت ئەيلەغىل ئانلەرغە دەپ ھەدسىز رىجا قىلدى،
ئەسارەت دەۋرى بىتتى، دەۋرى ئىستىقلال باشلاندى،
پەيەمبەر سۈننەتىنى ئەيلەمەك ئىجلال باشلاندى.

قەسىدە ئۇقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، باش ۋەكىل باشلىق يىغىن ئىشتىراكچىلىرىنىڭ ھەممىسى شائىر تۇغرۇلبېكنىڭ بۇ ئۇلۇغ تارىخي قۇرۇلۇشقا بېغىشلاپ يازغان بۇ قەسىدىسىگە قىزغىن ئالقىش ياڭراتتى. تۇغرۇلبېكمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزىنىڭ بۇ ئاددىي ئەسىرىنىڭ بۇنچە تەھسىنلەرگە ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن پۈتكۈل يىغىن ئەھلىگە ئۆز مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى. باش ۋەكىل مائارىپ نازىرلىقىغا بۇ قەسىدىنى ئەدەبىي مەجمۇئەلەرگە كىرگۈزۈپ خەلق ئارىسىغا تارقىتىشنى ئۇقتۇردى. مەن جانابى ھەقتىن قىممەتلىك شائىرىمىز ئۈچۈن دائىمي تەن ساقلىق ۋە تىنچلىق تىلەش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ باشقا ساھەلەردىمۇ پايدىلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ مىللەتكە مەنپەئەت كەلتۈرۈشىگە تىلەكداشلىق بىلدۈردۈم ۋە: «مۇشۇنداق يېڭى- يېڭى سوۋغىلارنى تەقدىم قىلىپ تۇرۇشلىرىغا ھەممىمىز ئىنتىزاردۇرمىز» دېدىم. يىغىن ئەھلىمۇ مېنىڭ سۆزۈمنى بىر ئېغىزدىن قۇۋۋەتلەشتى. شۇنىڭ بىلەن يىغىن ئاياغلاشتى.

ئىستىقلال مەجمۇئەسى: ئىستىقلال جەمئىيىتىنىڭ نەشرى ئەپكارىدۇر. ھەر ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم چىقىدۇ. دىنىي، مىللىي، ئىلمىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، ئەدەبىي، ئەخلاقىي، تەنقىدىي مەزمۇندىكى ئەسەرلەر بېسىلىدۇ. مەجمۇئەنىڭ شوئارى: دىندا، تىلدا، دىلدا، پىكردە، ئىشتا بىرلىكتۇر.

ئىستىقلال مەجمۇئەسى دۆلەتنىڭ رەسمىي مەجمۇئەسى بولغانلىقى ئۈچۈن ھۆكۈمەتنىڭ تۈرلۈك ئەمر- پەرمانلىرى، ئۇقتۇرۇش، ھۆججەتلىرى ھەمدە باشقا مۇھىم ئەسەرلەر، سىياسىي مەقالەلەرمۇ مۇشۇ مەجمۇئە ئارقىلىق تارقىتىلاتتى. شۇنىڭغا كۆرە، تۆۋەندە ئۆز دەۋرىدە مەزكۇر مەجمۇئەگە بېسىلغان بىر بۆلۈك ئەسەرلەرنى نەمۇنە سۈپىتىدە ئەينەن كەلتۈرۈپ ئۆتىمىز.

مۇقەددىمە

يۇرتداشلىرىمىزنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىنتىباھ (ئويغىنىش) لىرى بىلەن شەرقىي تۈركىستاندا بۈيۈك بىر مىللىي ئىنقىلاب ۋۇجۇدقا چىقتى. بۇ ئىنقىلاب نەتىجىسىدە جانابى رەببۇلئالەمىنىنىڭ لۇتفى، ئىنايەتى، كۈرەش مەيدانىنىڭ قەھرىمانى رەئىس جۇمھۇر خوجا نىياز ھاجىمنىڭ يولباشچىلىقى بىلەن، يۇرتداش باتۇر مۇجاھىدلىرىمىزنىڭ ھىممەتلىرى، مىللىي غەيرەت، دىنىي ھەمىيەت (پىداكارلىق) لىرى ھەمدە ئۇزۇن يىللاردىن بېرى قارا ئىستىبداد ۋەھشەتلىرىدىن تۈرلۈك دەرد - ئەلەملەرگە چىداپ بولالمىغان مەزلۇم خەلقنىڭ كۆككە يەتكەن ئاھۇ- زار، نالە - پىغانلىرى تۈركىستاندە ئۇلۇغ پەرۋەردىگارغا تۇمەن - تۇمەن ھەمدۇ- شۈكۈرلەر بولغايكى، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى مەيدانغا كېلىپ، 57 يىلدىن بېرى ئۈمىد قىلىپ، خۇدادىن تىلەپ يۈرگەن ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. (ئىستىقلال مەجمۇئەسى)
تۆۋەندە شۇچاغدىكى ھۆكۈمەت تەركىبىدە يېڭىدىن ئىشقا كىرىشكەن بىر نەچچە نازارەت (مىنىستىرلىك) نىڭ خىزمەت ئەھۋالىغا نەزەر سېلىپ ئۆتىمىز.

www.uyghurweb.net

سودا نازارىتى: بۇ نازارەتنىڭ باشلامچىلىقىدا كاشغەر يارباغ دەرۋازىسى سىرتىدا بىر مىللىي بانكا قۇرۇلۇپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. بانكا مۇدىرلىقىغا نوغاي قېرىنداشلىرىمىزدىن بىرى تەيىنلەندى. سودا نازارىتى يۇرتىنىڭ تەرەققىياتىنى نەزەردە تۇتۇپ سودىگەرلەرنى سىرتتىن مال كىرگۈزۈش ئىشلىرىغا يېقىندىن جەلپ قىلىش ئۈچۈن گۈمرۈك (تاموژنا) رەسمىيەتلىرىنى يەڭگىللەتتى، يەنە بىر بۆلۈك ماللاردىن باجنى كۆتۈرۈۋەتتى، يۇرتقا مەتبەئە (باسما)، ئېلىكتىر بويۇملىرىنى كەلتۈرگەن سودىگەرلەردىن باجنى پۈتۈنلەي كەچۈرۈم قىلدى. نازارەت يەنە ئۈندىن باشقا مىللەتكە قولايلىق ئېلىپ كېلىدىغان نۇرغۇن ئىقتىبار سىياسەتلىرىنى يولغا قويدى.

ھەربىيە نازارىتى: بۇ نازارەتنىڭ خىزمىتى جەڭ ئىشلىرىغا قارىتىلغان بولۇپ، چىقىم- خىراجەتلىرى باشقا نازارەتلەرنىڭكىنى نەچچە قاتلايتتى. شۇنداقتىمۇ ھۆكۈمەت ئۇنىڭ بارلىق چىقىملىرىنى ھەل قىلىپ بېرەتتى.

مالىيە نازارىتى: بۇ نازارەتكە نازىر قىلىپ سايلانغان ئەلى ئاخۇنباي تېخى خىزمەتكە ئولتۇرار- ئولتۇرماي رەئىس جۇمھۇر خوجانىياز ھاجىمنىڭ تەلەبىگە بىنائەن ئاقسۇغا كەتتى. باش ۋاكالەتنىڭ پەرمانى بىلەن ئورۇنباسارلىققا كەمىنە ئاجىز بەندە تەيىنلەندىم. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىركۈنى مالىيە نازارىتىدە ئىش قىلىۋاتقان چوڭ- كىچىك بارلىق خادىملارنى بىر يەرگە يىغىپ ئۇلارغا ئۆزۈمنىڭ ئەلى ئاخۇنبايغا نائىپ بولۇپ تەيىنلەنگەنلىكىمنى ئۇقتۇرغاندىن كېيىن شۇنداق دېدىم: «ھەممىمىز بىر كىشى، ئارىمىزدا ھېچقانداق پەرق يوق؛ بىز خۇددى بىر كىمىدە كېتىۋاتقان بىر ئادەملەر. مۆھتەرەم نازىر ئەلى ئاخۇنباي سەپەردىن قايتىپ كەلگۈچە ھەممىمىز ئىخلاس بىلەن ھەمكارلاشقايمىز. باش ۋەكىلنىڭ ئۈمىدىمۇ شۇ. باشقا نازارەتلەرگە قارىغاندا بىزنىڭ بۇ نازارەتنىڭ يۈكى ئېغىرراق، ئىشى كۆپ. شۇڭا بىزنىڭ ۋەزىپىمىز نازارەتنىڭ ئىشلىرىنى ئاقسىتىپ قويماي، چارچىتىپ قويماي ياخشى قىلىپ كېتىشتۇر. شۇنداق قىلالىساق نازىر ئەپەندى قايتىپ كەلگەنلىرىدە ئەلۋەتتە بىزنىڭ خىزمەتلىرىمىزگە لايىقىدا ئاپىرىن ئوقۇيدۇ» دېدىم. ئۇلار بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھەممىسى بىر ئېغىزدىن: «باش ئۈستىگە ئەپەندىم. ئىنشائاللاھ ئىخلاس بىلەن ئىشلەيمىز» دېيىشتى. مەن شۇ كۈندىن باشلاپ يىرىم كۈن مالىيەدە ئىشلىسەم، يىرىم كۈن سەھىيە نازارىتىدە ئىشلەيدىغان بولدۇم.

شۇ كۈنلەردە بىر نەچچە نازارەتنىڭ خام چوتىغا پۇل چىقىرىپ بېرىشكە توغرا كەلدى. بولۇپمۇ ھەربىي ئىشلار نازارىتى قاتتىق پۇل قىيىنچىلىقىدا قالغان ئىدى. باش قوماندان ۋە باشقا ساقچى باشلىقلىرىدىن كەلگەن تەلەبنامىلەر باش ۋاكالەت تەرىپىدىن توغرىدىن- توغرا «ئىجرا قىلىنسۇن، تەمىنلەپ بېرىلسۇن» دېگەن تەستىقتا ئېرىشىپ ئۇدۇللۇق مالىيە نازارىتىگە يوللىنىپ تۇراتتى. ھالبۇكى مالىيە نازارىتىنىڭ خەزىنىسى قۇرۇقدىلىپ قالغان بولۇپ، ئۇلارغا تېگىشلىك پۇلنى بېرەلمەيۋاتاتتى. شۇڭا بۇ ئارىلىقتا مالىيە نازارىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋە زۆرۈر ئىشى خەزىنىنى تولدۇرۇش، خەزىنىگە كېلىدىغان پۇل، ئىقتىسادنىڭ مەنبەسىنى ساغلاملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى. يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندا خەزىنە قۇپقۇرۇق بولۇپ، تۇڭگانلار ئوردىدىن چېكىنگەندە خەزىنىدىكى بايلىقلارنىڭ بىرنى قويماي ئېلىپ كېتىشكەن. شۇڭا ئەمدىلىكتە ھۆكۈمەتكە قاتتىق ئىقتىسادىي بېسىم چۈشۈۋاتاتتى. مەن بۇ ئەھۋاللارنى باش ۋەكىلنىڭ قۇلىقىغا يەتكۈزدۈم. ناھايەت، نازىرلار مەجلىسىنىڭ قارارى بويىچە پۇل بېسىپ چىقىرىشقا ۋە يەنە سابىق خىتاي ھۆكۈمىتىدىن قەرز ئالغان قەرزدارلاردىن ھۆكۈمەتنىڭ پۇلىنى ئۈندۈرۈشكە، دۆلەت ئىگىدارلىقىدىكى مال- مۈلك ۋە باشقا نەرسىلەرنى سۇرۇشتۇرۇپ چىقىپ ھەممىنى توپلاپ مالىيە نازارىتىگە ئۆتكۈزۈشكە ھەمدە ھۆكۈمەتتە ھەققى بار كىشىلەر بولسا ئۇلارنىڭ ھەققىنى تۆلەپ بېرىشكە باش ۋەكىل سابىت داموللام تەرىپىدىن پەرمان چىقىرىلدى. شۇندىن باشلاپ مالىيە نازارىتى پۇل چىقىرىش ئىشلىرىغا چۈشۈپ كەتتى. بۇ ئىشتا ئالدى بىلەن چىقىرىلىدىغان پۇلنىڭ لايىھىسىنى تۈزۈش كېرەك بولاتتى. بۇ ئىشنى خىزمەتدىشىم

www.uyghurweb.net

مۇھتەرەم سوفىيزادە بىلەن مەن ئۈستۈمگە ئالدىم. ئەمما پۇلنى بىسىپ چىقىرىش ئىشى ماڭا تاپشۇرۇلدى. ئاللاھقا شۈكۈرلەر بولسۇنكى بۇ ئىشمۇ ئۇتۇقلۇق بولدى. قەغەز پۇللارغا باش ۋەكالەتنىڭ تامغۇسىنى بىسىش ئىشلىرىغا باش ۋەكىل سابىت داموللا ھاجىمنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن بەزىلىرى ياردەم قىلىپ تەشەككۈرگە لايىق بولدى. بۇ بىر سەرلىك ئاقچىدىن بىر نەچچىنى نەمۇنە قىلىپ مۆھتەرەم ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلىش ئۈچۈن ساقلاپ كەلگەن بولساقمۇ، مىڭ ئەپسۇسكى، پالاكەتلىك مۇھاجىرەت ھەياتى، ۋەتەن سىرتىدىكى تۇرمۇش ئېغىرچىلىقى تۈپەيلىدىن بۇ نەمۇنە قولىمىزدىن غايىب بولغان ئىدى. زېمىن يۈزىدىكى بەش قىتئەگە تارقالغان ئۇلۇغ تۈركىستانلىقلارغا مۇراجىئەت قىلا - قىلا ئاخىرى ئامېرىكىدا ئولتۇرۇشلۇق ۋەتەندىشىمىز مۆھتەرەم غۇلامىدىن پاختا ئوغلىدىن مەزكۇر ئاقچىنىڭ ئىكىلىشە (قىلىپى) نى قولغا چۈشۈردۇق. بىز بۇ يەردە غۇلامىدىن ئەپەندىگە چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ئاتىسى ئەھمەد پاختىغا جانابى ھەقتىن رەھمەت ۋە مەغپىرەتلەر تىلەيمىز.

مانا بۇ شەرقىي تۈركىستان دۆلتى چىقارغان بىر سەرلىك ئاقچە:

تۆۋەندە ئىستىقلال مەجمۇئەسىگە بېسىلغان ئەسەرلەردىن بىر بۆلۈك نەمۇنىلەرنى بېرىشنى داۋاملاشتۇرىمىز.

## ئىستىقلال يولىدا

دۆلەت قۇرۇلۇشى مىڭ يىللاردىن بېرى تارىخىي تەجرىبە بولۇپ كەلگەن مىللىي ئۇسۇلدا بولىدۇ. كېيىنكى يىللاردا ياۋروپا ھەمدە ئاسىيادا بىر قاتار يېڭى دۆلەتلەر مەيدانغا كەلدى. بۇلارنىڭ دۆلەت قۇرۇش تەجرىبىلىرى بولۇپمۇ بۈيۈك غازى مۇستافا كەمال تۈركىيىسى بىلەن سەلەپىيلەر رەھبىرى باھادىر ئابدۇلئەزىز ئال سۇئۇدنىڭ ھىجازدا ھۆكۈمەت قۇرۇش تەجرىبىلىرى بىزگە نىسبەتەن ئەھمىيەتلىكتۇر. شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىككى مىڭ يىللىق قانلىق تارىخىدىن تارتىپ تاكى بەدەۋلەت يەئقۇب بېك غازىنىڭ توغرا ھەم خاتا ھەرىكەتلىرىگىچە بولغان تارىخىي جەرياننى ياخشى ئۆگىنىش لازىم. دۆلەت پەقەت ئىستىقلال، مۇستەقىللىق ئاساسىدىلا قۇرۇلىدۇر. بىر تۇتقۇنلۇقتىن قۇتۇلۇپ ئىككىنچى بىر ئاسارەتكە كىرمەك ئۈچۈن قان تۆكمەكنىڭ ھاجىتى يوق. تۈركىيىنىڭ بۈيۈك مۇستەقىللىق ھەرىكىتى بۇ سۆزىمىزنى تەستىقلايدۇر. ئەرلەر بىلەن بىر قاتاردا تۈركۈم- تۈركۈملەپ چىققان مۇجاھىد- جەڭچى ئاياللارغا قارشى ئىسلام ۋە تۈرك دۈشمەنلىرى مىليونلارچە ئەسكەر چىقىرىپ ۋە مىڭلارچە پىتنە- ئىغۋالارنى پەيدا قىلىپ بۈيۈك ئىنقىلابنى قانغا پاتۇرماقچى بولدى. ئىنقىلابچىلارغا ئاللاھ ياردەم قىلدى. مىليونلارچە ئاچكۆز دۈشمەن ئەسكەرلىرى دېڭىزغا غەرق قىلىندى. مۇستافا سۈبھى كەبى يۈزلەرچە بولشېۋىك پىتنىچى -چاتاقچىلىرىنىڭ كاللىسى ئېلىندى. نەتىجەدە تۈركىيە مۇستەقىل بولدى. پۈتۈن دۇنيا، پۈتۈن دۆلەتلەر تۈركىيىنى ئېتىراپ قىلدى. بۈيۈك بىرىتانىيە پادىشاھى غازى پاشاغا تارىخىي ھەدىيەلەرنى تەقدىم قىلدى. دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا ياۋروپا دۆلەتلىرى، بولۇپمۇ بولشېۋىك- سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بىر قانچە مىليون (ئالتۇن) دوللارلىق ياردەملەرنى بەردى. شەرقىي تۈركىستان بولسا بۇ ياقتىن چىن- جۇڭگو، ئۇ ياقتىن بولشېۋىك روسىيەسى ۋە بىرىتانىيە ھىندىستانى ئارىسىدا قىسىلىپ قالغان بىر ئۆلكە بولغانلىقى ئۈچۈن دۆلىتىمىز بۇنى نەزەردە تۇتۇپ سىياسىي، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا نەنجىڭ، موسكۋا ھەمدە لوندون بىلەن بولىدىغان مۇئامىلىسىدە كۆپ ئېھتىيات بىلەن ئىش كۆرۈشى لازىم. ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى، شېھىدلەرنىڭ مۇبارەك قانلىرى، بۈيۈك غازى خوجا نىياز ھاجىمنىڭ، مۇجاھىدلارنىڭ ۋە ھەم ھۆكۈمەت ئەربابلىرىنىڭ

www.uyghurweb.net

تىرىشچانلىقى بىلەن ئاللاھ بۇيرۇسا بۈيۈك تۈرك مىللىتىنىڭ بۆشۈكى بولغان ھەمدە ئۆزىنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتى بىلەن شۆھرەت تاپقان شەرقىي تۈركىستان چوقۇم ئازاد بولۇر ھەم غازى مۇستافا تۈركىيىسى قاتارىدا مۇستەقىللىقكە ئېرىشۇر. (ئىستىقلال مەجمۇئەسى، 50- 56 - بەتلەر) مۇئەللىپ- ئىستانبۇللۇق يۈسۈپ مۇزەففەر

ئىستىقلال مەجمۇئەسىنىڭ ئەدەبىيات قىسمىدىن نەمۇنىلەر

يۈرەكتە داغى مىللەت باشدەدۇر ئىقبال سوداسى
قىيامەت بولغۇچە چىقماس مۇنىڭ دەردۇ- ئەلالاسى
ۋەتەنىنىڭ ئىززىتى، شانى ئۈچۈن جان ئىچرە يالقۇن بار
چىقار شامۇ- سەھەر ھەسرەت ئىچىدە ئوتلۇق ئەنفاسى
جاھاندا ھەر كىشىنىڭ بىر غەمۇ- مەتلۇبى بار ئىرمىش
ۋەتەن ئۇششاقىنىڭ مىللەت ئىرۇر مەئشۇقۇ- لەيلاسى
توسالماس ھېچ يولدىن ئىشق ئوتىغا مۇبتەلالارنى
بۇ دۇنيا غەملىرى، مىھنەتلىرى ھەم تاغۇ- دەرياسى
مۇھەببەت بىرلە مىللەت تۇيغۇسى گەر دىلغە ئورناشسە
كىفايەت ئاڭا باش ئەگمەك ئۈچۈن ۋىجدان قۇمانداسى
ئەسىر ئەيلەپ كۆڭۈلنى جىلۋەسىگە بىقارار ئىتمىش
ۋەتەنىنىڭ ئىززەتۇ- ئىقبالى، شانى، رەنگى زىباسى
بەلەند ھىممەت يىگىتلەر زىننەتى مىللەتكە خىزمەتتۇر
ئىمەستۇر مۇئتەبەر ۋىجدان قاشىدا روبى، سىماسى
ئەگەر ئىنسان ئىسەڭ ھىممەت بىلەن يۇرتۇڭغا خىزمەت قىل
مۇھەببەت پىشە قىل كۆلسۇن ۋەتەنىنىڭ باغۇ- سەھراسى
كىشىنىڭ كۆڭلىگە ئوت چۈشسە مىللەت ئىشتىياقىدە
فىغان ئەيلەر ھەمىشە ھىجر ئوتىدە روھى شەيداسى
يىتىشمەك ۋەسلە شەۋقىي ياشەرەف بىرلەن فەنا بولماق
ۋەزىيفە ئۇشبۇدۇر ھەركىمگە قىلسا ئىشقنى دەئۋاسى
قۇتلۇق شەۋقىي

ئاند (قەسەم)

سەن ئەمىن بولغىن، سېنى مەن خارۇ- زار ئەتسەم ئۆلەي
ساڭا كۈلفەت، قايغۇ- غەم، ھەسرەتنى يار ئەتسەم ئۆلەي
بىھايا مەلئۇنغا ئەرك بىرسەم سېنى قۇل قىلغالى
كەڭ جاھاننى كۆزلىرىڭگە تەڭۇ- تار ئەتسەم ئۆلەي
سۆدرەتىپ قويسام ساچىڭدىن ياۋگە يەر يۇتسۇن مېنى

www.uyghurweb.net

خارلەنىپ كۆز ياشلارىڭنى شەش  قاتار ئەتسەم ئۆلەي
يۈز ئۆگۈرسەم لالەزارىڭدىن ئۆزۈڭ ئۆلدۈر مېنى
ياۋگە بىرسەم گۈلشەنىمنى گۈلنى خار ئەتسەم ئۆلەي
جەڭدە دۈشمەن ئۈستىگە مەردانە ئات سالدۇرماسام
ياچىكىنسەم ياكى قورقۇپ شەرمسار ئەتسەم ئۆلەي
(ۋەتەن قۇلى بىر شائىردىن)

قۇتۇلۇش

قۇتۇلۇش يولىدا سۇدەك ئاقتى بىزنىڭ قانىمىز
سەن ئۈچۈن ئەي يۇرتىمىز بولسۇن فىدا بۇجانىمىز
يۇرتىمىز بىز يۈز- كۆزۈڭنى قان بىلەن پاك ئەيلىدۇق
ئەمدى بىز كىرلەتمىگەيمىز، چۈنكى تۈرك ئەۋلادى بىز
يار- ھەمدەم بولدى بىزنىڭ ھىممەتىمىز سەن ئۈچۈن
قولىمىزدا قۇتۇلۇشقا بارئىدى ئىمانىمىز
ئاتىللا، چىڭگىز، تېمۇر دۇنيانى تىترەتكەن ئىدى
جان بېرىپ نام ئالارمىز بىز ھەم ئۇلار ئەۋلادىمىز
چىقتى جان ھەم ئاقتى قان دۈشمەندىن بولدى ئەل ئامان
ياشاسۇن، ھېچ ئۆچمەسۇن، پارلانسۇن ئىستىقبالىمىز!
(مەرغىلانلىق تۇرغۇنجان ئەبدۇررەھىم ئوغلى تولۇئىي)

ئالتاي تاغلارى

ئالتاي تاغلارى چېچەكلەر ئاچار
ئالتۇن، كۆمۈش ئوردۇ سۇرمەلەر ساچار
بۇزىلمىش خىتايلار يەل كەبى قاچار
ئارسلان يىگىتلەر قوغلاپ ئات چاپار
قەدىر بويلە ئىمىش ئەي غەرىب ئانە
قانىم  فىدا بولسۇن بۇيلە ۋەتەنە
مەن بىر تۈركۈم ئولماك ئىستەرەم
دۇنيايە ھاكىم ئولماك ئىستەرەم
ئەگەر شەھىد ئولۇر ئىسەم
جەننەتتىن بولۇر مەنىم يېرىم
نەقرات:
ئالتاي تاغلارى، قار، سۇ، تاغلارى
شەھىد ئوغلانلىرى، ئاناسى ئاغلەر
ئاناسىز يەتىملەر يوللاردا باقار

مەھزۇن كۆزلىرى يۇرەكنى ياقار
نەقرات:
ئالتاي تاغلىرىندە كۆيدۇم سىجاق (ئىسسىق) تىن،
دۆنەر دولاشىرىم (ھەر ياقنى ئايلانۇرمەن) مىلتىق قۇچاقتا.
دۈشمەن جايىن ئاختۇرۇپ ئىزدەپ،
تىنماي تۈندە- كۈندە ھەر ياقتا.
مەھمۇد نەدىيم.

ئىستىقلال مەجمۇئەسىدىن ئېلىنغان كۆچۈرمىلەر شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى.

باش ۋەكالەت توغرىسىدا: كاشغەر شەھەر ئىچىگە جايلاشقان ئوردا بىرىشى ۋەكالەتنىڭ ئورنى قىلىپ بېكىتىلدى. باش ۋەكىل سابىت داموللامنىڭ ئىشخانىسىدىكىلەر ئىشلەشكە باشلىدى. باش كاتىپ مۇسا داموللام، مۇدىر مۇھەممەد رىزاخان نەمەنگانى ۋە باشقىلار ئۆز لاياقەتلىرىگە قاراپ قەلەم خىزمىتىدە ئىدى.

داخىلىيە نازارىتى: ئوردىنىڭ باغ تەرەپىدە داخىلىيە نازىرى يۇنۇسبەك، باش كاتىپ ۋە مۇئاۋىنى ئابدۇررەھمان ئەپەندىلەر ئەتراپىدىكى مەمۇرلار، خىزمەتچىلەر بىلەن ئىچكى ئىشلار خىزمىتىگە كىرىشتى.

مائارىپ نازارىتى: دارۇلمۇئەللىمىن بىناسىغا جايلاشقان مائارىپ نازارىتى ئىشلەشكە باشلاپ، مەكتەپلەر، مەدرىسلەرنى تەرتىپكە سالدى. گېزىت، ژۇرناللارنى چىقاردى. ھەر قايسى مەكتەبلەرنىڭ، بولۇپمۇ دارۇلمۇئەللىمىننىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كۆپ كۈچ چىقاردى. باشقا ساھەلەردىمۇ ھەم قولىدىن كەلگەن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

## شەرقىي تۈركىستاندا پۇل مەسىلىسى

ئۇزۇن زاماندىن بېرى شەرقىي تۈركىستان پۇل بوھرانىنى باشتىن كەچۈرۈپ كەلمەكتە ئىدى. ئۆرۈمچىدىكى باشباشتاق قارا مۇستەبىد خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرىدا ئىنتىزامسىزلىق، ئۆز بېشىمچىلىق قانداق داۋام قىلىۋاتقان بولسا ئۇنىڭ مالىيە خىزمىتىدىمۇ ئېغىر دەرىجىدە ئىنتىزامسىزلىق، ئۆز بېشىمچىلىق ساقلىنىپ كەلمەكتە ئىدى. ئاقچە مەسىلىسىدە دۇنيانىڭ ھېچ يېرىدە كۆرۈلمىگەن رەسۋالىقلار مانا مۇشۇ ئۆرۈمچى ھۆكۈمىتىدە بار ئىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۆرۈمچى ھۆكۈمىتى ئاقچا چىقىرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىمىگەن. ھەر بىر ۋىلايەت ئۆز ئالدىغا، ئۆزى بىلگەنچە ئاقچا چىقارغان بولۇپ، بىر ۋىلايەتتە چىقىرىلغان ئاقچا ئىككىنچى بىر ۋىلايەتتە ئۆتمەيتتى. چىقىرىلغان ئاقچىلارنىڭ نە كاپالىتى ۋە نە نومۇر- ئۆلچىمى يوق ئىدى. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ شەرقىي تۈركىستاندا يالغان ئاقچىلار كۆپىيىپ كەتكەن ئىدى. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان ئۆرۈمچى خىتاي ھۆكۈمىتى تۈركىستاننىڭ نۇرغۇنلىغان ئالتۇن، كۈمۈشلىرىنى يىغىۋالدى. رەستە- بازارلاردىكى ئالتۇن، كۈمۈش باھاسىمۇ زور دەرىجىدە ئۆرلەپ كەتتى. ئالتۇن بەك قىسلىشىپ كەتكەنلىكتىن بىر دانە ئون سومluq رۇس تىللاسىنى يۈز ئەللىك سەر كۈمۈشكە ئالاتتى. مال باھاسىنىڭ ئۆرلەش نىسبەتى **75%** كە يېتىپ كاسىپ، ھۈنەرۋەنلەر ئېغىر ئەھۋالدا قالغان ئىدى. 1933 ۋە 1932- يىللاردا خەلق خىتاي ئاقچىسىنى تۇتۇشتىن قورقىدىغان بولۇپ قالغاچقا، كىمنىڭ قولىدا ئاز- تولا ئاقچا بولسالا ئۇنىڭغا بازاردىن ئەرزان، قىممەتلىكىگە قارىماستىن پۇلغا يارايدىغان ماللارنى سېتىۋېلىپ، ھەر ئاماللار بىلەن خىتاي ئاقچىسىدىن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇناتتى. شۇ سەۋەبلەرگە كۆرە، مال باھاسى ئەسلىدىكىدىن 3- 4 ھەسسە ئۆرلەپ كەتتى. نەتىجىدە بىر سەرلىك خافىياۋ (كاشغەر تىرىسى) دىن باشقا

www.uyghurweb.net

تۆت تەڭگىلىك شېكپىياۋ ۋە بەش سەرلىك قەغەز ئاقچىلارنىڭ  قىممىتى شىددەت بىلەن چۈشۈپ، ئۆتمەس بولۇپ كەتتى. خەلقنىڭ نارازىلىقمۇ كۈچىيىپ باردى. ھۆكۈمەت بۇئىشلارنى ئوڭشاشنىڭ بىر تەدبىرى سۈپىتىدە بىر كۈنى «شىڭفىياۋ ئېلىنمايى، خافىياۋ ئېلىنىدۇ» دەپ پەرمان چىقارسا، ئىككىنچى كۈنى «خافىياۋنى باجخانىلاردىن تارتىپ پۈتۈن خەلق ئېلىشى كېرەك، ئالمىغان ئادەم جازاغا تارتىلىدۇ» دېگەن پەرماننى چىقىرىپ يۈرگەن بولسىمۇ، بەربىر بۇ ئاقچىلارنىڭ ئىناۋىتىنى كۆتۈرەلمەدى.

شەرقىي تۈركىستاندا پارتلىغان مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ ئۇچقۇنلىرى پۈتۈن ئۆلكىگە سېچىلىشى بىلەن ئازادلىق دەۋرى يېتىپ كېلىپ مىللىي ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن يېڭى مىللىي ئاقچا چىقىرىش مالىيە نازارىتىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەڭ مۇھىم ۋە بۈيۈك ۋەزىپىلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن 1933 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى باش ۋەكىل (زۇڭلى) مەھكىمىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن ھەر قايسى نازارەتلەرنىڭ ھەيئەتلەر يىغىنىدا يېڭى مىللىي ئاقچا چىقىرىش قارار قىلىندى. مىللىي ئاقچا چىقىرىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ  تەداۋۇل(مۇئامىلە) گە كىرىشى مۇناسىۋىتى بىلەن باش ۋەكىلنىڭ تۆۋەندىكى بۇيرۇقى ئېلان قىلىندى.

باش ۋەكىل سابىت ئابدۇلباقىنىڭ بۇيرۇقى

بارچە يۇرتداشلارغا، چوڭ- كىچىك ھەممە پۇقرا (رەئىيەت) لەرگە مەلۇم بولسۇنكى، بۈگۈنگىچە تەرتىپ- ئىنتىزامىلىق ھۆكۈمەت بولمىغانلىقى ئۈچۈن پەيدا بولغان پاراكەندىچىلىك، ئىنتىزامسىزلىق، ئۆز بېشىمچىلىقلارغا ئەمدى يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن خاتىمە بېرىلدى.

ئىنسانىيەت ئالىمىگە بىلىم ۋە مەدەنىيەت دەرسلىرىنى بېرىپ ئۇستازلىق قىلغانلار دەل ئىلگىرىكى مۇسۇلمانلار ئىدى. ئۇلار  ھەرجەھەتتە تەرەققىي قىلغان، نۇرغۇن يېڭىلىقلارنى ئىجاد قىلغان ئىدى. ئۇمەۋىيە خەلىپىلىرىدىن ئابدۇلمىلىك ئىبنى مەرۋان ھەزرەتلىرى سودىگەرلەرگە ئاسانلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن قەغەز ئاقچا چىقارغۇزغان ئىدى. باشقا دۆلەتلەر قەغەز ئاقچا چىقىرىشنى بىزنىڭ خەلىپىلىرىمىزدىن ئۆگەنگەندۇرلەر.

دۆلەتنىڭ تەمىناتى، سودا ئىشلىرىنىڭ راۋان بولۇشى ئۈچۈن جانابى رەئىس جۇمھۇر خوجانىياز ھاجىمنىڭ ئىجازىتى ھەمدە ئۇنىڭ سالاھىيەتدار ۋەكىللىرىنىڭ، ئەھلۇلھەللى ۋەلئەقد (ئىچكى كابىنېت) دىكى نازىرلار ھەيئىتىنىڭ بىردەك قوشۇلۇشى ۋە قارار قىلىشى بىلەن يۇرتتا ئىشلىتىشكە ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ بىر سەرلىك  يېڭى ئاقچىسى چىقىرىلدى. ئۇشبۇ مىللىي ئاقچىغا يۇرت تەۋەسىدىكى پۈتۈن زېمىن، ئىمارەتلەر، دۇكان- سارايلار ئېلىپ، سېتىلىدۇر. بۇ مىللىي ئاقچا ھۆكۈمەتنىڭ ھەر قايسى ئىدارىلىرىدە، زاكات، باج، خىراج يىغىش ئورۇنلىرىدا بىردەك قوبۇل قىلىنىدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ ھەر قايسى ئىدارە- ئورگانلىرى ۋە بارچە يۇرتداشلار ئۇشبۇ مىللىي ئاقچىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆز مۇئامىلىلىرىدە ئۇنى ئېھتىرام بىلەن ئىشلىتىشلىرى كېرەك. ئەگەر بۇ جەھەتتە ھىيلە ئىشلەتكەن ياكى ياسىما (ساختا) ئاقچا چىقارغانلار بايقالسا ھۆكۈمەت ئۇنداقلارنى كەچۈرمەس، ناھايەت قاتتىق ۋە ئېغىر جازا بېرىدۇ. يېڭى ئاقچىنىڭ ھازىرقى سانى ماتېرىيال ۋە مەتبەئە كەمچىلىكلىرى تۈپەيلىدىن تازا يېتەرلىك بولۇپ كەتەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ۋاقتىنچە قەدىمىي ئۇرۇمچى ئاقچىلىرىمۇ خەلق ئىچىدە ئوخشاش قىممەتتە ئۆتتۈۋېرىدۇر. (باش ۋەكىل سابىت ئەبدۇلباقى)

يېڭى مىللىي ئاقچا مۇئامىلىگە كىرگەندىن كېيىن، مالىيە نازارىتىگە بىر ئاز بولسىمۇ ئارام ئېلىۋېلىش پۇرسىتى چىقتى. بۇ پۇرسەتتىن فايدىلىنىپ مالىيە نازارىتىدە «تەھقىق (ئېنىقلاش) ئىدارىسى» دەيدىغان بىر

تارماق ئورگان قۇرۇلدى. بۇ ئورگان بۇرۇنقى ھۆكۈمەتنىڭ ۋاقتىدا ھەربىي ۋە مۈلكى تارماقلارنىڭ نامىغا خەلقتىن زورلۇق بىلەن ئېلىۋېلىنغان تۈرلۈك مال- ماتالار، ئەشيا، ئەسبابلار، ئۆرۈش چىقىملىرى ئۈچۈن ئېلىۋېلىنغان نەرسىلەر ئىچىدە ھۆكۈمەت تېخىچە ئورنىنى تولدۇرۇپ بەرمىگەن ۋە مۇۋاپىق تۆلەم بەرمىگەنلىرىنى ئىنقىلاپ چىقىپ ئۇلارنىڭ ئىگىلىرىنى رازى قىلىش خىزمىتىنى تۇتتى. بۇنىڭ بىلەن يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ يۈزى يورۇق، ھۆكمى نافىز (ئۆتكۈر) بولۇپ، خەلق ئالدىدىكى ئىناۋىتى تېخىمۇ ئاشتى.

باش ۋەكىلنىڭ بۇيرۇقى بىلەن مالىيەدە «تەھسىل (يىغىۋېلىش) ئىدارىسى» دەيدىغان بىر تارماق ئورگان قۇرۇلدى. بۇ ئورگان قۇرۇلغاندىن كېيىن قىلىنغان بىرىنچى ئىش شۇ بولدىكى، ئۆز ۋاقتىدا خىتاي بانكىسىدىن ھۆججەت بىلەن پۇل قەرز ئېلىپ، ھىلىغەچە قەرزنى قايتۇرمىغان تىجارەتچى ۋە بايلاردىن بولۇپ 35 كىشىدىن قەرز ئالغان پۇللار تولۇق ئۇندۇرۇۋېلىنىپ، قەرز ھۆججەتلىرى قوللىرىغا تاپشۇرۇلدى. ئۆز زامانىدا ئۇرۇمچى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن كاشغەر بايلىرىغا يۈك تاپشۇرۇش ئۈچۈن (500.000) مىڭ سەر ئالتۇن ئاقچا قەرز بېرىلگەن بولۇپ، ئاقچىنى ئالغانلار تېخىچە ئۇرۇمچى ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرىدىغان يۈكنى تاپشۇرمىغانلىقى ئۈچۈن ئاقچىلار گەردەنلىرىدە قالغان ئىدى. كېيىنكى قەدەمدە مانا مۇشۇ ئاقچىلارنى ئۇندۇرۇۋېلىش خىزمىتى قولغا ئېلىندى. بۇ ئېغىر ئىش ئۈچۈن مالىيە ئىدارىسىدە ھەركىچىسى تۆت سائەت مۇنتىزىم ئىشلەشكە توغرا كەلدى. ئىنقىلايدىغان مەبلەغ كۆپ، قولىمىزدا ھۆججەت ياكى پاكىت بولمىغانلىقتىن ھېچكىمنى ئىقرار قىلدۇرغىلى بولمىدى. ئەھۋالنى باش ۋەكىلگە ئېيتىپ: «كارامەت كۆرستىپ بەرسىلە» دېسەم، «ئەپەندىم، پاراسەتمۇ يېرىم كارامەت!» دەپ قويدى. شۇنداق قىلىپ، ئون بەش كۈنچە تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىشلاردىن كېيىن مەلۇم بىر باينىڭ ھېسابچىسىنىڭ قۇلىقىغا شىۋىرلاپ قويۇشى بىلەن مۇھىم بىر يىپ ئۇچىغا ئېرىشىپ كۆپ مەمنۇن بولدۇم. ئۇ ئادەمنىڭ «مىللەتكە خىزمەت كۆرسەتتى» دېيىشكە ئەرزىيدىغان بۇ ئىشىغا ئاپىرىنلەر ئېيتتىم. ئەتىسى يېرىم كېچەدە بىر باي ئەپەندى بىلەن تەھسىل ئىدارىسىدە ھەمسۆھبەت بولدۇق. بۇ ئادەم ئۆزىنى بۇلارنىڭ ئىچىدە يوق ھېسابلاپ باشقا تۆت كىشىنىڭ يۈز مىڭدىن 400.000 سەر ئالتۇن ئاقچا قەرز ئالغانلىقى، بۇ قەرزلەرنىڭ تېخى مۆھلىتى توشمىغانلىقىغا ھۆججەت قىلىپ ئۆز ئىمزاسىنى قويۇپ بەردى. ئەتىسى كېچىسى يەنە بىرەيلەن بىلەن سۆھبەت قۇرۇپ قالدۇق. بۇ كىشىمۇ ھەم باشقا تۆت كىشىنىڭ ھەر بىرىنىڭ يۈز مىڭ سەردىن قەرز ئالغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئىمزاسىنى قويۇپ بەردى. ئۇلاردىن باشقا يەنە ئۈچ ئادەم بىلەن ئايرىم- ئايرىم سۆھبەتلەشتۇق. ئۇلارمۇ بىلگەنلىرىنى بەزىدە ئاشكارا، بەزىدە ئاستىرتىن ئېيتىپ بەردى. دېمەك، ھېلىقى 500.000 سەر مەبلەغنىڭ تېپىلىشىغا ئۈمىد تۇغۇلدى. بىز ئارىلىقتا بىر نەچچە كۈننى ئۆتكۈزۈۋەتكەندىن كېيىن، باش ۋەكىلنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن مەزكۇر بەش كىشىنى بىر كېچىسى بىر يەرگە چاقىردۇق، بىر بۆلۈكلىرى ئۆزى كىلەلمىگەچكە ۋەكىلىنى ئەۋەتتى. چاي تارتىلدى. بىز چاي ئىچىشكەچ ئولتۇرۇپ ھېلىقى ئاقچىلارنىڭ گېپىنى چىقىرىپ، ئۇلارغا شۇنداق دېدىم: «سىلەر ئىسلام ھۆكۈمىتىگە قەرزلىرىڭلارنى چىرايلىقچە تاپشۇرۇپلا قالماستىن، يەنە خالىس ياردەملىرىڭلارنىمۇ ئايىمىساڭلار، بۇ سىلەرنىڭ كەلگۈسىڭلار ئۈچۈن كۆپ فايدىلىق ئىش بولاتتى». بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇلاردىن ئەڭ باشتا مۇھىيىددىن خان باينىڭ ئوغلى رەھمۇددىن بايۋەچچە، ئاندىن كېيىن باشقىلارنىڭ ھەر بىرى 100000 سەردىن قەرزگە ئويناپ كۆلۈپ ئىقرار بولۇشتى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىدىن ھەپتىسىگە 5000 سەردىن قەرز قايتۇرىدىغانغا ھۆججەت ئېلىپ سۆھبەتنى تاماملىدۇق. بۇ زاتلار: ئۆمەر ئاخۇنباي، ئىبراھىم ئاخۇن لوزۇڭ، مۇھىيىددىنجان باي، ھېسامىددىن باي، ئەبدۇررەھىم بايۋەچچىلەردىن ئىبارەت.

www.uyghurweb.net

بۇ يەرگە كەلگەندە، ئۆز دەۋرىدە جەڭچىلىرىمىزنىڭ، مىللەتسۆيەر دۆلەت كىشىلىرىمىزنىڭ ھۇشيار ۋە تېتىك تۇرۇشلىرى ئۇچۇن ئۇلارغا بىزنىڭ دۈشمەن ۋە خائىنلىرىمىزنى ئېنىق تونۇتۇپ قويۇش مەقسىتى بىلەن يېزىلىپ نەشر قىلىپ تارقىتىلغان بىر بۆلۈك ماقالىلەردىن ئوقۇرمەنلىرىمىزنى خەۋەردار قىلىپ ئۆتۈش فايدىلىق كۆرۈلدى.

## خائىن تۇڭگانلار

خىتاي، تۇڭگان ھەر ئىككىسى بىر سۆزدۇر. شەرقىي تۈركىستاننىڭ تۇتقۇنلۇق دەۋرىدە يەرلىكلەر ۋەھشىي خىتايلار تەرىپىدىن قانداق جەبر- زۇلۇم ۋە ئەلەملەرنى كۆرگەن بولسا، تۇڭگانلار قولىدىمۇ ھەم ئۇندىن ئارتۇقراق جەبر، زۇلۇم ۋە ئەلەملەرنى تارتتى. مانا بۇ خۇددى قۇياشتەك ئېنىق تارىخىي ھەقىقەت بولۇپ، بۇگۈنكى كۈندە كۆز ئالدىمىزدالا بولۇۋاتقان نۇرغۇن ئىشلارمۇ بۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. شۇنىڭغا كۆرە، تۇڭگان بىلەن خىتاي بىرسۆز دىسەك ھەرگىزمۇ خاتالاشمايمىز. ئۆز ۋاقتىدا ساھىبقىران بەدەۋلەتكە ئۇرۇمچى لورىنجاسىنىڭ خىيانەت قىلغانلىرى، 1328- يىلى قۇمۇلدىن چىققان ئىنقىلابچى باتۇر تۆمۈر خەلپىگە قىلىنغان خىيانەت، تۇرپاننىڭ مەشھۇر ئىنقىلابچىسى ئەھمەد تاماق باتۇرغا قىلىنغان خىيانەت، بولۇپمۇ ھازىر شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى خوجا نىياز ھاجىمغا تۇڭگانلار تەرىپىدىن قىلىنغان ۋە ھىلىغىچە قىلىنىۋاتقان خىيانەتلەر بۇلارنىڭ مىللەتكە قىلغان يامانلىقلىرى ئىچىدىكى دېڭىزدىن بىر ئوتلام، يامغۇردىن بىر تامچەدۇر. تۇڭگان خىيانەتچىلىكى، تۇڭگان ۋەھشىيلىكى ھېچ قاچان كۆز ئالدىمىزدىن كەتمەيدۇ. شۇ تاپتا تۇڭگان ۋەھشىيلىكى ئالدىدا خىتاي ۋەھشىيلىكى ئۇنتۇلۇپ كېتىدىغان بىر ھالغا كېلىپ قالماقتا. توغرىسىنى ئېيتقاندا، بىزگە خىتاي ۋەھشىيلىكىنى ئۇنتۇلدۇرىدىغىنى دەل تۇڭگان ۋەھشىيلىكى بولۇپ قالدى. دېمەك، بىزگە خىتايدىن كۆرە تۇڭگانلار ئارتۇقراق دۈشمەندۇر. بىزلەر خىتايلار زۇلمىدىن قۇتۇلغان بولساقمۇ تېخى تۇڭگانلاردىن قۇتۇلۇپ بولالمىدۇق. بىزخىتايلاردىن ئۇنچە بەك قورقۇپ كەتمەيمىز. ئەمما تۇڭگانلاردىن تەشۋىشىمىز يوق ئەمەس. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇلارغا قارىتا ھەرقاچان سەگەك تۇرىمىز، تۇڭگانلار بىلەن بولىدىغان كۆرەشنى تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشتۈرىمىز، سېرىق خىتايلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ھېچ قانداق ھەققى بولمىغاندەك، تۇڭگانلار ۋە قارا خىتايلارنىڭمۇ بۇ زېمىندا بىر داچەنلىك ھەققى يوقتۇر. شەرقىي تۈركىستان پەقەت شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭدۇر. بىزنىڭ شوئارىمىز ئەنە شۇ. شەرقىي تۈركىستان ئۇچۇن بۇندىن كېيىن بىگانە ئاتلار كېرەك ئەمەس. سېرىق خىتاي بولامدۇر، قارا خىتاي بولامدۇر نەدىن كەلگەن بولسا شۇيەرگە كېتىشسۇن. ئۇلار خانلىقىنى، بەگلىكىنى، دوتەي- پوتەي، شەڭگەن- پەنگەن، دارىن- پارىنلىرىنى بېيجىڭگە ئېلىپ كەتسۇن. بىزگە ئۇلارنىڭ ئۆزىمۇ كېرەك ئەمەس، سۆزىمۇ كېرەك ئەمەس. ئۇلارنىڭ نامى، رەسىم- ئادىتى، قىلىق، خۇيلىرى تامامەن يوقالسۇن! بىز ئەمدى ئۇلارنى ئەبەدىيلىك ھەيدىدۇق. سېرىق - قارا ئىپلاسلارنىڭ يۇرتىمىزنى شۇنچە يىللار پاسكىنا قىلغانلىرى يېتەر. ئاندا، بۇندا قالغان بىر ئوچۇم، يېرىم ئوچۇم سېرىق - قارا پاسكىنلار خۇددى بۇرۇنقىدەك ئەپيۇن تارتىپ ئىغناپ يېتىش خۇمارى بىلەن يەنە ھۆكۈمەت تەختىگە ئولتۇرۇش ئۈمىدىدە (يېتىپ قالغۇچە ئېتىپ قال) دەپ كېيىنكى رەزىللىكلەرنى ئوتتۇرىغا چىقارماقتا. بۇلارنىڭمۇ ئۆمرى ئاز قالدى. يېقىن ئارىدا بۇ سوقۇندى قارا پاسكىنلارمۇ چار ناچار (مەجبۇرەن) ئۆز يۇرتلىرىغا ھەيدىلىدۇ.. بۇندىن كېيىن شەرقىي تۈركىستاندا دۆلەتنىڭ ھۆكمىنى ئاڭلىمايدىغان زالىملارغا ھوقۇق بېرىلمەيدۇ. يوقالسۇن قارا- سېرىق ۋەھشىيلەر! ياشىسۇن شەرقىي تۈركىستان دۆلتى! كېڭەيسۇن دىنىي، سىياسىي، مىللىي، ئىلمىي، مەدەنىي، ئىقتىسادىي ئىنقىلاب!

www.uyghurweb.net

بار بولسۇن ئۇلۇغ داھىمىز خوجا نىياز ھاجىم! ياشىسۇن شەرقىي تۈركىستانىنىڭ پىدائىي مۇجاھىد ئەسكەرلىرى!..

1933- يىلى 11 - ئاينىڭ 31 - كۈنى (ئىستىقلال مەجمۇئەسى)

## زالىم خىتايلار

مىلادى 1877 - يىلىدىن باشلاپ خىتايلار شەرقىي تۈركىستانغا تەكرار ئىستىلا يۈرگۈزگەندىن بىرى يەرلىكلەرگە ۋەھشىيانە مۇئامىلىدە بولۇپ، ئۇلارنى دەھشەتلىك تۈردە ئەزدى ۋە كەمسىتتى. ئۇلار يەرلىكلەرنى ھاقارەتلەپ «چەنتو»، «سىڭكو» دەپ ئاتايتتى. «چەنتو» دېگىنى سەللە ئورىغان، «سىڭكو» دېگىنى ھايۋان دېگىنى بولاتتى. خىتايلار ئۆزلىرىنى مەبۇد، خوجا، باشقىلارنى بولسا قۇل (بەندە) ئورنىدا كۆرۈشلىرى ئۈچۈن، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا دەۋا- دەستۇر سۈنغۇچىلارنى ئۆزىگە چوقۇندۇراتتى. يەرلىك خەلقنىڭ جېنى، مېلى، ئىپپەت- نومۇسى، زېمىنى ئۈستىدە خالىغانلىرىچە ئەيش- ئىشرەت، كەيپ- ساپا قىلىدۇ. بىچارە يەرلىكلەر ھەممە ھوقۇقتىن مەھرۇم قىلىنغان. ھېچ كىشىدە ھەرقانداق بىر ناھەقچىلىككە بىر ئېغىز ياخشى، يامان دېيىشكە قۇدرەت يوق ئىدى. كىمدەكىم ئۇلارنىڭ بىرەر تۈزۈمىگە خىلاپلىق قىلىپ سالغۇدەك بولسا، سېزىلگەن ھامان قاماققا ئېلىناتتى. قاماققا ئېلىنغانلار بوينى، قولى، پۇتىغا يوغان تاختىلار، قىلىن تۆمۈر كىشەنلەر سېلىنىپ ھوشىدىن كەتكۈچە ساۋىلاتتى. بۇنداقلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ كېيىنكى تەقدىرى ئۆمۈرلۈك قاماق ياكى سۈرگۈنگە ھۆكۈم قىلىنىش بولاتتى. قاماقخانىلارنىڭ شارائىتى كالا ئېغىلىدىن قېلىشمايدىغان دەرىجىدە ناچار، پاسكىنا بولۇپ، ئادەم تۇرغۇسىز ئىدى. بۇ خىتاي دېگەنلەرنىڭ مىللەتنىڭ تەرەققىياتى، مائارىپ ۋە مەدەنىيىتى، سودا- سانائىتى ئۈچۈن ھېچ ئىش قىلغىنى يوق. خىتاي، تۇڭگان ئەمەلدارلاردا پارىخورلۇق قىلمىشى ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋال بولۇپ، قانۇن فورمىسى كىيگەنلەر پارىخورلۇقتا مۇسابىقە ئېلىپ بېرىشاتتى. ئۇلار مىللەتنىڭ ئالتۇن، كۈمۈش، جاۋاھىرلىرى ۋە باشقا تامام بايلىقلىرىنى زورلۇق بىلەن يىغىۋالغان. ئىقتىسادىي ئىشلار، ئىچكى ۋە تاشقى سودا ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى خىتايلار تەرىپىدىن مانوپولىيە قىلىۋېلىنغان ئىدى. يەرلىك سودىگەرلەرنى خىتايلار ئۆز پايدىسى ئۈچۈن ئىشلىتەتتى. مەھەللىي (يەرلىك) سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئۇلارنىڭ ئويىغا كىرىپ چىقمايتتى. مىللىي مائارىپ ۋە نەشرىيات ئىشلىرىغا جان- جەھلى بىلەن توسقۇنلۇق قىلاتتى. ئۇلار فاھىشەۋازلىق، بۇزۇقچىلىق، ئەخلاقسىزلىق قىلمىشلىرىنى ئۆزلىرى قىلىپلا قالماي، بەلكى جەمئىيەتتە ئۇخىل قىلمىشلارنىڭ يامرىشىغا كەڭرى يول ئېچىپ بېرىشكەن ئىدى. ئۇلار يەنە بىر تەرەپتىن خىتايلاشتۇرۇش سىياسىتىنى كۈچەيتىپ، خىتاي كۆچمەنلىرىگە تۈركىستاننىڭ مەھسۇلدار يەرلىرىنى ئېلىپ بېرىشتى. نە- نەلەردىن كەلگەن كۆچمەن (ئاققۇن) خىتايلارنىڭ بۇ يەرلەرگە كېلىپ ئولتۇراقلىششى ئۈچۈن تۈرلۈك ئاسانچىلىقلارنى يارىتىپ بەردى. ئۇلار يەرلىك خەلققە ئېغىر دەرىجىدە سىلىق سېلىپ، ئۇلارنى زېمىنىدىن، ئۆي- ۋاقتىن زېرىكتۈرگەچكە نۇرغۇنلىرى يۇرتلىرىنى تاشلاپ باشقا جايلارغا قېچىپ كېتەتتى. سېلىقلارنى تۆلىيەلمىگەن دېھقانلارنى سۈرگۈن قىلاتتى ياكى قاماقتا ياتقۇزاتتى. ئۇلار يەنە تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ تۈركىستانلىق ئاياللارنى مەجبۇرىي يوسۇندا خوتۇنلۇققا ئېلىشقا باشلىدى. خىتايلار شەرقىي تۈركىستاندا ئىنسانغا پايدىلىق بىر داچەنلىك ئىش قىلغىنى يوق. رۇسلارنىڭ ئۆز ۋاقتىدا غەربىي تۈركىستاندا قوللانغان رۇسلاستۇرۇش سىياسىتىنى خىتايلار ئۆز پېتى كۆچۈرۈپ كەلگەن ئىدى. ئەمەلىيەتتە، خىتايلار بۇزېمىنغا ئەڭ ئاچكۆز، قەلەندەر ئەمەلدارلىرىنى ئەۋەتەتتى. شۇنداق بولغاچقىمۇ بۇ ئەمەلدارلار پەقەت پۈتۈن ئەس- يادى بىلەن پۇل

www.uyghurweb.net

تېپىش، باي بولۇش بىلەن ئاۋارە بولۇپ، خەلقنىڭ ئەھۋالىغا قىلچىمۇ كۆڭۈل بۆلمەس ئىدى. ختايلاردا قانۇن دېيىلگەن نەرسە يوق بولۇپ، ھەركىم ئۆزى خالىغانچە ھەرىكەت قىلاتتى. ھۆكۈمەت ئىدارىلىرىدىكى مەمۇرلار ئومۇمىيۈزلۈك ئەفيۇنغا ئۆگىنىپ كەتكەن ئىدى. ئەفيۇن چېكىش ختاي ئەمەلدارلىرىنىڭ ئەلاھىدە چوڭ ئىشى ھېسابلىناتتى. ئۇلارنىڭ سوزۇلۇپ يېتىپ ئەفيۇن چېكىشۋاتقان ھالىتىنى ھەردائىم كۆرگىلى بولاتتى. ختاي مەھكىمىلىرىدە ئەدل - ئىنساپ دېگەن دىن زەررە چاغلىق ئەسەر يوق ئىدى. كىم رىشۋەت (پارا) نى كۆپرەك بىرسە ھەر قانداق ئېغىر جىنايىتى بار ئادەم بولسىمۇ شۇنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ھۆكۈم چىقىرىلاتتى. رىشۋە بېرىشكە قادىر بولالمىغان كەمبەغەللەرنىڭ گېپى ھەر قانچە يوللۇق بولسىمۇ تاياق يەپ يۈتلىرىدىن باغلىنىپ، ئازابلانغاندىن سىرت ئۆمۈرلۈك قاماق ياكى سۈرگۈنگە مەھكۇم بولاتتى. دېمەك، تۈركىستاندىكى ختايلارنىڭ ھەرقانداقىنىڭ دىنى، ئىمانى، غايە- ئارمىنى پەقەت پۇللا ئىدى. كېيىنكى يىللاردا ختايلار پۇل تېپىش ئۈچۈن تۈرلۈك يوللارنى ئاچتى. ئۇلار بۇ زېمىندا بولشۇيك باسقۇنچىلارنىڭ پروگراممىلىرىنى قوللىنىپ مىللەتنىڭ مېلى، جېنى، ئار- نومۇسى ۋە ئىپپەتلىرىگە ۋەھشىيانە تاجاۋۇز قىلدى. شۇ تۈپەيلى بۇنداق ۋەھشەتلەر، زۇلۇم - زورلۇقلارغا قارشى ئىنقىلاب باشلاندى، خەلق قوزغىلاڭ قىلىپ باش كۆتۈردى. (ئىستىقلال مەجمۇئەسى، 42 ـ بەتتىن 45 - بەتكىچە) ئىستىقلال مەجمۇئەسىدىن ئېلىنغان كۆچۈرمىلەر مۇشۇ يەردە ئاياغلاشتى.

## گۆر ئاغزىدىن يانغانلار

باش ۋەكىل سابىت ئابدۇلباقىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە سەھىيە نازارىتىنىڭ نازىرى خانىي ئەپەندىگە مۇئاۋىن بولۇپ يىرىم كۈن، بەزىدە كېچىلىرى ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقان شۇ كۈنلەردە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان، تۈركىستانلىقلارنىڭ تارىخىدا ئېيتىشار قىلغۇدەك تەسىرلىك بىر ئىش بولۇپ ئۆتتى. بۇ ئىش يۈز بەرگەن چاغ 1933 ـ يىلىنىڭ كۈز پەسلى بولۇپ. مەن شۇ چاغدا دوختۇرخانىدا ئىدىم. توساتتىن بىر سېستىرانىڭ ئەپەندىمىز ئاۋۇ يەردە، دېگەن سۆزى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى. قارىسام، ئىشخانىغا ئۈچ نەپەر يىگىت كىرىپ كەلدى. قوللىرى لاتا، بەلۋاغلار بىلەن تېڭىلغان، تۇرۇقلىرىدىن قارىغاندا يىراق سەپەردىن كېلىشكەندەك تۇراتتى. مەلۇم بولۇشىچە، چوڭ بىر كېلىشمەسلىككە يولۇققان ئىكەن. دەرھال دوختۇرلارغا ئۇلارنى ياخشى كۈتۈۋېلىشنى تاپىلىدىم. يارىلىرى ئاپپاق، پاكىزە داكىلار بىلەن تېڭىپ قويۇلغاندىن كېيىن چېھرىلىرىدىن خوشلۇق ۋە تەبەسسۇم يېغىپ تۇرغان ھالدا ئالدىمغا كىرىشتى. چاي تارتىلدى. چاي ئىچىش ئارىلىقىدا ئۇلاردىن قانداق بولۇپ بۇ ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشلىرىنىڭ سەۋەبلىرى سورالدى. ئۈچ يىگىتنىڭ بۇ سوئالغا نۆۋەت بىلەن بەرگەن جاۋابلىرى تۆۋەندىكىچە بولدى: ئۇلاردىن بىرى ئەندىجانىنىڭ چار گۈزەرگە قاراشلىق 2 ـ قوم كوچىسىدىن زاھىت جان ھەكىمباي توگچىنىڭ ئوغلى بولۇپ، 22 ياشىنىڭ قارىسىنى ئالغان ئوۋچى يىگىت ئىكەن. قالغان ئىككىسىمۇ ئەندىجاندىن بولۇپ، بىرىنىڭ ئىسمى ئابىد بېك، 23 ياشلىق، ئوقۇش، يېزىشنى بىلىدىغان، رۇسچە بىلىدىغان يىگىت ئىكەن. يەنە بىرىنىڭ ئىسمى كىچىك ئابىد، 18 ياشلار چامىسىدىكى يىگىت ئىكەن. ئۇلار باشتىن ئۆتكەن ئىشلارنى شۇنداق ھېكايە قىلىدۇ: بىز ئۈچىمىز بىرلىشىپ بىر قىرغىزنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئەندىجاندىن يولغا چىقىپ سوپىي، ئوش، كىچىك ئالاي دېگەن جايلاردىن ئۆتۈپ كاتتا ئالاينىڭ «قارياغدى- ئات تايدى» دېگەن يېرىگە كەلگەندە قارلىق داۋانغا دۇچ كەلدۇق. قىلىن قار قاپلاپ كەتكەن بۇ داۋاندىن بەزىلەرنىڭ ئېتى ئۆتەلىسە، بەزىلەرنىڭ ئۆتەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن قىرغىز يولباشچى بىزنى باشقا يولغا ـ «قىرىق كېچىك» (بۇرۇن مەنمۇ بۇ يەردىن ئۆتكەن

www.uyghurweb.net

ئىدىم) تەرەپكە باشلاپ ماڭدى. بىز بۇ جاپالىق، تاشلىق، زەيكەش يولنى مىڭ مۈشەققەتلەر بىلەن بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن ئاخىرى بىر جىلغىدىكى قارا ئۆيگە چۈشۈپ، شۇ يەردە كېچىلەپ قالدۇق. بىز بۇ ئۆيدە بىر قاپ ئۇننى كۆرۈپ كۆزلىرىمىزگە ئىشەنمەي قالدۇق. چۈنكى ئۇ چاغلاردا ئۇننىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغان بىلەن ئۆزىنى كۆرمەيتتۇق. ئۇچاغلاردا ئۇن دېگەن بۇ ئۇلۇغ نېمەت پەقەت گېپو (ساقچى ئىدارىسى) دىلا بولاتتى. چۈنكى ئۇيەرلەردە تېخىچە سۇئىي ئاچارچىلىق داۋام قىلىۋاتاتتى. ئەتىسى بولغاندا تۆت تەرەپنى كۆزىتىپ، قاچاق (چەت- ياقا) يوللاردىن يۈرۈپ ناماز خۇپتەندىن ئاشقاندا كۆك سۇ دەريا كۆۋرۈكىگە كەلدۇق. كۆۋرۈكنى رۇس ئەسكەرلەر بېقىپ ياتقان بولغاچقا يېقىنلاشقىلى بولمىدى. شۇنداقتىمۇ بۇ دەل دەريانىڭ سۈيى ئۇلۇغ ئېقىۋاتقان چاغ بولغاچقا، قىرغىزنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن زاھىدجاننىڭ كۈچلۈك ئېتى دەرياغا سېلىندى. باشقىلارمۇ ئات بىلەن تەڭ سۇغا چۈشۈپ، سۇنى گاھ ئۈزۈپ، گاھ يېرىپ دەريانىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتتۈۋالدۇق. كېچە قاراڭغۇسىدا ئۇستىۋاش، بوقچا، خورجۇنلارنىڭ ھەممىسى ھۆل بولۇپ كەتكەن، ھاۋا سوغۇق شۇ ئەسنادا ئازراق ھاردۇق ئېلىپ مېڭىش ئۈچۈن دەريا بويىدىكى بىر ئۇتلاقتا توختىدۇق - دە، كەلگەن يەرگە تاشلىنىپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇق. بىرچاغدا يۈزلىرىمىزگە تەككەن ئىسسىق ئاپتاپتىن كۆزلىرىمىزنى ئاچساق ئاش ۋاقتى بولۇپ كەتكەن ئىكەن، ئارقىدىن يەنە «بىسمىللاھ يا ئاللاھ مەدەت ئۆزۈڭدىن» دەپ يولىمىزغا راۋان بولۇشتۇق. بىز شۇ ماڭغانچە ئاتلىرىمىزنى گاھ يورغا، گاھ زورغا چاپتۇرۇپ، ئاسمانغا تاقاشقان ئېگىزتاغلار ئارىسىدا كۆزلىرىمىزنى ئالتە تەرەپكە تەڭ تىكىپ، ئاتلىرىمىزنى يېتىلەپ پىيادە كېتىشىۋاتساق، توساتتىن بىر سۈيۈرى (داۋغان) غا كۆزىمىز چۈشۈپ قالدى. شۇ ئان زاھىدجان دەرھال ملتىقنى بىلەن ھېلىقى سۈيۈرىنى قارىغا ئېلىشقا تەمشىلىۋاتقاندا، قىرغىز يولباشچى ئۇنى توسۇۋېلىپ: زاھىدجان ئاكا، بۇ يەردە ئوۋ قىلسىڭىز بولمايدۇ، يېقىن يەردە پوست (گازارما) بار، ئوق ئاۋازى چىقىپ قالسا، سالداتلار كېلىپ ھەممىمىزنى ئېلىپ كېتىدۇ، دەپ قايتا- قايتا يالۋۇرۇشقا قارىماي، كاشغەرنىڭ خانىم-قىزلىرى خويمۇ ياخشى كۆرىدىغان، كۆركەم تەلپەك - تۇماق بولىدىغان بۇ جانۋارنىڭ تېرىسىگە ئېرىشىش ئىستىكى ھەممىمىزنىي رام قىلىۋالغاچقا ھېچكىمنىڭ ئۇنى ئاتماي قويۇشقا كۆڭلى قويمىدى. شۇئاندا زاھىدجان دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ قولىدىكى ئوۋ ملتىقنىي سۈيۈرىغا توغرىلاپ ئوق ئۈزەر- ئۈزمەس نېرىدىكى بىر يوغان تاشنىڭ ئۈستىدە تۇرغان سۈيۈرى بىر مېتىر ئاسمانغا ئۆرلەپ يەرگە چۈشتى. زاھىدجان ئابىدجاننىڭ ياردىمى بىلەن بۇ جانىدارنىڭ تېرىسىنى سويۇپ ئېلىپ قەنجىر (غانجۇغا) گە باغلاپ خۇشال ھالدا يولغا راۋان بولدى. يول ئۈستىدە قىرغىز يولباشچى پات- پات رۇس سالداتلىرى كۆرۈپ قالسا قانداق قىلارمىز، دېگەن ئەندىشە بىلەن ئەتراپقا ئىسەنكىرەشلىك نەزەر تاشلاپ قوياتتى. شۇندا ئۇنىڭغا: «قورقما! ھەر ئىش بولسا خۇدادىن كۆرىمىز. ئەجەل يەتسە ئۆلۈمىز، نىجاتلىق بەرسە ئاسارەتتىن قۇتۇلىمىز. بىز سېنى دەپ يولغا چىققانمىز» دەپ تەسەللى بېرىپ قوياتتۇق، بىز سەپەرنى شۇ تەرزدە داۋاملاشتۇرۇپ بىر يەرگە كەلگەندە تاغ ئارىلاپ مېڭىشقا توغرا كەلگەچكە ئاتلارنى يېتىلەپ پىيادە ھالدا تاغ باغرىدىن كېسىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا يىراقتىن ئىككى ئاتلىقنىڭ قارىسى كۆرۈندى. بۇنى كۆرۈپ جىنى چىققۇدەك قورقۇپ كەتكەن قىرغىز: «مانا دېمىدىممۇ؟ گۇلشە (جاي ئىسمى) دىن چىققان كۆزچىلەر (رازۋېدچىكلار) كەن، ئەمدى قانداق قىلىمىز، دەپ بوغۇلسا، زاھىدجان: «پېشانىگە كەلگەننى كۆرىمىز»، ئۇلار ھېلىغۇ ئاران ئىككى ئىكەن، ئەگەر ئون ئادەم بولسىمۇ بوش كەلمەيمىز، يولۇڭغا يۈرۈۋەر، پەرۋا قىلما» دېدى. شۇنداق قىلىپ بىزلەر ھېچ ئىش بولمىغاندەك، يا قاچماي يا ئاتلارنى تېزلەتمەي ياكى ھەرىكەتلىرىمىزنى ئۆزگەرتمەي بىر خىل تەمكىنلىك بىلەن ئاتلارنىڭ تىزگىننى مەھكەم تۇتقانچە ئۇلارغا قاراپ ئىلگىرىلەۋەردۇق. ھېلىقى ئىككى روسمۇ بىز تەرەپكە قاراپ كېلىۋەردى. ئۇلار بىزگە ئىككى يۈز مېتىر چامىسى يېقىنلاشقاندا توساتتىن يولنى ئۆزگەرتىپ

www.uyghurweb.net

تاغ تۆپىلەپ مېڭىپ ئۇدۇلىمىزغا كەلگەندە سەلام قىلدى. قارىساق، بۇ ئىككى روسنىڭ بىرسى ئوفىتسىر، يەنە بىرسى ئەسكەر ئىكەن. ئىككىلىسىنىڭ يەلكىلىرىدە بەش ئاتار مىلتىق بار. ئوفىتسىرنىڭ يانبىشىدا تاپانچا بار ھالەتتە تولۇق قوراللانغان ئىكەن. ئۇلارنىڭ بەرگەن سالاملىرىغا ئابىد بېك رۇس تىلىدا جاۋاب قايتۇردى. ئوفىتسىر بىزدىن: «سىلەر نېمە ئادەملەر؟ بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسىلەر؟ نەگە بارىسىلەر؟» دەپ سورىدى. ئۇنىڭ بۇ سوئالىغا ئابىد بېك: «بىزلەر ئىلىك باشىنىڭ ئاكتىپ ئەزالىرىمىز، قۇلاق(يەرلىك پومېشچىك، يەر ئىگەسى) قاچۇرۇپ قويغانىمىز، شۇنى تۇتۇش ئۈچۈن بۇ تەرەپلەرگە كەلدۇق» دېدى. ئوفىتسىر بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن «خاراشو» دەپ قويدى- دە، ھەمراھى بىلەن بىللە كېلىپ بىزگە قېتىلىپ يولنى بىرگە باستى. بىز بۇ ئىككى رۇس بىلەن ئۆزئارا سۆزلەشكەچ خېلى بىر ھازا مېڭىشقاندىن كېيىن  بىر مەيدانغا چىقتۇق. بىز بۇ يەردە ئارام ئېلىپ ماڭماقچى بولۇپ توختىدۇق. ئىككى ئورۇس ئەسلى بىزنىڭ يېنىمىزغا كېلىش ئالدىدا يېنىدىكى سائەت، سولكاۋاي (تەڭگە)، پىچاق، ئالتۇنلىرىنى بىر جايغا تاشلاپ قويۇپ كەلگەن ئىكەن، ئارىمىزدىن كىچىك ئابىد ئارقىسىغا يېنىپ  ئۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ كەلگىلى كەتكەن ئىدى. بىچارە قىرغىز بولسا ئىككى يۈز مىتىرچە يىراقلىقتا بىزدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ گاھ كۆرۈنۈپ گاھ كۆرۈنمەي، ئەي خۇدايا! ئۆزۈڭ ئاسرىغايسەن، دەپ خۇداغا يىغلاپ، يالۋۇرۇپ يۈرەتتى. تاماقلىنىش ئارىلىقىدا ھېلىقى رۇس ئوفىتسىرى ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن نان، گۆش ۋە ھېسپىلەرگە بىزنىمۇ ئېغىز تەگدۈردى. شۇ چاغدا رۇس ئوفىتسىر بىزگە دېدى: «بۈگۈن ئۈچ كۈن بولدى. سىلەر دەۋاتقان ھېلىقى گەۋدىلىك، باي سىنىپىغا ئوخشىغان ئۈچ كىشى مۇشۇ يەردىن تۇتۇپ گۇلشە ساقچى ئىدارىسىگە تاپشۇرۇلغان. ئۇلار ھازىر سولاقتا. ھەممىمىز گۇلشەگە بارساق، بەلكىم سىلەر قاچۇرۇپ قويغان ھېلىقى مۇشتۇمزورلار دەل شۇلار بولۇشى مۇمكىن. قېنى يۈرۈڭلار، گۇلشەگە بارايلى» دېدى. بۇ چاغدا ئابىدبېك: «خەۋەرچىلىرىمىزنىڭ سۆزىگە قارىغاندا بىز ئىزدىگەن قۇلاقلارنىڭ بىر كۈن بۇرۇن مۇشۇ يەردە قونغانلىقىنى، بۈگۈن كېچە يا ئەتە كېچە يەنە شۇ يولدىن ئۆتۈشلىرى ئېھتىماللىقى يېقىنلىقىنى بىلدۇق، شۇڭا سىلەر قامىغان ئۇ مۇشتۇمزورلار باشقا، بىز ئىزدىگەن ئۇ مۇشتۇمزورلار باشقا بولۇشى مۇمكىن. ئەمدى بىزلەرنى ئۆز ھالىمىزغا قويۇپ، ئۆز ۋەزىپەڭلارنى ئىجرا قىلىۋېرىڭلار» دېدى. بۇنى ئاڭلىغان رۇس چىرايىغا بىر دىنلا قەتئىيلىك يۈگۈرتۈپ: «ئەمدى يەنە گەپ ئوخشىتىمەن دېمەڭلەر، سەن روسچىنى بىلىسەن (ئابىدبېكنى دەۋاتىدۇ)، خېلى نوچى يىگىتتەك تۇرىسەن، قېنى ئېيتىڭلار، سىلەر زادى نېمە ئادەملەر؟ نەگە بارىسىزلەر؟ راستىڭنى ئېيتىش» دېدى. زاھىدجان ئابىدبېككە قاراپ: «راستىنى ئېيتىۋېرىڭ، ئۆلۈم ھەق، خۇدانىڭ ئىرادىسى نېمە بولسا شۇنى كۆرىمىز. راستچىللىقتا نىجات بار»، دېدى. ئابىد بېك روسقا قاراپ: «بىزنىڭ ئاتا- ئانىمىز كاشغەردە، بىز شۇلارنى يوقلىغىلى بارىمىز، بىزگە يول بېرىڭلەر، بىز سىلەرگە خىزمەت قىلۇرمىز» دېدى. رۇس: «ئۇنداق بولسا ئۈچ ئادەمگە ئۈچ مىڭ سوم بېرىسىلەر، بىز سىلەرنى كۆرمىگەن بولىمىز» دېدى. زاھىدجان بۇنىڭغا جاۋابەن دەرھال چۆنتىكىدىن 3000 سومنى چىقىرىپ ئابىدبېككە ئۇزاتتى. ئابىدبېك روسقا ئۇزاتتى. ئوفىتسىر پۇلنى ئەسكەرگە بېرىۋېتىپ ئۇنىڭغا بۇيرۇق قىلدى: «مىلتىقنى ھازىرلا، قولۇڭنى تەپكۈدىن مىدىرلاتما، ئۇلارنى قىمىرلاتمايسەن، ئەگەر قىمىرلىسا تەپكۈنى باسىسەن» دېدى- دە، تاپانچىسىنى قولىغا ئېلىپ بىزنى نىشانلاپ: «بىزدىن بەش مېتىر نېرىدا تۇرۇڭلار» دېدى. بىز ئۇلارنىڭ دېگىنى بويىچە بەش مېتىر نېرىدا تۆتىمىز تۆت تۈۋرۈككە ئوخشاش بىر- بىرىمىزگە قاراپ تۇرۇشتۇق. ئوفىتسىرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن زاھىدجان يەلكىسىدىكى مىلتىقنى تاپشۇردى. بۇ چاغدا ئوفىتسىر ئابىدبېكنىڭ ئۈستىدىكى كالتە پوستۇن (جۇۋا) نى سورىدى. ئابدبېك «خوپ» دەپ پوستۇننى يېشىپ ئوفىتسىرگە ئۇزاتتى. ئوفىتسىر قولىغا ئالماي: يەرگە قوي، دېدى. شۇ ئەسنادا زاھىدجان ئوفىتسىرغا يالۋۇرۇپ يۈرۈپ رۇخسەت ئالغاندىن كېيىن  ئۇن

www.uyghurweb.net

مېتىرچە يىراقلىقتىكى دەرياغا بېرىپ بىر ئاز سۇ ئىچىپ ئۆزىنى ئوڭشاپ، خۇداغا دۇئا قىلىپ ئالدىرىماي قايتىپ كەلدى. دە، ئەسكەرگە يېقىن يەرگە بېرىپ تۇردى. بۇ چاغدا ئابىدجان بىلەن ئوفىتسىر تېخىچە ھېلىقى پوستۇننىڭ گېپى بىلەن ئىدى. ئوفىتسىر قولىدا تاپانچىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، بىردە ئەسكەرگە: «بۇلارنىڭ كۆزى قىمىرلىسا تەپكىنى باس» دېسە، بىردە ئابىدبېككە قاراپ: پوستۇننى يەرگە قوي، دەپ ھەيۋە قىلاتتى. ئابىدبېك بولسا پوستۇننى ئىككى يەلكىسىدىن ئىككى قولى بىلەن تۇتۇپ مانا پوستۇن، دەپ ئۇزاتماقتا. زاھىدجان بولسا، ئايىغىنى يەردىن ئۈزمەستىن، سۈرۈلۈپ- سۈرۈلۈپ ئەسكەرگە يېقىنلاشماقتا، مانا شۇ چاغدا ئابىدبېك بىلەن زاھىدجان ئۆزئارا كۆز ئۇچراشتۇرۇۋالدى. دە، كۆڭۈللىرىگە بىر نەرسىنى پۈكۈشتى. شۇ چاغدا ئابىد بېك پوستۇننى ئوفىتسىرگە ئۇزاتتى. ئوفىتسىر پوستۇننى قولىغا ئالاي، دەپ تۇرۇشىغا ئابىد بېك ئوفىتسىرنى يان تەرەپتىن قۇچاقلاپ ئىككى قولىنى چىڭ تۇتۇۋالدى. دەل شۇ پەيتتە زاھىدجان بۇ تەرەپتىن ئوفىتسىرغا قاراپ يولبارس پەيلىدە ھۇجۇم قىلىپ باردى. دە، ئەسكەرنىڭ قولىدىكى مىلتىقنى بىلىدىن تۇتۇپ ئۇچىنى ئاسمانغا قارىتىپ تۇرۇپ ئەسكەرنى گۆشى بىلەن سۆڭىكى بىر- بىرىگە كىرىشىپ كەتكۈدەك دەرىجىدە بار كۈچى بىلەن سىقىپ چىڭ قۇچاقلىۋالدى. شۇ تەرزدە بىر پەس ئۆتكەندىن كېيىن زاھىدجان يانبىشىدىكى خەنجەرنى چىقىرىپ ئەسكەرنىڭ گېلىغا بىرنى ئۇردى. ئەسكەر بۇنىڭ بىلەن بوشاشمىدى. ئىككىنچى قېتىم ئۇرۇلغان زەربەنى ئەسكەر چاققانلىق بىلەن چىكىنىدۈرگەچكە خەنجەر قايتىپ كېلىپ زاھىدجاننىڭ بەش بارماقنى ئوتتۇرىسىدىن كېسىۋەتتى. شۇنداقتىمۇ جان- جەھلى بىلەن ئۇرۇلغان 3- زەربە نىشانغا تەگدى. زاھىدجان چالا ئۆلۈك ھالىدا ياتقان ئەسكەرنى كۆتۈرۈپ ئاپىرىپ دەرياغا ئاتتى (بۇ ئورۇس پىرئەۋنگە ئەسكەر بولدى).

بۇ ھالنى كۆرگەن ئوفىتسىرنىڭ چىرايىدا قان قالمىدى. شۇ ئەسنادا كىچىك ئابىدمۇ قايتىپ كەلدى. ئابىد بېك ئوفىتسىرنى قۇچاقلىغان پېتى كىچىك ئابىدقا قاراپ: قىنى كەل، ئۆتۈكۈمنىڭ قونجىدىن كاتتا پىچىقمنى چىقىرىپ بۇ كاپىرنىڭ بېشىنى كەس، دېدى. كىچىك ئابىد كېلىپ ئۆتۈكنىڭ قونجىدىن پىچاقنى ئېلىشى ھامان ئابىد بېك ئوفىتسىرنى يەرگە ياتقۇزۇپ كەس بېشىنى، دەپ تەكرار بۇيرۇق قىلدى. كىچىك ئابىد بەك ئالدىراپ كەتتىمۇ ياكى كىچىكلىك قىلدىمۇ- تاڭ بىرىنچى قېتىملىق زەربىدە ئۆز بارمىقنى كېسىپ سالدى. ئىككىنچى زەربىدىلا پىچاقنى كاپىرنىڭ بويىنغا دەل كەلتۈرۈپ سالدى. قالغان ئىشلارنى ئابىد بېك ئۆزى پۈتتۈردى. بىز بۇ ئىككى كاپىردىن شۇ ئۇسۇل بىلەن قۇتۇلغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئات ۋە جابدۇقلىرىنى، بەش ئاتارمىلتىقى ۋە بىر تاپانچىسىنى ئولجا ئېلىپ يەنە يولغا راۋان بولدۇق. ھېلىغاچە نەلەردىدۇر مۆكۈپ تۇرغان ھېلىقى قىرغىز بىردىنلا پەيدا بولۇپ، يەنە بىزگە يول باشلاپ ماڭدى. بىر ئاز يۈرگەندىن كېيىن ئابىد بېك توساتتىن توختاپ: «توختاڭلار! جەڭ بولغان جايدا مېنىڭ بىر سومكام چۈشۈپ قاپتۇ. ئىچىدە ئائىلىمىزنىڭ رەسىم، ئادرېسلىرى بار ئىدى. ئەگەر ئۇ نەرسىلەر رۇسلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتسە، قېرىنداشلارنىڭ ھەممىسى خانىۋەيران بولىدۇ. زاھىدجان ئاكا! قىنى ئاتىڭىزنى چاپتۇرۇپ بېرىپ تېزدىن سومكانى ئېلىپ كېلىڭ، فۇرسەت غەنىمەت» دېدى. زاھىدجان: «قويۇڭ ئەمدى، نېمە بولسا خۇدانىڭ ئۆزىگە. جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان». ئابىد بېك يەنە زورلىدى. زاھىدجان: «مەن بارالمايمەن، ئۆزىڭىز بارساڭىز بولۇپتىكەن». ئابىد بېك: «نېمە ئۈچۈن؟» زاھىدجان بىر ئاز ئوڭايسىزلىنىپ: «قولۇمنى خەنجەر كېسىۋەتكەن ئىدى، شۇڭا ئۆزىڭىز بارسىڭىز ياخشى بولۇر ئىدى» دەپ تېڭىقلىق تۇرغان قولىنى چىقىرىپ كۆرسەتتى. زاھىدجاننىڭ بوغۇمىدىن ئاجراپ كېتەي دەپ قالغان بەش بارمىقى ھېلىلا يەرگە چۈشۈپ كېتىدىغاندەك جانسىز ساڭگىلاپ تۇراتتى. بۇنى كۆرگەن ئابىدجان خىجالەتچىلىكنى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن ئېتىغا بىر قامچا ئۇردى- دە، ئۇچقاندەك كېتىپ قالدى. بىر ئازدىن كېيىن سومكانىمۇ

www.uyghurweb.net

ئېلىپ كەلدى. ھەممەيلەن يەنە يولغا راۋان بولۇشتى. بۇنى كۆرگەن قىرغىز يول باشلىغۇچى سۆيۈنگەنىدىن نېمە قىلىشىنى بىلمەي، بىردە كۈلسە، بىردە يىغلاپ، ئەزىمەتلىرىم، شاۋۋاز (باتۇر) لىرىم، دەپ ئاسمانغا قاراپ خۇداغا شۈكۈرلەر ئېيتىپ، مۇمكىن قەدەر ئېتىنى تېزرەك چاپتۇرار ئىدى.

زاھىدجان سۆزىنى داۋام قىلىپ: ئاتلىرىمىزنى گاھ يورغا، گاھ زورغا چاپتۇرۇپ ناماز شامغا يېقىنلاشقاندا ئۇلۇغچاتقا كېلىپ، ئۇيەردىن يەنە داۋاملىق يۈرۈپ كاشغەرگە چۈشۈۋالدۇق، دېدى. كۆپچىلىك بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھەممەيلەن ھاياجانغا چۆمۈلۈپ: «قاراڭ بۇ كىچىك غازىلارغا! كاپىردىن ئىككىنى ئۆلتۈرۈپ ئاتلىرىنى ئولجا ئېلىشىپتۇ، يارايدۇر، ئوغۇل بالا ئىكەن» دېيىشتى. بۇ يەردىكى قىرغىز ئەسكەرلەرمۇ قەھرىمان غازىلارنىڭ دۈشمەن قولىدىن قۇتۇلۇپ چىققانلىقىنى تەبرىكلەپ، بۇ يەرگە يەتكەن قەدەملىرىنى قۇتلۇقلاپ، «خۇش كەلدىڭىز» ئېيتىپ ئۇلارنى بېشىدا كۆتۈردى. بۇلارنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلىش ئۈچۈن ئوسمان ئەلى يېنىغا ئەۋەتىلگەن چاپارمەن (خەۋەرچى) مۇ يېرىم كېچە بىلەن ئىككى ئوفىتسېرنىڭ قوماندانلىقىدا قىرىق ئەسكەرنى باشلاپ كەلدى. بۇلار كېلىپ بۇ قەھرىمانلارنى قىزغىن تەبرىكلەپ، سۆيۈپ، قۇچاقلاپ، ئوسمان ئەلى پاشانىڭ سالامىنى يەتكۈزدى. شۇ كېچىسى بۇلار ئۈچۈن قويلار سويۇلۇپ، ئۇيقۇدىن تۇرۇشلىرىغا ئۇلگۈرۈتۈپ شورپا تەييار قىلىنىپ، چىرايلىق ناشتا قىلغاندىن كېيىن تەنتەنە بىلەن ئوسمان ئەلى پاشانىڭ قېشىغا ئۇزىتىپ قويۇلدى. بۇلار ئوسمان ئەلىنىڭ قېشىدىمۇ «بارىكاللاھ ئەزىمەت يىگىتلەر! تۇغقان ئاناڭلار، باققان ئاتاڭلارغا رەھمەت، ياشاڭلار! ساق بولۇڭلار! يىگىت بولسا شۇنداق بولسا، ئاپىرىن!» دېگەنگە ئوخشاش ئالقىش سادالىرى ئىچىدە قىزغىن قارشى ئېلىنىدى. ھازىرقى كۈندە بۇ ئۈچ يىگىتنىڭ بىرسى بولغان زاھىدجان مەككە مۇكەررەمەنىڭ فەيسەل كوچىسىدا دۇكاندارلىق قىلىدۇ.

## موسكۋا جاسۇسلىرىنىڭ ئاقىۋىتى

ئوت ئىچىدە، ئوق ئىچىدە يۈرگەن شۇ كۈنلىرىمىزدە توساتتىن«نىكولاي نىڭ ئوغلى كەپتۇدەك، خوتۇنمۇ بىللە ئىمىش» دېگەن گەپلەر تارالدى. بۇ خەۋەر ئىستىقلال جەمئىيىتىدىكىلەرنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. بىر ئەركەك ۋە بىر خاتۇن سەلاھىيىتى بىلەن بۇ ئىككى ئورۇسنىڭ بۇ يەردە پەيدا بولۇشىغا جەمئىيەتتىكىلەر گۇمان بىلەن قاراشتۇق. شۇنىڭ بىلەن بىر - ئىككى ئادەمنى بۇ ئىككى ئورۇسنىڭ ئىش-ھەرىكىتىنى كۆزىتىشكە قويدۇق. ئىككى - ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ھۆكۈمەتتىن بۇلارنى تۇتۇپ تىرگاۋ قىلىش توغراسىدا بۇيرۇق چۈشتى. بۇيرۇققا بىنائەن ئۇلارنى قىرغىز قوشۇنىدىن ئايرىپ، مەخسۇس بىر بىناغا ئورۇنلاشتۇرۇپ كەمىنە مۇئەللىپنىڭ تەرجىمانلىقى بىلەن تىرگاۋ باشلاندى. تارگاۋدا مەھمۇد نەدىم بېكمۇ بىللە بولدى. تىرگاۋ ھەر كېچە تاڭ ئاتقانغا قەدەر داۋاملاشتى. ئۇلار ئەر- خوتۇن بىر - بىرىنى كۆرمەيدۇ. تىرگاۋ جەريانىدا ئەركىشىدىن «مەن دېگەن نىكولاينىڭ ئوغلى. قىزىل رۇسلاردىن قېچىپ بۇ يەرلەرگە كېلىشىم. بىزنى قۇبۇل قىلىڭلار» دېگەن دىن باشقا، ئايالدىن بولسا «مەن راستلا شۇ ئادەمنىڭ ئايالىمەن. نىكولاينىڭ كېلىنى بولىمەن» دېگەندىن باشقا جاۋابقا ئېرىشكىلى بولماي ھەپتىلەپ ئاۋارە بولدۇق. بۇلار شۇنچە تەھدىت ـ قورقۇتۇشلار ئالدىدىمۇ يەنە ئىقرارقىلغىلى ئۇنىمىغاندىن كېيىن، ئاخىرى بۇ ئىككىيلەن ھۆل چىۋىق بىلەن تازا قاتتىق ئۇرۇلدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە باشتا ئايال ئىقرار قىلدى. ئېيادە، ئىمزاسى ئېلىنىپ تىرگاۋ توختىتىلدى. نۆۋەت ئەرگە كەلگەندە ئۇ بۇ جازاغا پەسەنت قىلمىدى. ئۇنىڭغا ئايالنىڭ ئىقرارنامىسى ئوقۇپ بېرىلىپ، ئەگەر راست سۆزلىمىسە، ئۆزىگىمۇ، ئايالىغىمۇ پايدىسىز ئىكەنلىكى، ئەگەر ئىقرار قىلىپ، سىرىنى پاش قىلسا، ئۇ چاغدا كەلگەن جايىغا ئامان- ئىسەن قايتىپ كېتەلەيدىغانلىقى

ئۇقتۇرۇلدى. ئەتىسى بولغاندا ئەرمۇ ئىقرار قىلدى. ئىقرارنامىغا قارىغاندا، بۇلارنىڭ ئىككىلىسى رۇس بولۇپ باكۇدىكى چاغلىرىدىن باشلاپ رۇسلارنىڭ جاسۇسلۇق ئورگىنىدا ئىشلەپ كەلگەن ئىكەن. بۇ يەرگىمۇ رۇسلار تەرىپىدىن دەل شۇ نىداق ۋەزىيىپە بىلەن ئەۋەتىلگەن ئىكەن. بۇلاردىن تولۇق تىلخەت، ئىمزالار ئېلىنغاندىن كېيىن ھەرئىككىلىسىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى.

## ئارمىيە ئارىسىغا سوقۇنۇپ كىرگەن رۇس جاسۇسلىرى

ھۆكۈمەت قۇرۇلدى، يۈسۈپ جان مىڭبېشى باش قوماندان بولۇپ كاشغەرنىڭ يارباغ دەرۋازىسىنىڭ ئىچ تەرىپىدە ئۆز ئىدارىسىنى قۇردى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يۈسۈفجاننىڭ يېنىدا بەزى رۇس ئەسكەرلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىدى. كوچا- كويلاردا قوماندانلىق مەركىزىدە ئاق رۇسلارمۇ بار ئىكەن، دېگەن گەپلەر تارالدى. باش ۋەكىلىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بېرىپ تەكشۈرۈپ كۆرۈلدى. دېگەندەك، ئۇلار بار بولۇپ چىقتى. سانى 12 نەپەر. ھەممىسى دېگۈدەك بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىزگە ئوخشاش فورمىدا كىيىنىپتۇ. ئەمما چىرايلىرىدىن سلاۋيان مىللىتىدىن ئىكەنلىكى، موسكۋا ئەۋەتكەن قىزىل رۇسلار ئىكەنلىكى مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، ئۇلار قىزىل ھاكىمىيەتتىن بۇرۇنقى نىكولاي زامانىدىكى ئاق رۇسلاردىن بولارمىش، قىزىل رىجىم (تۈزۈم) دىن بىزار بولۇپ، يېڭى قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىگە سىغىنىپ كەپتىمىش. ئۇلارنىڭ ھەممىسى قوراللانغان ئىدى. ئۇلاردىن قايسى چېگرا ۋە يۇرتلاردىن ئۆتۈپ بۇ يەرگە كەلدىڭلار؟ دەپ سورىغىنىمىزدا بەرگەن جاۋابى: «ئافغانىستان تەرەپتىن قىچىپ پامىر تاغلىرىدىن ئېشىپ كەلدۇق» دېگەندىن ئىبارەت بولدى. ھەممىسى رۇس تىلىدا سۆزلەيدىكەن. كۆرۈنۈشىدىن تېتىك، ھوشيار، ئىلمىي سەۋىيىسى باشقا ئەسكەرلەردىن ئۈستۈن كۆرۈنىدۇ، ياخشى تەربىيە كۆرگەنلىكى گەپ- سۆزىدىن چىقىپ تۇرىدۇ.

بىر كۈنى باش ۋەكىل چاقىردى. بېرىپ ئوردىغا كىرىشىمگە ئوردا مەيدانىدا ھېلىقى ئاق رۇسلارنى كۆردۈم. ھەممىسى كوماندا كۈتۈپ تۇرغان قىياپەتتە ئاتلىرىنىڭ يېنىدا مىلتىقلىرىنى بەتلەپ تۇرۇشقان ئىكەن. ئۇلار بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن: « كوماندىر قىنى؟» دېدىم. كوماندىر ئالدىمغا كېلىپ بىر خىل ئىلاجىسىزلىق ئاھاڭىدا: «بىزگە قول تەپكىدە تۇرسۇن، ئات دېگەندە ئوق چىقىرىسىزلەر، دەپ بۇيرۇق بېرىلگەن» دېدى (ئۇلار ئادەتتە رۇسچە بىلىدىغان كىشىلەرنى كۆرسە بىردىنلا خۇدۇكسىرەپ، ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا تىرىشاتتى). ئىچكىرىگە كىردىم. ئەسلىدە يۈسۈفجان بىلەن سۆھبەتلىشىش ئۈچۈن چاقىرتىلغان ئىكەنمەن. سۆھبەتتە يۈسۈپ جان بىزنىڭ نېمە دېيىشىمىزگە قارىماي، ئۆزىنىڭ «بۇلار گەپ يوق ئاق رۇسلار» دېگەن گېپىدە چىڭ تۇردى. ھۆكۈمەتنىڭ بۇلارغا شۈبھە بىلەن قاراۋاتقانلىقىغا پەرۋا قىلمىدى. يەنە تېخى يۈسۈفجاننىڭ ئۇلاردىن ھەزەر ئەيلىمەكتە يوق ئۇلارنى ئۆزىنى قوغدايدىغان پىدائىيلار قاتارىدا كۆرۈپ باشقا ئەسكەرلەرگە قارىغاندا ئۇلارنى يۇقىرى كۆرۈۋاتقانلىقىنى بىلدۇق. يۈسۈفجان مىڭبېشىنىڭ بۇ خاتا ھەرىكىتىگە جەمئىيەت تەرىپىدىن، ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ھەرقانچە ئاگاھلاندۇرۇشلار قىلىنغان بولسىمۇ پايدا بەرمەستىن، ئۇ ئۆزىنىڭ جاھىلانە پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋەردى. ھۆكۈمەت يۈسۈفجانغا: «بۇ ئاق رۇس ئەسكەرلىرىڭىز ھەقىقىي ئاق رۇس ئەمەس، ئۇلار ھامان بىر كۈنى كاتتا بالانىڭ بېشى بولىدۇ، بۇلار خەتەرلىك» دېيىلسە، يۈسۈفجان بۇ گەپكە قۇلاق سېلىپ قويمىدى. يۈسۈفجان بىلەن ھۆكۈمەت ئارىسىدىكى مانا مۇشۇ ئىختىلاپ تۈپەيلى بارا- بارا ئۆز ئارا ئىشەنمەسلىك يۈز بەردى. شۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلەرنىڭ جاسۇسلۇق تورى ئوردا ئىچىگىمۇ يېيىلدى. بۇ ئىشلار سەۋەبىدىن

www.uyghurweb.net

جەمئىيەت ئەزالىرى ئەندىشىگە چۈشتى. ئاخىرى كۈتۈلمىگەن خەۋپنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇلار تەرىپىدىن بىر تۈرلۈك ھەرىكەت لايىھىسى تۈزۈلۈپ باش ۋەكىلنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنۇلدى. باش ۋەكىل كۈتمىگەن يەردىن چىقىپ لايىھىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا قوشۇلمىدى. زىيارەتچىلەر كەلسە، دائىم دېگۈدەك ئىچكىرىدىن ـ ئىچكىرىكى ھۇجرىسىغا كىرىپ ئەدىيالغا يۆگىنىپ ئولتۇرۇۋېلىپ، نەچچە كۈنلەپ ھېچ ئادەم بىلەن كۆرۈشكىلى ئۇنىمايتتى. دۆلەت كىشىلىرى، جەمئىيەت ئەزالىرى، زىيالىيلار بۇ ھالنى كۆرۈپ ساراسىمىدە قالدى. ئۆزىمىنىڭ بىر ھۆكۈمەت خادىمى بولۇش سۈپىتىم بىلەن باش ۋەكىل بىلەن ئۇنىڭ خىلۋەت ھۇجرىسىدا شەخسەن كۆرۈشۈپ، يۈسۈپجان تۇغرىسىدىكى پىلان ـ لايىھىنى ئاڭلىتىپ، ئۇنىڭ قوشۇلۇشىنى كۆپچىلىك نامىدىن ئۆتۈندۈم. باش ۋەكىل بولسا: «ئىنقىلابنى قېرىنداش قېنىنى تۆكمەستىن، ھېچكىمنى رەنجىتمەستىن ئېلىپ بېرىش مېنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇم» دېگەن جاۋابنى بەردى. مەن باش ۋەكىلنىڭ پىكرىگە ئۆزگەرىش ئېلىپ كېلەلمىگەن دەپ ئۇنىڭغا بىر بۆلۈك تارىخىي ھېكايىلەر ۋە سىياسىي ۋەقەلەرنى بايان قىلىپ ئۆتتۇم. ئەنە شۇ قاتاردا مىرزا ئابدۇلقادىر بىدىلنىڭ پادىشاھ ئەۋرەڭزىبنىڭ نامىدىن دېگەن، دۆلەت قۇرۇش يولىدا ئاز ـ تولا قان تۆكۈلمىسە بولمايدىغانلىقىنى مەزمۇن قىلغان تۆۋەندىكى شېئىرىنىمۇ ئوقۇپ ئۆتتۇم:

سەلتەنەت بىناسىنىڭ ھۇلىدۇر قەھر ـ غەزەب،
قان تۆكۈلمەي بۇ بىنا قەد كۆتۈرمەس ھېچقاچان.

ئۇنىڭغا بۇلارنىڭمۇ تەسىرى بولمىدى. بۇ ئىشقا ئاشمىغان پىلاننىڭ خەۋىرى يۈسۈپجاننىڭ قۇلىقىغىمۇ يەتمەي قالمىدى. دەرغەزەپ بولغان يۈسۈپجان تونىنى تەتۈر كىيدى. بۇنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە بىر دىنلا ئۆزگىرىپ، پات ـ پات ئىنگلىز ئەلچىخاناسىغا قاترايدىغان بولۇۋالدى. بۇنىڭ بىلەن بىر دەرد ئىككى بولدى. تېخىمۇ ئېچىنارلىق يېرى شۇ بولدىكى، ئىككى رۇس جاسۇسىنىڭ نىكولاينىڭ ئوغلى ۋە كىلىنى بولۇپ تۇغرىدىن ـ توغرا ھۇدۇدىمىزغا كىرىپ كېلىشى، 12 نەپەر ئەلەمدارنىڭ قوراللىق ھالدا باش قوماندان يۈسۈپجاننىڭ يېنىدا ئەسكەر سالاھىيىتى بىلەن تۇرۇشى ۋە ئۇنىدىن باشقا بىز بىلمىگەن ئالىلقانداق ئويۇنلارنىڭ ئوينالغانلىقىدۇر. ھەر ھالدا شۇنى چۈشىنىپ ئالغىلى بولىدۇكى، دۈشمەنلەر ھەر خىل يوللار بىلەن يېڭى قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىنى ياشاتماستىن، بۆشۈكىدەلا بوغۇپ تاشلاشقا ئۇرۇنۇۋاتاتتى. ئەھۋالنىڭ بۇ دەرىجىگە چۈشۈپ قېلىشىغا يەنەلا يۈسۈپجاننىڭ نادانلىقى سەۋەب بولۇپ قالدى. مانا بۇ نادانلىق ئاخىرىغا كېلىپ ئۆزىنىڭ ھەم ھۆكۈمەتنىڭ ھالاكىتىگە سەۋەب بولدى.

ھەر كىشىكى نادان تۇرۇپ نادانلىغىن بىلمەستۇر،
بۇ چىگىش نادانلىقتىن قۇتۇلماقى بەسى تەستۇر.

ئەزەلدىن بىز نىڭ ئەجەللىك دۈشمىنىمىز جاھالەت بولۇپ كەلدى، ھەقىقىي دۈشمىنىمىز يەنە شۇ جاھالەت بولۇپ كەلدى. بۇ جاھالەتكە قارىتا تۈرك ۋەتەنپەرۋىرى ئاكىفبېكنىڭ مۇنۇ مىسرالىرى نەقەدەر جايىدا ئېيتىلغان ـ ھە!
ئەي جاھالەت، ئالدىدا سېنى ئۆلتۈرمەسەك بولماس،
دۈشمەنلەرگە تۇتۇلماققا بولۇپ بەردىڭ سەن ئاساس،

www.uyghurweb.net

## ئوسمان ئەلى سىجاڭنىڭ ئاقىۋىتى

مۇجاھىدلاردىن ئوسمان ئەلى سىجاڭ ئوتتۇرىغا چىققاندىن بىرى ئۆزىنىڭ غەيرەت- شىجائىتى بىلەن تونۇلدى. بىراق كېيىنكى كۈنلەرگە كەلگەندە بۇ ئادەممۇ نېمە سەۋەبتىندۇر ئۆزگىرىپ ئەيش- ئىشرەت، كەيپ- ساپاغا بېرىلىپ، خوتۇندىن ئۆچ- تۆتنى ئېلىپ، ئويۇن كۈلكە ئىچىدە، گاھ مەي بىلەن، گاھ نەي بىلەن كۆڭۈل خوشى قىلىپ ئۆتىدىغان بولۇپ قالدى. يەنە ئۇمۇ يەتمىگەندەك ئەفيۇننى ئىستېمال قىلىپلا قالماي، ئۇنى چېكىدىغان بولۇۋالدى. بۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ئەنە شۇنداق بولمىغۇر ئىشلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ رەھبەر بولۇشقا لاياقەتسىز بىر ئادەملىكىنى كۆرسەتتى. ھەربىي ئىشلاردىمۇ ئۇنىڭ قابىلىيەتسىزلىكى ئاشكارا بولدى. ھۆكۈمەتنىڭ پەرمانىغا كۆرە، ھەربىي ئىشلار نازىرى ئورازبېكنىڭ باشچىلىقىدا ھەرقايسى قوماندانلار بۇ ئىشنىڭ چارىسىنى قىلىشقا كىرىشتى. ئوسمان ئەلى سىجاڭ بۇنى تۇيۇپ قېلىپ قول ئاستىدىكى ئەسكەرلەرنى ئېلىپ تاغقا چىقىپ كەتتى. ھەربىي ئىشلار نازىرى ئورازبېكنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن يۇسۇفجان ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ ئوسمان ئەلىنى قوغلاپ چىقتى. ئوسمان ئەلى تاغقا چىقىۋالغان بولسىمۇ يۇسۇفجاننىڭ قوشۇنى ئالدى تەرەپتىن چىقىپ، ئوسمان ئەلىنىڭ قوشۇنىغا قاتتىق زەربە بەردى. ئەفيۇنكەش ئوسمان ئەلى خىلى تىركىشىپ باققان بولسىمۇ يۇسۇفجاننىڭ جەڭگىۋار قوشۇنىغا يېڭىلىپ، ئاخىرى ئەسىرگە چۈشتى. شۇ قاتاردا قىرغىز قوماندانلاردىن قوشمەتمۇ ئەسىرگە چۈشۈپ، بارلىق مال- مۈلكى، ئوق- دورا، قورال- ياراقلىرى ئولجا ئېلىنىپ، قان تۆكۈلمەستىن كاشغەرگە كەلتۈرۈلۈپ ھەربىي ئىشلار نازىرلىقىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى. ھەربىي ئىشلار نازىرى ئورازبېكنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئوسمان ئەلىگە كوچىغا چىقماسلىق شەرتى ئاستىدا يارباغ سىرتىدىكى مۇناسىپ بىر ھويلىدا ئائىلە ئەزالىرى ۋە خادىملىرى بىلەن بىرگە تۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنىپ نەزەربەند ئاستىغا ئېلىندى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئوسمان ئەلىنىڭ قاناتلىرى يۇلۇنۇپ ئۇچالماس ھالغا كەلدى.

## يەنە قان تۆكۈلدى

مۇشۇ كۈنلەردە يۇسۇفجان بىر ئاز مەغرۇرلىنىپ قالغان ئىدى. ھۆكۈمەت ۋە ھەربىيە نازىرىنىڭ باش قوشۇشى بىلەن قىرغىز قوماندانلىرىدىن ئەدى پانسەد تۇتۇلۇپ شۇ كېچىسى ھېيتگاھ مەيدانىدا دارغا ئېسىلدى. ئۇنىڭ 9 ماددىلىق ئەيىبنامىسى مەتبەئەدە بېسىلىپ خەلق ئارىسىدا تارقىتىلدى.

يەنە شۇ كۈنلەردە قىرغىز قوماندانلاردىن ئابدۇلخالىق پانسەدنىڭ ئۆز بېشىمچى ھەرىكەتلىرى، ئەھدە- پەيمانلىرىدىن قايتىپ ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقىغا ئېتىبارسىزلىق قىلىۋاتقانلىقى سېزىلىشكە باشلىدى. خاتا قىلغان ھەركىم ئۆز خاتالىقىنى بىلىدۇ. ئابدۇلخالىق پانسەدمۇ ئۆز خاتالىقىنى ياخشى بىلگەچكە، ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزىگە جازا يۈرۈشى قىلىشىدىن قورقۇپ بىر كېچىدە كاشغەردىن چىقىپ كېتىپ يېڭىسارغا بېرىپ ئەمىر نۇر ئەھمەدگە سىغىندى. بۇ ئىش بولغاندىن كېيىن باش ۋەكىل ئەمىر نۇر ئەھمەدكە ئابدۇلخالىق پانسەد توغرىسىدا مەكتۇپ ئەۋەتتى. ئەمىر نۇر ئەھمەد مەكتۇپ مەزمۇنىغا بىنائەن ئابدۇلخالىق پانسەدنىڭ 300 دىن ئارتۇق ئەسكىرىنىڭ ھەممەسىنى قورالسىزلاندۇردى. ئابدۇلخالىق پانسەدنى بولسا تۇتقۇن سۈپىتىدە خوتەنگە يوللىدى. باش ۋەكىل بۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئابدۇلخالىقنى خائىن دەپ جاكارلاپ، تۇتقۇن قىلىش بىلەن يۇسۇفجاننىڭ بىر قانىتىنى سۇندۇرغاندەك بولدى. ئەمىرنۇر ئەھمەد بولسا،

ئاكىسى ئەمىر ئابدۇللاھنىڭ ئۆچىنى ئالغان بولدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، خوتەن كاشغەردىن ئىنتىقام ئالغان بولدى.

كۆرگەن، ئەتكەنلىرىمىزنى قەلىمىمىز ئارقىلىق مۆھتەرەم ئوقۇرمەنلەرگە ئەمەلىيەتتىكىدەك تەسۋىرلەپ بېرىش بىزنىڭ غايىمىزدۇر. شۇنىڭغا كۆرە، ئەلۋەتتە ئۇقۇرمەنلەرمۇ ھادىسە ۋە ۋەقەلەرگە قارىتا يازغۇچى بىلەن ئوخشاش تۇيغۇدا بولۇپ، خۇددى جەڭ مەيدانىدا، فاجىئەلەرنىڭ ئۈستىدە تۇرغاندەك، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندەك بولۇپ، ھاياجانغا چۆمۈلسە كېرەك. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇقۇرمەنلەر بىلەن كېلەركى پەسىلدە جەڭ مەيدانىدا كۆرۈشەرمىز.

## جەڭ مەيدانىدىن بىر كۆرۈنۈش

ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ ھەرقايسى نازارەتلەر ئىشقا كىرىشكە باشلىدى. شۇ قاتاردا ھەربىيە نازارىتىمۇ كېچەيۇ ـ كۈندۈز جەڭ ئىشلىرى خىزمىتى بىلەن مەشغۇل بولماقتا ئىدى. بۇ چاغدا ئەسكەرلەر تۇڭگانلارغا يا تەسلىم يا ئۆلۈم، دەپ تەھدىت سېلىپ يېگى شەھەرنى تۆت تەرەپتىن قورشاپ ئالغان ئىدى. سېپىتۋالدىجاننىڭ قوشۇنى بولسا يېگى شەھەرگە ئەڭ يېقىن بولغان «خەتەرچى» تەرەپتىن تەھدىت سېلىپ تۇراتتى. ئۇلار كۆرۈنگەن خىتاي، قىمىرلىغان تۇڭگانلا بولسا ئامان قويمىدى. شىددەتلىك قامال داۋام ئەتمەكتە. گاھىدا بىر بۆلۈك تۇڭگانلار ئۆزلىرىگە ئوزۇق. تۈلۈك ۋە ھايۋانلىرىغا ئوت. خەس تـوپلاش ئۈچۈن شەھەر سىرتىغا چىققان چاغلاردا مۇجاھىدلار ئۇلارغا دەھشەتلىك ھۇجۇم قىلىدۇ. بۇنداق پەيتلەردە تۇڭگانلارنىڭ بىر قىسمى ئوزۇق توپلىسا، يەنە بىر قىسمى ھۇجۇمغا تاقابىل تۇرار ئىدى. بەزىدە ئىككى تەرەپ بىر - بىرلىرىگە كىرىشىپ قۇچاقلىما جەڭ بولۇپ كېتىپ، قىلىچۋازلىقلار بولۇپ قانلار تۆكۈلەتتى. شۇنداق فاجىئەلىك كۈنلەردە ھىلال ئەھمەر جەمئىيىتى تەرىپىدىن يارىدارلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن خادىملار ئەۋەتىلەتتى. ئۇلار بېرىپ ئۆلگەنلەرنى كۆمۈپ، يارىدار بولغانلارنى كىسەلخانىغا ئېلىپ كېلەتتى.

بىر كۈنى قاتتىق جەڭ بولدى. دوختۇرخانىدىكى خادىملار بىلەن بىرلىكتە جەڭ مەيدانىغا باردىم. بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىزنىڭ بەزىسى ئاكۇپلارغا جايلىشىۋالغان، بەزىسى چوڭ دەرەختلەرنىڭ دالدىسىغا ئۆتىۋالغان بولۇپ، مىلتىقلىرىنى دۈشمەنگە توغرىلاپ يۈكسەك ھوشيارلىق ۋە تىنتىكلىك بىلەن تۇرۇشقان ئىدى. بىز تولىمۇ ئېھتىيات بىلەن مەيداننى ئايلىنىپ ئاكۇپلارغا قاراپ چىقىپ ئۆلگەن ۋە يارىدار بولغانلارنى توپلاپ ھارۋا بىلەن كىسەلخانىغا ئېلىپ كېلىشتۇق. قايتار پەيتىمىزدە «بارىكاللاھ يىگىتلەر، ۋەتەنگە خىزمەت قىلىش دېگەن مۇشۇنداق بولىدۇ، ئاللاھ مانا مۇشۇنداق ئىشتىن رازى بولىدۇ» دېگەندىن كېيىن قۇتلۇق شەۋقىينىڭ مۇنۇ مىسرالىرىنى ئوقۇشتۇق:

بەلەند ھىممەت يىگىتلەر زىننەتى مىللەتكە خىزمەتتۇر،
ئىمەسدۇر مۇئتەبەر ۋىجدان قاشىدا روي ۋە سىماسى،
ئەگەر ئىنسان ئېسەڭ ھىممەت بىلەن يۇرتۇڭغا خىزمەت قىل،
مۇھەببەت پىشە قىل، كۈلسۇن ۋەتەنىنىڭ باغۇ. سەھراسى.

ئۇرۇش ئوتى ئەسكى كونا شەھەرگىمۇ تۇتۇشۇپ، تۇڭگانلار بىلەن ئۆزبېك مۇجاھىدلار ئارىسىدا قاتتىق جەڭ بولدى. جەڭ بىر ھازا داۋاملاشقاندىن كېيىن ئۆزبېك مۇجاھىدلىرىنىڭ بىر قىسمى چېكىندى.

تۇڭگانلار ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ قوم دەرۋازىغا يېقىن يەرگە كەلگەندە ئۆزبېك مۇجاھىدلارنىڭ قوماندانى ئابدۇررەھمان قۇرباشى ئۆزىنىڭ يوتا قىسمىغا ئوق تېگىپ يىقىلىپ قالغانىغا قارىماي يىگىتلىرىگە: « بۇ يەرگىچە كەلگەن تۇڭگانلارنىڭ بىرىنىمۇ ساق قايتۇرماي ھەممىسىنى ئۇجۇقتۇرۇپ تاشلاڭلار!» دەپ بۇيرۇق قىلدى. ئۇ قوشۇننى ئۈچكە بۆلۈپ، بىر بۆلۈك قوشۇننى دۈشمەن بىلەن مۇداپىئە جېڭى قىلىشقا، يەنە بىر قىسمىنى دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىشقا، ئۈچىنچى قىسىم قوشۇننى باغ ئىچىدىن يۈرۈپ مويتۇڭزىغا بېرىپ يېڭى شەھەر يولىدىن كېلىدىغان دۈشمەننىڭ ئالدىنى توسۇش ئۈچۈن پىستىرما بولۇپ تۇرۇشقا بەلگىلىدى. شۇ ئارىلىقتا بۇلارغا ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ياردەمچى قوشۇن كېلىپ قوشۇلۇپ، قوشۇننى دۈشمەنگە تېخىمۇ كۈچلۈك زەربە بېرىش ئۈستۈنلىكىگە ئىگە قىلدى. ۋاقىتنىڭ سوزۇلۇشىغا ئەگىشىپ مۇجاھىدلارنىڭ تۈشمۇ تۈش زەربە بېرىشىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن تۇڭگانلار قوشۇنى يېڭى شەھەرگە چېكىندى. بىراق، بۇلار چېكىنىپ مويتۇڭزىغا كەلگەندە كۈتمىگەن يەردىن شۇ يەردە پىستىرمىدا تۇرۇۋاتقان قوشۇننىڭ دەھشەتلىك ھۇجۇمىغا ئۇچراپ كۆپ قىسمى قىرىپ تاشلاندى ۋە ئەسىر ئېلىندى. قېچىپ كېتەلىگەنلىرى يېڭى شەھەرگە كىرىۋېلىپ قۇتۇلدى. كېسەلخانا خادىملىرى بولسا، مەيدان كېزىپ يۈرۈپ ئۇچرىغان ئۆلۈكلەرنى كۆمسە، يارىدارلارنى كېسەلخانىغا ئېلىپ كېلىپ داۋالاش ئىشلىرى بىلەن پۈتۈن جەڭ داۋامىدا ئالدىراش ئۆتتى. بىز ھىلال ئەھمەر تەرىپىدىن بېرىپ ئابدۇررەھمان ئاكىنى ئورازبېكنىڭ قارارگاھىدىن يۆتكەپ كېسەلخانىغا كەلتۈردۇق. ئۇنىڭغا تەككەن ئوق گۆشتىن كىرىپ يەنە گۆشتىن چىقىپ كەتكەن بولغاچقا، يارىسى ئۇنچە خەتەرلىك ئەمەس ئىدى. يارىسى تېڭىلىپ، مورفىن بېرىلىپ ئارامگاھقا ياتقۇزۇلدى.

## تۇڭگانلار بىلەن ئېلىپ بېرىلغان سىياسىي مۇزاكىرىلىرىمىز

مۇجاھىدلار بىلەن تۇڭگانلارئارىسىدىكى تىركىشىش داۋام قىلىۋاتقان شۇ كۈنلەردە تۇڭگانلار مۇجاھىدلارنىڭ ئالدىغا بىر تۇڭگان ئەمەلدارنى ئەۋەتىپ ئۆزلىرىنىڭ ئىككى ئارىدا سۈلھ ئورنىتىش مۇددىئاسى بارلىقىنى، ئەگەر بىز سۈلھىگە كۆنگەن تەقدىردە، يەنە باشقىدىن ئىككى نەپەر سۆھبەت ۋەكىلى ئەۋەتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بىز ئۇلارنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلدۇق. ئۇلار تەرىپىدىن ئىككى ئادەم كەلدى. سۆھبەت داۋامىدا گەرچە ئۇلار كەلگۈسى سۈلھ مۇزاكىرەسىگە بىز تەرەپتىن ئىككى نەپەر، ئۆزلىرى تەرەپتىن 6 نەپەر ئادەم قاتناشتۇرۇش تەلىپىدە چىڭ تۇرۇۋالغان بولسىمۇ، بىزنىڭ ئىزچىل قارشى تۇرۇشىمىز ئارقىسىدا سائەتلەرچە تالاش- تارتىش بولغاندىن كېيىن ئاخىرى ئىككى تەرەپتىن باراۋەر ھالدا 4 نەپەردىن ۋەكىل چىقىرىشقا كېلىشىلدى. سۆھبەت ئورنىنى تاللاشقا كەلگەندە ئۇلار ئۆز كانتروللۇقىدا تۇرۇۋاتقان يېڭى شەھەرنى تاللاشتى. بىز ئۇنۇمىغاندىن كېيىن، ئۇلار قانداقلا بولمىسۇن يېڭى شەھەرگە يېقىنراق بىر يەر تاللانمىسا بولمايدۇ، دېگەن پىكىردە تۇردى. بىز بولساق ئۇلارنىڭ ئۇنۇمىغىنىغا ئۇنىماي، بۇ سۆھبەت ئورنىنى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ كونتروللۇقىدىن بىردەك خالىي بولغان بىتەرەپ بىر جايدا ئۆتكۈزۈش پىكرىدە چىڭ تۇرۇشتۇق. بۇ مۇزاكىرە ئاخىرى بىزنىڭ دېگىنىمىز بويىچە كونا شەھەر بىلەن يېڭى شەھەر ئارىسىغا جايلاشقان بىر باغدا ئۆتكۈزۈلۈشكە قارار قىلىندى. بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرى كېرەكلىك بولغان قوغدىنىش تەدبىرلىرىنى قوللانغان ھالدا كېلىشىپ سۆھبەتكە ئولتۇرۇشتى. سۆھبەتتە تۇڭگانلار تەرەپتىن قويۇلغان تەلەب مۇنداق بولدى: «ئارىمىزدا سۈلھ ئورنىتىلغاندىن كېيىن شەرقىي تۈركىستاننى ئىدارە قىلىشنى ئىككى تەرەپ تەڭ ئۈستىمىزگە ئالىمىز. بۇنىڭدا بارلىق ھەربىي تەلىم- تەربىيە، جەڭ

ئىشلىرى قوماندانلىقى، قورال-ياراق ئىشلىرى تۈڭگانلارنىڭ قولىدا بولىدۇ. ئۇنىدىن باشقا بارلىق مۇلكىي ئىشلار يەرلىك تۈركلەرنىڭ قولىدا بولىدۇ». ئۇلارنىڭ بۇ يولسىز تەلىپىگە قارىتا بىزنىڭ رەددىيىمىز مۇنىداق بولدى: «شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىنى ئىدارە قىلىش پۈتۈنلەي تۈركلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشى. تۇڭگانلارغا كەلسەك، ئۇلار بىزگە دوست مىللەت، بىزنىڭ مۆھتەرەم دىندىشىمىز، قوشنىمىزدۇر. ئەمما، ئۇلار ھازىر بىزنى باشقۇرۇش ئەمەس، بەلكى جېنىنى ئېلىپ شەرتسىز ھالدا يۇرتىمىزنى بىكارلاپ ئۆز يۇرتى بولغان گەنسۇغا كېتىشلىرى كېرەك. ئۇلار ئەگەر شۇنداق قىلالىسا، ئۇلار بىلەن بولىدىغان دوستانە ئالاقىلىرىمىز يەنە ئۇخشاش داۋاملىشىۋېرىدۇ. ئەگەر بۇنىڭغا كۆنمەيدىكەن، قوللىرىدىكى بارلىق قورال- ياراقنى بىزگە تاپشۇرۇپ بېرىپ ھەربىي ئىشلاردىن ۋاز كېچىپ خەلق تويىغا قوشۇلۇپ تىنىچ تۇرمۇش كەچۈرسە، ئۇلارغا ئۆزخەلقىمىز قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنىپ تېگىشلىك ھوقۇقلاردىن ئورتاق بەھرىمەن بولىدۇ. ئەگەر ھۆكۈمەت خاھلاپ قالسا ئۇلارنىڭ قابىلىيەتلىك كىشىلىرىدىن پايدىلىنىدۇ. بۇنىڭدا ھەر ئىككىلا تەرەپ ئەركىن تاللاش ھوقۇقىغا ئىگە.»

تۈڭگانلار قورال تاپشۇرۇشنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ جېنى چىققۇدەك بولۇپ بۇ تەلەپنامىگە كۆنمىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ سۆلھ مۇزاكىرىسىمۇ نەتىجەسىز ئاياغلاشتى. خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، تۈڭگانلار بىلەن بولىدىغان سىياسىي مۇزاكىرىلەر ھەردائىم يۇقىرىقىدەك شەكىللەردە باشلىناتتى. ئەمما قورالنىڭ گېپى چىقسىلا ئىككى تەرەپ بىر- بىرىگە ھەرگىز يېقىنلىشالمايتتى. تۇڭگانلار تولىمۇ ھوشيار، بولۇپمۇ ھەربىي تەلىم- تەربىيە، ھەربىي ئىنتىزام تەرەپلەردە تەجرىبىلىكتۇر. شۇڭلاشقىمىكىن، ئۇلار ھەردائىم ئۆزىنى بىز دېگەن ھاكىم مىللەت، خىتايلار بىلەن ئوخشاش يۇرت سوراپ كەلگەنىز، دەپ بىلەرمەنلىك قىلىشقا ئامراق ئىدى. بۇ خۇددى پەرغانىدە رۇسلارنىڭ نوغايلىرىدىن قۇتۇلغىلى بولمىسا، ئالتەشەھەردە خىتاينىڭ تۇڭگانلىرىدىن قۇتۇلغىلى بولمىغاندەك بىر ئەھۋال ئىدى.

## سۆلھىگە مۇناسىۋەتلىك بىر مۇئەمما

ئەھمەد تەۋفىق ئەپەندى بىلەن خوجا نىياز ھاجىم ئارىسىدا يېقىندىن ئالاقە شەكىللىنىپ ئۆزئارا خەت يوللىشىشلار داۋام قىلىپ تۇرغان شۇ كۈنلەردە ئاقسۇدا تۇرۇۋاتقان خوجا نىياز ھاجىمنىڭ قېشىدىن ئۈچ- تۆت ئەسكەر ۋە قوغدىغۇچى، مۇشاۋىرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئابدۇللەتىيف ئەپەندى ئىسىملىك زىرەك بىر ئادەم كەلدى. باش ۋەكىل ئۇنى قارشى ئالدى. ئۇقساق، بۇ ئادەم خوجا نىياز ھاجىمنىڭ ھەممە ئىشنى سۆلھ بىلەن بىر ياقلىق قىلىش توغرىسىدىكى پەرمانىنى كۆتۈرۈپ كەلگەن ئىكەن. باش ۋەكىلنىڭ بۇيرۇقى بىلەن نازىرلارنىڭ پەۋقۇلئاددە يىغىنى چاقىرىلدى. يىغىنغا باش ۋەكىل باشلىق ھەرقايسى نازىرلار، چوڭ قوماندانلار كېلىشكەن ئىدى. ئالدىدا باش ۋەكىل سۆز ئالدى. ئۇ سۆزىدە رەئىس جۇمھۇر خوجا نىياز ھاجىمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن شەھىرىمىزگە ئەلچى بولۇپ كەلگەن ئابدۇللەتىيف ئەپەندىنى كۆپچىلىككە تونۇشتۇردى، ئۇنىدىن كېيىن ئابدۇللەتىيف ئەپەندى سۆز قىلىپ خوجا نىياز ھاجىمنىڭ سالاملىرىنى، كاشغەر خەلقىگە بولغان ئارزۇ- ئۈمىدلىرىنى بىلدۈرۈپ ئۆتكەندىن كېيىن شۇنداق دېدى: «غازى ئاتىمىزنىڭ پەرمانى مۇنداق: ھۆكۈمىتىمىز بىلەن تۇڭگانلار ئارىسىدا ئۇزۇندىن بېرى ئۇرۇش داۋام قىلىپ كەلدى. بۇ ياخشى ئەھۋال بولمىدى. بىز بولساق، سۆلھپەرۋەر مىللەتبىز. سۆلھ بىزنىڭ شۇئارىمىزدۇر. مەن ئۆز تەرىپىمدىن ئابدۇللەتىيف ئەپەندىنى ئەۋەتتىم. ھەر بىرلىرى بۇ زاتنىڭ مەسلىھىتى بويىچە، بىرلىككە كېلىپ يېڭى شەھەردىكى تۇڭگانلار بىلەن سۆلھى قىلىشقايلا» دەپ سۆزىنى تۈگەتتى. مەجلىستە بۇ توغرىدا

www.uyghurweb.net

مۇزاكىرە، مۇھاكىمىلەر باشلاندى. ھەر ئېغىزدىن بىر ئاۋاز، ھەر كىشىدىن بىر سادا چىقىپ، ھەممەيلەن سۆلھ قىلىشقا كېلىشتى. مەجلىس قارارى بويىچە، بىز تەرەپتىن تۆت نەپەر ۋەكىل يىگىمى شەھەردىكى تۇڭگانلارنىڭ قېشىغا چىقىپ، ئۇلار بىلەن سۆلھ مۇزاكىرىسىنى قىلىپ قايتىدىغان بولدى. ئابدۇللەتىيف ئەپەندى بىلەن ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچىسى، قۇدرەتۇللاخان تۆرە، يەنە بىر قوماندان بولۇپ تۆتەيلەن سۆلھ ھەيئەتلىكىگە بەلگىلەندى. ئابدۇللەتىيف ئەپەندى ھەيئەت باشلىقلىقىغا سايلاندى. خىلىدىن بىرى بۇ ئىش توغرىسىدا سۆز قىستۇرۇشنى ئويلاپ تۇرغان كەمىنىگە ئەمدى پۇرسەت چىققاندى. باش ۋەكىلدىن ئىجازەت ئالغاندىن كېيىن شۇنداق دېدىم: «ئەزىز يۇرتداشلار! قەھرىمان قوماندانلار! دۇنيادا ھەر ئىشنىڭ بىر ئۇسۇلى، قائىدىسى بولىدۇ. جۇملىدىن سۆلھنىڭمۇ ھەم قائىدىسى باردۇر. سۆلھنىڭ قائىدىسى شۇلدۇركى، سۆلھ ھەيئىتى مىللەتنىڭ پايدىسى ئۈچۈن سۆلھ مۇزاكىرىسى قىلىپ تۇرغان پەيتتە، قوماندانلارنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئەسكەرلەرنىڭ بارماقلىرى مىلتىقنىڭ تەپكىسىدە، قوللىرى قىلىچنىڭ دەستىسىدە تۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە سۆلھ بىلەن جەڭنىڭ ئارىلىقى يىڭنىنىڭ ئۇچىچىلىكلا كېلىدۇ. ھەر قايسى تەرەپلەر ئۆز ئارا كېلىشەلىسە، سۆلھى سۆلھى بولىدۇ. ئۇنداق بولمىغان تەقدىردە، شۇ سائەتتە جەڭ ئوتى ياللىنىپ، ئۇنىڭ ئۇچقۇنى ئەسكەرگە تېگىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سۆلھ مەجلىسىنىڭ ياخشى تەرىپى بولغاندەك، يەنە ئۇنىڭ خەتەرلىك تەرىپىمۇ بار. بۇ توغرىدا بۇرۇنقىلار شۇنداق دېگەن ئىكەن: «سۆلھ قىلار بولساڭسەن، جەڭگە تەييار بولۇپ تۇر». شۇنىڭغا كۆرە، قوماندانلىرىمىز ۋە پەھلىۋانلىرىمىزغا دەپ قويىدىغان بىرگەپ، سۆلھ ھەيئىتى يىگى شەھەرگە چىقىپ دۈشمەن بىلەن سۆلھ مۇزاكىرىسىنى تۈگىتىپ كەلگۈچە كۆپ ئېھتىيات بىلەن ھوشيار تۇرۇشلىرىنى باش ۋەكالەت نامىدىن تەۋسىيە قىلىمەن، دەپ سۆزۈمنى تۈگەتتىم. سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ باھانە ئىزدەپ، ئۆزىنى ئاران بېسىپ تۇرغان ئابدۇللەتىيف ئەپەندى ئورنىدىن تۇرۇپ: «مۇسا ئەپەندىنىڭ سۆزى قائىدىگە توغرا كەلمەيدۇ. قاراردىن كېيىن سۆزلىگەنلەر ئىغۋاگەر ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەپەندىنىڭ جازاسى قەيدىسىز، شەرتسىز قاماقتۇر، دەپ بېشىنى ئوڭ تەرەپكە بىر ئىرغىتىپ قويۇپ ئورنىغا ئولتۇردى». ئۇنىڭ قوراللىق ئىككى ياۋەرى ئىككى يېنىمغا كېلىپ، يۈرۈڭ، دېدى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئىككى مىترچە ئالدىغا چىققاندىم، گارنىزون قوماندانى يۈسۈپ جان يۇقىرى ئاۋاز بىلەن: «ئەپەندىم! جايىڭىزدا ئولتۇرۇڭ» دېدى. بۇنىڭغا ئۇلگۇرۇپ قۇدرەتۇللاخان تۆرە يېنىمدا پەيدا بولۇپ: «ئەپەندىم، ئولتۇرۇڭ» دەپ مېنى ئولتۇرۇۋېلىشقا ئۈندىدى. شۇ مىنۇتتا باش ۋەكىلنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى: «ئابدۇللەتىيف ئەپەندى! بەك ئالدىراپ كەتمىسۇنلەر، مۇسا ئەپەندى يامان گەپ قىلمىدى. ئالدى بىلەن ئىجازەت سوراپ گەپ قىلدى. سۆزىدە ئەسكەرلىرىمىز بىلەن قوماندانلىرىمىزنى غەپلەتتە قالمىسۇن، ۋەزىيە بېشىدا بىدار تۇرسۇن، دېدى. بۇ گەپتە ھەرگىز ئىغۋاگەرلىك يوقتۇر، ئەپەندىم. تۇڭگان خەلقىنىڭ ۋەدە بۇزارلىقى ھەممىمىزگە مەلۇم، ئۇلار ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدۇ، بۇ تەرىپى جانابلىرىغامۇ مەلۇم بولسا كېرەك» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇللەتىيف ئەپەندىمۇ پەسكويىغا چۈشۈپ قالدى. مەجلىس شۇنداقچە ئاياغلىشىپ، ھەممەيلەن تارقاشتۇق.

ئەتىسى سۆلھى ھەيئىتى ئابدۇللەتىيف ئەپەندىنىڭ باشچىلىقىدا يىگى شەھەرگە ئۇزىتىلدى. تۇڭگانلار بۇ ۋەكىللەرنى چىرايلىق قارشى ئالدى. مۇزاكىرە مەجلىسى باشلىنىپ تېخى ئاياغلاشماستا، تۇڭگانلار ئابدۇللەتىيف ئەپەندىنى سىرتقا چاقىرىپ ئېلىپ چىقىپ كېتىپ، ئۇنى شۇ يەردىلا ئېتىپ تاشلىدى. قالغانلارنى بولسا، سىزلەر ئۆز ئىشىڭلارنى قىلىۋېرىڭلەر، دەپ ئۇزىتىپ قويىدى. قۇدرەتۇللاخان سالامەت قايتىپ كەلدى. كۆرۈشتۇق. بۇ تارىخىي تېپىشماقنى ئوقۇرمەنلەر ئۆزلىرى تاپسۇن.

www.uyghurweb.net

ئۆتكەنكى بىر بۆلۈمدە زىكرى كەچكەن گېرمانىيەلىك تېلېفۇن مۇھەندىسى (تېخنىكى) نىڭ تۇرالغۇسى ھىلال ئەھمەردە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن پات- پات كۆرۈشۈپ، سۆھبەتلىشىپ تۇراتتۇق. سۆھبەتلىرىمىزدە كۆپرەك شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىنىڭ ھەممىدىن بەكرەك قورالغا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكى توغرىسىدا سۆز بولۇپ قالاتتى. سۆھبەتلىرىمىز سەممىي ئىدى. بۇ سۆھبەتلەر نەتىجىسىدە گېرمانىيە بىلەن بىر سودا كېلىشىمى ئىمزالاندى. كېلىشىم مەزمۇنى بويىچە شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى گېرمانىيىدىن بەش مىڭ تال گېرمان مىلتىقى ۋە بۇلارغا كېتەرلىك ئوق- دورىلارنى ئالىدىغان، ئارىدىكى مۇئامىلىگە كابۇلدىكى گېرمانىيە ئەلچىخانىسى ۋاستىچىلىك قىلىدىغان بولدى. قوراللار ئالدى بىلەن كابۇلغا، ئاندىن بەدەخشان، پامىر يوللىرى ئارقىلىق تاشقۇرغانغا ئېلىپ كېلىنىپ بىزگە تاپشۇرۇلىدىغان بولدى. پۇل تاپشۇرۇش نەق بولىدىغان، 25% پۇل ئالدى بىلەن كابۇلدىكى گېرمانىيە ئەلچىخانىسىغا تاپشۇرۇلىدىغان، قالغان قىسمى قورال قولغا تەگكەندىن كېيىن تاپشۇرۇلىدىغان بولدى. بۇ سودىغا باش ۋەكىلنىڭ رىياسەتچىلىكىدە مۇستەفا ئەلى بېك كىنەت، ئابدۇللاھ خاني ۋە كەمىنە مۇئەللىپنىڭ ئىشتىراكى بىلەن گېرمان مۇھەندىسىنىڭ ھۇزۇرىدا توختاملاشتۇق. كەمىنە بۇ چاغدا مالىيە نازىرىنىڭ ئورنىدا ئورۇن باسار بولۇپ ئىشلەپ تۇرغانلىقىم ئۈچۈن بۇ ۋەزىيپىنىڭ يۈكى ماڭا چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن مەن دەرھال بىر- ئىككى سەرراپ (ئالتۇنچى) نى ئىشقا سېلىپ قورال سودىسىغا كېتەرلىك ئالتۇنلارنى تەقلەپ، باش ۋەكىلگە تاپشۇردۇم. باش ۋەكىل ئالتۇنلارنى مۇستەفا ئەلى بېككە تاپشۇردى. يەنە ئۇنىڭغا ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ كابۇلدىكى دائىمي ئەلچىسلىك ۋەكالەتنامىسى، دىپلوماتىيە پاسپورتى، يول چىقىمى قاتارلىقلار تاپشۇرۇلدى. بۇ قىش پەسلى ئىدى. بىز ئەلچى مۇستەفا ئەلى بېكنى خەيرلىك دۇئالار بىلەن ئۇزىتىپ قويدۇق. مۇستەفا ئەلى بېكنىڭ بۇ قېتىمقى ئەلچىلىك خىزمىتى ئىچىدە يەنە كابۇلغا بارغاندىن كېيىن كابۇلدىكى ياپونىيە ئەلچىسى بىلەن يېقىندىن ئالاقىلىشىپ شەرقىي تۈركىستان دۆلەتنىنىڭ مۇستەھكەملىكى ئۈچۈن ياپۇنىيىدىن كېرەكلىك ياردەملەرنى سوراش، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بىلەن ئىككى تەرەپلىك دوستانە ئالاقە شەكىللەندۈرۈش قاتارلىق مەزمۇنلارمۇ بار ئىدى.

## ئەھمەد تەۋفىق ئەپەندىنىڭ ئاقىۋىتى

ئەھمەد تەۋفىق ئەپەندى كاشغەرگە كەلگەندىن كېيىن يارىدار بولۇپ خەستەخانىغا كىرىپ قالدى. ساقىيىپ چىققاندىن كېيىن ئۆزىچە ئەركىن، باشباشتاق ياشاشقا باشلىدى. ئىزدەلگەن ۋاقتتا ئەتلەس تۆشەكلىك، كىمخاپ كۆرپىلىك، پەر ياستۇقلۇق ئۆيلەردە گۈزەل خانىملارنىڭ قوينىدا ياكى ئەنگلىيە ئەلچىخاناسى جايلاشقان چىنىباغدىن تېپىلىدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئادەتتە قىرغىزلار قارارگاھى، ھەربىي نازارەت، بەزىدە مائارىپ نازارىتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ھەممىسىدە قىلىدىغان ئىشى بولاتتى. گاھىدا چىنى باغقا بىر كىرىپ كەتسە نەچچە كۈنلەپ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. ئەمما ھىلال ئەھمەر ۋە خەستەخانا ھەمدە باش ۋاكالەت تەرەپلىرىگە كەلمەيتتى. ئۇ خوجا نىياز ھاجىمغا كۆپ خەت ئەۋەتەتتى. ئاقسۇ، كۇچارلارغا توختىماي خەت يوللار ئىدى. ئۇنىڭ ئىشلىرى سىرلىق بولۇپ، باشقىلارغا نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرمەيتتى.

ئۇ بىر كۈنى باش ۋەكىلنى زىيارەت قىلدى. ئۇقۇشمىزچە خوجانىياز ھاجىمدىن ئەھمەد تەۋفىق ئەپەندىگە ئۇنىڭ كاشغەردىكى بارلىق قوماندانلارغا باش قوماندان قىلىپ سايلانغانلىقى توغرىسىدا پەرمان كەپتۇ. پەرماندا خوجا نىياز ھاجىم باش ۋەكىلگە بۇندىن كېيىن بارلىق ھەربىي ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىشتا

www.uyghurweb.net

بۇ باش قوماندانىنىڭ پىكرى ۋە ئىمزاسىنى ئىبلىشنى تەۋسىيە قىلىپتۇر. ئەھمەد تەۋفىق ئەپەندىگە بۇ پەرمان نازىرلار مەجلىسدە قاراپ چىقىلىپ بولغۇچە ئۈچ- تۆت كۈن سەبر قىلىپ تۇرۇش كېرەكلىكى ئۇقتۇرۇلدى.

شۇ كۈندىن باشلاپ ئەھمەد تەۋفىق ئەپەندىگە يېقىندىن دىققەت قىلىشقا باشلىدۇق. ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇنىڭ يەتتە- سەككىز قوراللىق ئەسكەرنى ئېلىپ يوشۇرۇنچە كاشغەردىن چىقىپ ئاقسۇ تەرەپكە كەتكەنلىكى مەلۇم بولدى. باش ۋەكىلنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئەھمەد تەۋفىق ئەپەندىنى خوجا نىياز هاجىمنىڭ يېنىغا بارغۇزماي يولدىن قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن كامال مەخدۇمنىڭ قوماندانلىقىدا ئارىق خوجىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىدىن ئون نەپەر ئەسكەر ماڭدۇرۇلدى. ئىككى ئاتۇشلۇق ئەسكەرنىڭ يول باشلىشى بىلەن كەستۈرمە يولدىن چىقىپ قوغلاپ بېرىپ يېرىم يولدا ئۇلارغا يېتىشىۋالدى. بۇ كېچە ۋاقتى بولۇپ، ئۇلار ئەھمەد تەۋفىق ئەپەندى ياتقان جاينىڭ ئەتراپىنى قورشىۋېلىپ، ئۇنىڭغا: «چىرايلىقچە تەسلىم بولمىساڭ، مىڭ جېنىڭ بولغان بىلەنمۇ قۇتۇلالمايسەن» دەپ تەھدىت سالدى. ئەھمەد تەۋفىق ئەپەندى بۇ گەپكە كۆنمەي ئەسكەرلىرىنى ھازىرلاپ، بىر جانغا بىر جان، دەپ ئوق چىقىرىشقا بۇيرۇق قىلدى. ئۇلارغا يىراق بولمىغان بىر جايدا كامال مەخدۇملار تەرىپىدىن كەلگەن ئىككى ئاتۇشلۇق ئەسكەر يۇقىرى ئاۋاز بىلەن: ئاداشلار! ئارقىداشلار! ھۆكۈمەتتىن ئىجازەت ئالماي قېچىپ چىققان، بىزنى سەھرامۇ سەھرا ئويناتقان، سىزلەر، بىزلەر تونىمايدىغان بىر ئادەمنىڭ گېپىگە كىرىپ قان تۆكەمدۇق؟ بىر - بىرىمىزگە ئوق چىقىرامدۇق؟ بىزگە ئەھمەد ئەپەندىنى تاپشۇرۇپ بېرىڭلار، سىلەرگە ھېچ گەپ يوق. ئات، خۇرجۇن، مىلتىقلىرىڭلار ئۆزۈڭلەرگە قالىدۇ. سىلەر بىلەن كارىمىز يوق، دېدى. بۇ گەپ بىلەن ئەھمەد ئەپەندىنىڭ ئەسكەرلىرى ئۆز ھالىغا قالدى. ئەھمەد تەۋفىق ئەپەندى بولسا ئىززەت- ھۆرمەت بىلەن ئۆز ئېتىغا مىندۈرۈلۈپ ساق- سالامەت كاشغەرگە ئېلىپ كېلىندى. يېنىدىكى ئارخىپ، ھۆججەتلەر مۇسادىرە قىلىنىپ، لايىقىدا بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، سوراق- تىرگاۋ قىلىندى. مەلۇم بولدىكى، بۇ ئادەم ئەنگلىيە جاسۇسى ئىكەن. ھۆكۈمەتنىڭ پەرمانى بىلەن يۈك- تاقلىرىنى كۆتەرتىپ ئېتىغا مندۈرۈپ كەلگەن يېرى — ھىندىستانغا يولغا سېلىندى. چىنىباغدىكى برىتانىيە ئەلچىخاناسىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغان بولسىمۇ ھۆكۈمەت تەرەپ يول قويمىدى.

## ھەمسايە دۆلەتلەر

ياپونىيە: گەرچە ياپونلارنىڭ زېمىنى شەرقىي تۈركىستانغا يىراق بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بىزگە ياردەم قىلىشى ئېنىق ئىدى. بۇنىڭغا سىياسىي كىلىماتمۇ يار بىرەتتى. چۈنكى ياپونىيىنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ياخشى ئەمەس ئىدى. دەل مۇشۇ سەۋەبلىك ياپونىيە بىلەن ئالاقە ئورنىتىش ئۇرۇنۇشلىرىمىزغا تاشقى موگغۇلىيە توسقۇنلۇق قىلدى. شۇنداق قىلىپ كابۇلدىكى ياپونىيە ئەلچىخانىسى بىلەن ئالاقە ئورنىتىش ئارزۇسىمۇ سۇغا چىلاشتى.

ئافغانىستان: ئافغان ھۆكۈمىتى دىنى ھەم سىياسىي جەھەتتە شەرق ئەللىرىدىن بولۇشى ۋە بىز بىلەن بولغان قوشنىدارچىلىقى تۈپەيلى شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىگە دوستانە مۇئامىلە قىلدى. بۇنىڭ ئېپادىسى سۈپىتىدە بىر گېرمان ئىنجىنېرنى ئەۋەتىشى، قورال سودىسى ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىشى ۋە باشقا يوللار بىلەن مۇجاھىدلىرىمىزغا كەڭ يول بېرىشى كاتتا ياردەم بولدى.

سوۋېتلەر روسىيىسى: روسلارنىڭ كاشغەردىكى سوۋېت ئەلچىخانىسىدىكى ئەمەلدارلىرى ھۆكۈمىتىمىزگە ئالاقىدار ئىشلارغا بەك سەزگۈر ئىدى. ئۇلارنىڭ قىلىدىغان ئىشى كاشغەر ھۆكۈمىتى رەھبەرلىرىنىڭ كىملەر

www.uyghurweb.net

ئىكەنلىكلىرى، ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئۇرۇق- ئەۋلادىنى بىلىش ئىدى. گاھىدا ئەلچىخانا خادىملىرى ھەيئەت شەكلىدە ئوردىغا كېلىپ ئەرزىمىگەن ئىشلارنى سوراۋشتە قىلىشنى باھانە قىلىپ نازىرلار، مەمۇرلار بىلەن كۆرۈشۈپ، تونۇشۇپ قايتار ئىدى. مانا شۇنداق باردى- كەلدىلەرنىڭ بىرىدە سوۋېت باش ئەلچىسىدىن ئوردىغا بىر نوتا كەلدى. مەزمۇنى: كاشغەردە ھۆكۈمەت قۇرۇلغانلىقنى بىلدۇرۇپ يازغان پالان چاغدىكى خېتىڭىز توغرىسىدا شۇنى ئۇقتۇرۇپ قويماقچىمىزكى، مەزكۇر خەت موسكۋادىكى سوۋېت تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە يوللاندى. ئېھتىرام بىلەن: ئىمزا.

بىر كۈنى سوۋېت ئەلچىسى قاسىموف بىر مەمۇرنىڭ ھەمراھلىقىدا ئوردىغا كىرىپ كەلدى. شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىنىڭ تاشقى ئىشلار نازىرى خوتەندە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى باش ۋەكىل قوبۇل قىلدى. كۆرۈشۈشتە ئەلچى سۆزلەشكە باشلاپ: «ساۋسىن- تارگ نىڭ كاشغەر شۆبىسىنىڭ ئىككى تۆگە مېلى يوقاپ كېتىپتۇ. مەزكۇر مالنى تاپتۇرۇپ بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز» دېدى. قاچان يوقىلىپتۇر؟ دېگەن سوئالغا - ئىنقىلاب باشلانغان چاغدا، دېدى. باش ۋەكىل ئۇلارغا شۇنداق دېدى: دۇنيادا بولۇپ كەلگەن ھەر قانداق بىر ئىنقىلابتا بۇرۇنقى تۈزۈمنىڭ ئەمەلدىن قالدىرىلغانلىقى ھەممىگە مەلۇم ئىش. جانابلىرى تەلەپ قىلغان ئىككى تۆگە مال ساۋسىن- تارگنىڭ تىجارەت مېلى ئىكەن، بۇ مالنىڭ قەيەردە يوقالغانلىقى ئېنىق ئەمەس ئىكەن، شۇڭا، بۇ ئىش، سودا قائىدىسى بويىچە مال تاپشۇرۇلغان كارۋان بېشىدىن سوراۋشتە قىلىنسا، ئۇنى كارۋان بېشى تېپىپ بەرسە كېرەك، قول قولنى تونۇيدۇ. بۇ تەلەپ مۇشۇنداق بىر تەرەپ بولسا بولۇرمىكىن؟ دەپ جاۋاب بەردى.

يەنە بىر كۈنى رۇسىيە ئەلچىخانىسى خادىملىرىدىن ئىككى كىشى ئەلچىخانىنىڭ بىر تەلەپنامىسىنى كۆتۈرۈپ كەلدى. مەزمۇنى: خادىملىرىمىزدىن پالانى، پالانى كىشىلەر رۇسىيىگە بارماقچى، يول ۋە چېگرىدا بىخەتەرلىكىگە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارغا يول خېتى بېرىشلىرىنى سورايمىز، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. بۇ تەلەپنامە پاسپورت ئىشلىرى بۆلۈمىگە يوللىنىپ، ئۇلارغا يول خەتلىرى بېرىلدى. ئۇلار مانا شۇنىڭغا ئوخشاش ئەرزىمىگەن ئىشلارنى باھانە قىلىپ كېلىپ- كېتىپ تۇراتتى.

بۈيۈك برىتانىيە: كاشغەردە بۇرۇندىن تارتىپ ئەنگلىيە ئەلچىخانىسى مەۋجۇد بولۇپ، ئورنى چىنىباغدا ئىدى. ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ تۆنجى قېتىم ئەنگلىيە ئەلچىسىنىڭ ئىمزاسى بىلەن بىر نوتا تاپشۇرۇۋالدى. مەزمۇنى: ھۆكۈمەت قورۇلغانلىقنى بىلدۈرۈپ ئەۋەتكەن خېتىڭىزگە تەشەككۇر، مۇمكىن بولسا، قۇرۇلغان ھۆكۈمەتكە قارايدىغان ھۇدۇد ‹تىررىتورىيە› دائىرەسىنى بىلدۈرسىڭىز. مەمنۇن بولۇر ئىدۇق. ئېھتىرام بىلەن: ئىمزا.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئەنگلىيە ئەلچىخانىسىدىن ئىككىنچى بىر خەت تاپشۇرۇۋالدى. مەزمۇنى: قۇرۇلغان ھۆكۈمەتلەرنىڭ نىزامنامىسى قانداق؟ بۇنى بىلىش ئارزۇسىدا ئىدۇق. ھۆرمەت بىلەن: ئىمزا.

كاشغەر چىنىباغدىكى ئەنگلىيە ئەلچىخانىسىدىن كەلگەن ئۈچىنچى نوتىدا شۇنداق دېيىلىدۇ: بىزنىڭ خوتەندىكى ئاقساقلىمىز ئابدۇلكەرىم ئاقساقالنىڭ بايانىغا قارىغاندا برىتانىيە دۆلىتىنىڭ پۇقرالىرىدىن بولغان پالانىنىڭ ئىككى ئات يېپىكى لاداخ يولىدا غايىب بولۇپتۇ. بۇ ئىشنى ئېنىقلاپ، ئاقۇۋىتىدىن خەۋەردار قىلىشلىرىنى سورايمىز. ھۆرمەت بىلەن: ئىمزا.

ئەلچىلەردىن كەلگەن مەكتۇبلار، دېپلوماتىك نوتىلارغا ۋاقتى - ۋاقتىدا خارىجىيە نازارىتى تەرىپىدىن يېتەرلىك جاۋابلار بېرىلىپ تۇردى. بۈيۈك برىتانىيىنىڭ كاشغەردىكى ئەلچىسى، تىپىك ئىنگلىز بولغان بۇئادەم بىر كۈنى ئوردىغا كىرىپ كەلدى. يۇنۇس بەگنىڭ تەرجىمانلىقىدا سۆھبەتلىرىمىز داۋام قىلدى. بۇ ئىنگلىز جۇڭگوچە دەستۇرخان قائىدىلىرىنى ياخشى بىلگىنىدەك، خەنزۇ تىلىنىمۇ ياخشى بىلەتتى. ئۇ

www.uyghurweb.net

چايدىن كېيىن ئۆزىنىڭ كاشغەردىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى ئېيتتى. بىزلەر بۇنىڭدىن قاتتىق ئەپسۇسلاندۇق. ئۇمۇ ئوخشاشلا ئەپسۇسلىنىپ: «شەھىرىڭلارنىڭ ئاب - ھاۋاسىغا، سىز خەلقنىڭ گۈزەل خۇلق- ئادەتلىرىڭلەرگە ئۆگىنىپ قالغان ئىدىم. نېمە چارە، ھۆكۈمىتىمنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىشقا مەجبۇرمەن. ئەمدى مېنىڭ يېڭىدىن تەيىنلەنگەن ۋەزىيپەم شاڭخەي ئەلچىخانىسىدا بولىدىكەن. شاڭخەيگە بېرىپ ۋەزىيپەمگە ئولتۇرۇشۇم لازىم» دەپ خوشلىشىپ قايتتى.

ئىككى - ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇ كاشغەردىن ماڭار ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئورنىغا كېلىدىغان يېڭى ئەلچىنىڭ ئىسمىنىڭ گېنېرال ساھىب ئىكەنلىكىنى بىلدۇردى. ئاز كۈندىن كېيىن گېنېرالخان ساھىب كاشغەرگە كەلدى. چىنىباغقا ئورۇنلاشتى. يېڭى ئەلچىنىڭ زامانىغا كەلگەندە يۇسۇفجان قۇربېشىنىڭ چىنىباغ بىلەن بولغان ئالاقىسى كۆپىيىپ قالدى. يۇسۇفجاننىڭ كونسۇلدىن بىر مۇنچە تاپانچا ئالغانلىقى توغرىسىدا خەۋەرلەر تارقالدى. كونسۇللارنىڭ ئۇسۇللىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇلار ئادەتتە مىللىي كۈرەش بىلەن شۇغۇللانغانلارغا ئاز- تولا ياردەم بېرىپ قويغان بىلەن ئۇلارغا جىددىي بىر كۈچ سۈپىتىدە قارىمايدۇ، ۋەزىيەتكە، ھاۋاغا قاراپ ئىش كۆرىدۇ.

شۇ كۈنلەردە ئاسى يۇسۇفجان ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئۇزاق سەپەر (ئافغانىستان) گە مېڭىش ئۈچۈن ھازىرلىنىپ، بىر بۆلۈك ئېغىر يۈكلىرىنى تاشقۇرغانغا ماڭدۇرۇشقا باشلىدى.

ئەينى زاماندا باش ۋەكىلنىڭ پەرمانى بىلەن تىجارەت نازىرى ئەبۇلھەسەن ھاجىمنىڭ ئورنىغا سېتىۋالدىجان بۇرۇنقى ھەربىي، ئەسكىرىي ۋەزىپىسىدىن يۆتكىلىپ تىجارەت نازىرلىقىغا تەيىن قىلىنىپ، ئىشقا كىرىشىپ كەتتى.

يېڭى قۇرۇلغان ھۆكۈمىتىمىزگە ھەمسايە دۆلەتلەرنىڭ قانداق مۇئامىلە قىلغانلىقى توغرىسىدا گەپ كېتىۋاتقان ئىكەن، شۇنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەككى، شەرقىي تۈركىستاندا مۇستەقىل بىر ئىسلامىي ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشىغا نېمىدىنىدۇر قوشنا دۆلەتلەرنىڭ بىر بۆلۈكلىرى كۆڭۈل خوشى بىلەن رازى بولمىدى. جۈملىدىن ئەنگلىيىمۇ بۇنى خاھلىمىدى.

بۇنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى: ھىندىستاندەك بۈيۈك بىر ئۆلكە بىلەن تام قوشنا بولغان شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقىقا ئېرىشكەن كۈنى ھىندىستانمۇ قاراپ تۇرمايدۇ. قوشنىسىدىن ئىبرەت ئېلىپ ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئىستەيدۇ. بۇنداق بولۇشى تەبىئىي رەۋىشتە ئەنگلىيىنىڭ ھىندىستاندىكى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئىسيان قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. ئىنگلىزلار بۇنىڭغا ھەرگىز رازى ئەمەس.

رۇسلار بولسا، شەرقىي تۈركىستاندا مۇستەقىل بىر تۈرك ھۆكۈمىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى خاھلىمايدۇ. چۈنكى بۇ، ئەسىرلەردىن بېرى رۇسلارنىڭ پۈتۈن تۈركىستاننى ئۆزىگە قارام قىلىش پىلانىغا خىلاپ كېلىدۇ. ئەگەر تۈركىستاننىڭ شەرق قىسمى ئازاد بولسا ئېنىقتۇركى، نۆۋەت غەرب قىسمىغا كېلىدۇ، بۇنىڭدا ھېچقانداق شەك يوقتۇر. ئۆرۈك ئۆرۈكنى كۆرۈپ ئالا بولىدۇ. دېمەك، شەرقىي تۈركىستاندا بىر ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشى رۇسىيە ۋە ئەنگلىيىدىن ئىبارەت ئىككى جاھانگىرنىڭ ئىمپېرىيالىزملىق مەنپەئەتلىرىگە ئۇيغۇن چۈشمەيدۇ. شۇنىڭغا كۆرە، بۇ ئىككى ھەمسايە دۆلەت بۇيەردە يېڭى قۇرۇلغان ئىسلام ھۆكۈمىتىگە چىش تىرنىقى بىلەن قارشى چىقتى. يېڭى تۇغۇلغان، يېڭى قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىنى يۆگىكىدە زەھەرلەش كويىغا چۈشتى. بۇنىڭ ئۈچۈن قوللىرىدىن كەلگەنلىكى ھىيلە- نەيرەڭ، دىپلوماتىك چارىلەرنى قوللاندى. زامانىۋىي قوراللارنى، ئەسكەرلەرنى ئىشلەتتى، تۈرلۈك مەنىۋى قوراللار، پروپاگاندا (تەشۋىقات) لىرىنى ئايىماي ئىشقا سالدى، ئۇلار شۇنداق قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ رەزىل

سىياسىي چەرخلىرىنى ئۇستىلىق بىلەن ئايلاندۇرۇپ- ئايلاندۇرۇپ، ئاخىرى شەرقىي تۈركىستاندا قۇرۇلغان ھۆكۈمەتنى بۆشۈكىدە بوغۇپ تاشلىدى.

گەرچە ئۇلار ئۆز مەنپەئەتلىرىگە ئېرىشكەندەك قىلغان بولسىمۇ، ئاللاھ بۇيرۇسا ھامان بىر كۈنى زامان بۇ ئىشلارنىڭ ئىنتىقامىنى ئالغۇچىدۇر.

تۇغار چوقۇم مەن ساڭا ۋەئدە قىلغان ئاشۇ كۈن،
كىم بىلسۇن، ئۇ ئەتەدۇر ۋە يا ئاندىن يەقىندۇر.

رەئىس جۇمھۇر خوجانىياز ھاجىمنىڭ كاشغەرگە كېلىشى

ئۇشبۇ كۈنلەردە خوجانىياز ھاجىمنىڭ كاشغەرگە كېلەدىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەرلەر تارقالدى. ھالبۇكى، بۇ كۈنلەردە خوجانىياز ھاجىم ۋە مەھمۇد سىجاڭلار ئاقسۇ ئەتراپىدا قارارگاھ قۇرۇپ تۇڭگانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتاتتى. باش ۋەكىلنىڭ بۇيرۇقى بىلەن دۆلەت كىشىلىرى ئۇلارنى كۈتۈۋېلىش تەييارلىقىنى قىلىشقا كىرىشتى. ئاز كۈندىن كېيىن رامىزان ئېيى كۈنلىرىنىڭ بىرىدە خوجا نىياز ھاجىم ئاۋۋال ئاتۇشقا چۈشۈپ ئاندىن كاشغەرگە قەدەم باستى. باش ۋەكىل باشلىق ھەر قايسى نازىرلار، مۇنەۋۋەرلەر، قوماندانلار ئارتۇشقا بېرىپ خوجا نىياز ھاجىملارنى كاتتا تەنتەنە ۋە دەبدەبىلەر بىلەن لايىقىدا قارشى ئېلىپ كاشغەرگە ئېلىپ كېلىپ ئوردىغا چۈشۈردى.

مەھمۇد سىجاڭ ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىمۇ رەئىس جۇمھۇرنىڭ ئىزىدىن يېتىپ كېلىپ كاشغەردە توپلاندى. خوجانىياز ھاجىم ۋە مەھمۇد سىجاڭ قوشۇنلىرىنىڭ كاشغەرگە كەلگەنلىكىدىن پۈتۈن خەلق خۇرسەندلىككە چۆمۈپ، ئۇلارغا ئىنتائەتكارلىق ئىپادىسىنى كۆرسەتتى. ئوردىدا تەكرار- تەكرار مەجلىسلەر بولدى. نىھايەت، ھەربىي كېڭەشتە يېڭى شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش، تۇڭگانىنىڭ ئۇرۇغىنى قۇرۇتۇش قارار قىلىندى. مەھمۇد سىجاڭ باش قوماندانلىققا سايلاندى. قىرغىزلار، مۇھاجىر ئۆزبېكلەر، ئارتۇشلۇقلار، كاشغەردىكى مەۋجۇد كۈچلەر، خوجا نىياز ھاجىم بىلەن كەلگەن ئەسكەرلەر ۋە باشقىلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ھۇجۇم نوقتىلىرى بەلگىلەندى. يۈسۈفجان قوماندانلىقىدىكى ئۆزبېك ئەسكەرلەرگە بەلگىلەنگەن ھۇجۇم نوقتىسى يېڭى شەھەرگە يېقىن خىچىرچى دېگەن جاي بولدى.

بىز تەرەپ باش قوماندانىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن پۈتۈن سەپ بويىچە ھۇجۇمغا ئۆتتۇق. تۇڭگانلار مۇداپىئە جېڭى قىلدى. شەھەر قورشاۋغا ئېلىنىپ خېلى كۈچ كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ كۆپ ئۈنۈمى بولمىدى. گاھىدا ئاتلىرىغا ئوت- چۆپ يىغقىلى قورغانىنىڭ سىرتىغا چىققان تۇڭگانلار تۇتۇۋېلىنىپ سوراققا تارتىلسا، ئۇلار ھەققىي ئەھۋالنى يوشۇرۇپ راستىنى ئېيتماي، بىرنى ئون قىلىپ كۆرسەتتى. خېلى بىر مەزگىل ئۆتكۈچە ۋەزىيەت ئەنە شۇنداق داۋام قىلدى. مانا شۇ چاغلاردا كاشغەردە قۇرۇلغان خوتەن ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، مۇھاجىر ئۆزبېكلەردىن بولغان سۇلتان بېك ئۇرۇشتا ياخشى كۈچ چىقاردى. ئۇ خوتەن ئىدارىسى (خوتەن ئىشلىرى باشقارمىسى) قورۇسىدىكى چوڭ مەيدانغا ياغاچپىلارنى يىغىپ، ئۇلارغا ئۇزۇن شوتىلارنى ياستىپ، توپلارنى تەييارلىتىپ ئومۇمىي ھۇجۇمغا ھازىرلىق كۆردى. باشقا قوماندانلارمۇ ئۆز ئەھۋالىغا كۆرە، تۈرلۈك تەييارلىقلارنى قىلىپ ئۈلگۈردى. جەڭ داۋام قىلماقتا، خەستەخانىنىڭ بىر تەرىپى يارىدارلار بىلەن تولغان ئىدى. خىزمەت ئالدىراشچىلىقىدىن ھىلال ئەھمەر ۋە خەستەخانىدىكى خادىملارنىڭ ئايىغى يەر تەگمەيتتى. ئەل - يۇرتتا ئۈمىد كۈچلۈك، بۇگۈن يا ئەتە تۇڭگانلارنىڭ ئىشى بىر تەرەپ بولىدۇ، دېگەن مۇستەھكەم

ئىشەنچ بىلەن ھەممە ئادەم ھاياجانغا چۆمۈلگەنىدى. مۇھاسىرە سىپىگە يېقىن جايلار خەلق ئاممىسى بىلەن تولغان بولۇپ، خۇددى بىر سەيلىگاھقا ئوخشاپ قالغان ئىدى.

## تۇڭگان كەلدى!

قىش فەسلى 2 ـ ئاي مەزگىللىرى ئىدى. ئاقسۇ تەرەپتىن تۇڭگان كېلىۋاتقۇدەكمىش، دېگەن گەپلەر تارقالدى. بۇ گەپ راست بولۇپ چىقتى. كېلىۋاتقان تۇڭگانلارنى يېڭى شەھەردىكى تۇڭگانلار بىلەن ئۇچراشتۇرماسلىق ئۈچۈن ئۇلارنىڭ كېلەر يولىنى توسۇپ قېلىش لازىم، دەپ خوجا نىياز ھاجىم باشلىق بىر بۆلۈك قوماندانلار يولغا چىقتى. خوتەن مۇجاھىدلىرىدىن ئەمىر نۇر ئەھمەدمۇ ئۇلارغا قېتىلدى. ئەمما مەھمۇد سىجاڭ ئۆز پوزىتسىيىسىنى ساقلاپ شەھەرنى مۇھاسىرە قىلىپ تۇرۇۋەردى.

ئاقسۇ تەرەپتىن كەلگەن تۇڭگانلار بىلەن خوجا نىياز ھاجىم «چوكانيار» دېگەن جايدا ئۇچراشتى. ئىككى ئارىدا ئۇرۇش باشلاندى. شۇ ئەسنادا تۇڭگانلارنىڭ بىر قىسمى يان تەرەپتىن كېلىپ مۇجاھىدلارنىڭ ئارقىسىدىن ئوراپ ئالدى. قورشاۋغا چۈشۈپ قالغان مۇجاھىدلارنىڭ بەزىلىرى ۋەھىمىگە چۈشۈپ ئارقىغا چېكىنىدى. بۇنى كۆرگەن باشقا مۇجاھىدلارمۇ پاراكەندە بولۇپ، «قاچ-قاچ» يۈز بەردى. خوجا نىياز ھاجىممۇ ئەسكەرلىرى بىلەن تەڭ مەيداندىن چېكىنىپ كاشغەرگە قايتىپ كەلدى.

خوجانىياز ھاجىم كاشغەردە ھېچ قانچە تۇرماستىن شەھەرنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشكە تەييارلىق كۆردى ۋە باشقىلارغىمۇ چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇق بەردى. بۇ چاغدا خوتەن مۇجاھىدلىرىدىن ئەمىر ساھىب ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ يېڭىسارغا كەتتى. خىلىدىن بىرى جابدۇقلىرىنى تەقلەپ بارچە ئەسكەر، ئائىللىرىنى ئافغانىستانغا چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن تاش قورغانغا ئۇزىتىپ، يېقىن يىگىتلىرى، ئەسكەرلىرى بىلەن بىر ئات، بىر قامچا بولۇپ تۇرغان يۈسۈفجاننىڭ ئادەملىرى ناماز ئەسىردىن كېيىن شەھەردىن چىقىشقا باشلىدى. شۇ كۈنى شەھەر ئىچىدە ئاجايىپ بىر ھالەت يۈز بەردى. دۆلەت كىشلىرى باشلىق ھەممە ئادەم ئالاقزادىلىككە چۈشكەن، بولۇپمۇ بايلار، پۇلدار، تىجارەتچىلەردىكى قورقۇنچ، ئەندىشە، ھەممىدىن زىيادە. چوڭ ـ كىچىك ئەسكەر، ئوفىتسېرلار شەھەردىن چىقىپ، ئەتراپقا تاراپ كېتىشكەن. شەھەرگە كىرگەن بىر جانلىقنى كۆرگىلى بولمايتتى.

ئاخشىمى باش ۋەكىل باشلىق ھەر قايسى يولداشلار ھىلال ئەھمەرگە يىغىلدۇق. ھەممەيلەن ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. كۆپ سانلىق كىشلەرنىڭ پىكرى رەئىس جۇمھۇرغا ئەگىشىپ شەھەردىن چېكىنىشكە مايىل ئىدى. باش ۋەكىل ماڭا قاراپ: «مۇسا ئەپەندىم، سىزنىڭچە قانداق قىلىمىز؟» دېدى. مەن: «مېنىڭ سۆزۈم بار، ئەمما بىز بۇ يەردە تالىشىۋاتقان مەسىلىنى توپ ئاساسىدىن ھەل قىلىش ئۈچۈن ھەممىمىز رەئىس جۇمھۇر بىلەن كۆرۈشكەن بولساق، تېخىمۇ توغرا بولاتتى. ئەگەر ئۆزلىرى بۇنىڭغا قوشۇلغان بولسالا»، دېدىم. باش ۋەكىل سۆزۈمنى ئاڭلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ: «قېنى يۈرۈڭلار، خوجانىياز ھاجىمنىڭ ھوزۇرىدا مەجلىسنى داۋام قىلدۇرىمىز»، دەپ يولغا چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن ھەممىمىز بىرلىكتە خوجا نىياز ھاجىم تۇرۇۋاتقان خوتەن ئىدارىسىگە كەلدۇق. سابىت داموللام مىنى ھاجىمغا مۇستەشار (مەسلەھەتچى) لىرىمىزدىن بىرى بولىدۇ، دەپ تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىگە ئىككى كەلىمە سۆزى بار ئىكەن، دېدى. مەن سۆزلەشكە باشلىدىم: غازى ئاتا! كاشغەر شەھىرى بەك قىيىنچىلىقتا، ئاز بولمىغان قانلار تۆكۈلۈپ قولغا كەلگەنلىكى ھەممىمىزگە مەلۇمدۇر. بۈگۈن بىزلەر دۈشمىنىمىز تۇڭگاندىن مەغلۇپ بولغانىمىز يوق. پەقەت خەلقنىڭ ۋەھىمىگە چۈشۈشى ۋە بىر بۆلۈك ئەسكەرلەرنىڭ پەرىشانلىقى سەۋەبلىك دۆلەت كىشلىرىنىڭ

www.uyghurweb.net

كاشغەردىن چىكىنىشى ئەقىلگە ئۇيغۇن ئەمەستۇر. پادىشاھلارنىڭ بەختى تەختىدۇر. پادىشاھلارنىڭ مازارى تەختىدۇر، بىر پادىشاھنىڭ ھاياتى تەختىدە بولغاندەك، ماماتى ھەم تەختىدىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزلىرى ئىلتىپات قىلىپ ئوردىغا كىرىپ ئۆزجايلىرىدا ئولتۇرسىلا، ھەممە خەلق قايتىدۇ. ئەسكىرى (ھەربىي) ۋە كىشۈەرى (مۈلكىي) بولسۇن ھەممە خىزمەتچىلەر، مەمۇرلەر جاي-جايىغا قايتىشىدۇ. مالىيە نازىرى ئەلى ئاخۇن باي ھازىر سەپەردە بولغاچقا ئورنىدا ۋەزىپە ئۆتەپ تۇرماقتىمەن. مالىيە نازارىتى قارمىقىدىكى خەزىنىلەرنىڭ ئاچقۇسى مەندىدۇر. پۇللار، رىگ (كىپەك) ئالتۇنلار ۋە باشقا نەرسىلەر پولات ساندۇقلاردا ساقلانماقتىدۇر. بۇ خەزىنىنى تاشلاپ، ئوردىنى بىكار قىلىپ، شەھەرنى بوشىتىپ، مەملىكەتنى دۈشمەنگە تاشلاپ بېرىپ يۇرتتىن چىقىپ كېتىشىمىزگە خالىق ھەم رازى ئەمەس، مەخلۇق ھەم رازى ئەمەس. ئىلتىپات قىلىپ بۇيرۇق بىرسىلە، ھەممەيلەن شەھەرگە كىرسە، بۇ مەجلىستە ئولتۇرغانلار باش بولۇپ ئوردىغا كىرسەك، دېدىم. ھەمدە رەئىس جۇمھۇر غازى ئاتىدىن ئىجازەت ئالغاندىن كېيىن مۇنداق بىر ھېكايەتنى بايان قىلىپ ئۆتتۈم. ئۆز زامانىدا رىم ئىمپېراتورلىرىدىن يوستىنىئانىس دۈشمەنلىرىنىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قېلىپ، قۇتۇلۇپ قېلىشقا كۆزى يەتمەي، تەختىنى تاشلاپ قېچىشقا تەييارلىنىدۇ. بۇ چاغدا خوتۇنى تىيودور ئۇنىڭغا شۇنداق دەيدۇ: «ئەي پادىشاھىم! بىز قاچمايلى، ئاخىرقى تىنىقىمىز قالغانغا قەدەر دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشايلى، بىز ئۆلگەندىن كېيىن دۈشمەن كېلىپ شەھەرنى ئالسۇن». يوستىنىئانىس خوتۇنىنىڭ بۇ گېپىنى قوبۇل قىلماي: «ئۇنداق قىلساق تۇگىشىمىز، ئۆزىمىزنى ھالاكەتكە تاشلىماي قېچىپ قۇتۇلايلى» دەپتۇ. مەلىكە تىيودور ئۇنىڭغا: «ئۇنداقتا پەقەت سىزلا قىياپىتىڭىزنى ئۆزگەرتىپ شەھەردىن چىقىپ كېتىڭ، بۇنى ھېچكىم بىلمىسۇن، تەختىنى ماڭا تاپشۇرۇڭ» دەپتۇ. پادىشاھ بۇنىڭغا كۆنۈپ مەلىكە دېگەندەك قىلىپتۇر. مەلىكە تىيودور ئەركەك قىياپىتىدە ياسىنىپ قوشۇنغا رەھبەرلىك قىلىپ: «جەڭچىلىرىم! باللىرىم! بۈگۈن يا ئۆلۈم يا زەپەر كۈنى، قېنى غەيرەت قىلىڭلار» دەپ دۈشمەنگە قارشى ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇمغا ئۆتۈپتۇ. ئۆلگەن ئۆلۈپ، قالغان قېلىپ، ئاخىرى دۈشمەن قوشۇنى ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، يۇرتنى دۈشمەندىن ئازات قىلىپتۇ. بۇ خۇشخەۋەرنى ئاڭلىغان يوستىنىئانىس قاچقان يېرىدىن قايتىپ كېلىپ شاھلىق تەختىگە قايتا ئولتۇرۇپتۇ. غازى ئاتا! تارىختا بۇنداق ئىشلار، ۋەقەلەر كۆپ ئۆتكەندۇر. ھېچگەپ يوق. تېخى ھەممە ئىش قوللىرىدا، قايتىپ شەھەرگە كىرەيلى، قالغان ئىلتىپات ئۆزلىرىدە، دېدىم. بۇ چاغدا سابىت داموللام يېقىملىق، مۇلايىم ئاۋازى بىلەن پىقىرنىڭ سۆزلىرىنى قۇۋۋەتلەپ ئۈچ-تۆت جۈملە قىسقا سۆز قىلدى. بۇ گەپ بىلەن خوجا نىياز ھاجىم باشلىق ھەممەيلەن تەڭ ئورۇنلىرىدىن تۇردى. ھەركىم ئۆز ئېتىغا مىنىپ شەھەرگە، ئوردىغا قاراپ راۋان بولدى. رەئىس جۇمھۇر باش ۋەكىلگە مالىيەدىكى پۇللارنى، خەزىنىدىكى ئالتۇن، ھۆججەتلەرنى تاپشۇرۇشقا بۇيرۇق قىلدى. باش ۋەكىل ماڭا بۇيرۇق قىلدى. مەن شكاپ، پولات ساندۇقلارنى ئېچىپ، ئۇلاردىكى قەغەز پۇل، رىگ ئالتۇنلار ۋە ھۆججەتلەرنى باش ۋەكىلگە تاپشۇردۇم. ئارىدىن بىر-ئىككى سائەت ئۆتكەندە بىر ئىش بىلەن ھىلال ئەھمەرگە كەلدىم. يول ئۈستىدە مەھمۇد سىجاڭ ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ يېڭى شەھەر مۇھاسىرىسىدىن قايتىپ تېزلىكتە ئوردىغا كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. مەن بۇ چاغدا تەكلىپىمنىڭ قوللاشقا ئېرىشكەنلىكىدىن سۆيۈنگەن ھالدا شەھەردىن چىقتىم.

مەن كەيىپىم چاغ ھالدا خەستەخانا ئىشلىرىنى رەتكە سېلىپ، ئەتىكى ئىشلار ھەققىدە خادىملارغا يوليورۇق بېرىۋەتكەندىن كېيىن، مۇنەۋۋەرلەر، باش ۋەكىل، بىر بۆلۈك نازىرلار بىلەن ھىلال ئەھمەرگە توپلاندۇق. بۇ چاغدا خوجا نىياز ھاجىمنىڭ قوشۇنلىرىنى ئېلىپ شەھەردىن چېكىنمەكچى بولغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر كەلدى. بۇ سوغۇق خەۋەر ھەممەيلەننى ھەيران قالدۇردى. بۇنى ئاڭلىغان باش ۋەكىل

www.uyghurweb.net

دەرھال خوجا نىياز ھاجىم بىلەن كۆرۈشكىلى ئوردىغا كەتكەندىن كېيىن بىر ئاز ئۆتۈپ قايتىپ كەلدى ۋە بىزنى كۆرگەن ھامان بېشىنى ئوينىتىپ: «خوجا نىياز ھاجىم ئەگەر يۈسۈفجان باشلىق ئۆزبېك ئەسكەرلەر شەھەر ئىچىدە تۇرمىسا بىزمۇ شەھەردە تۇرمايمىز، دەپ گەپنى كەستى ھەم ئەمەلىيەتتىمۇ ئوردىنى تاشلاپ شەھەردىن چىقىشقا باشلىدى» دەپ سۆزىنى تۈگەتتى.

ئەمەلىيەتتە، دۇنيادىكى ئېغىر مۇسىبەتلەردىن بىرى قوشۇننىڭ ئىتائەتسىزلىكىدۇر. بۇ ھال باش كۆتۈردىمۇ، ھەرقانداق ھۆكۈمەت مەغلۇپ بولۇشقا مەھكۇمدۇر. مەسىلەن: ناپالىيون بوناپارت، ۋىلھېلىم II، مۇرادخان II، ياۋۇز سۇلتان سەلىمخان، نىكولاي II ۋە باشقا پادىشاھلار سەردار، ئەسكەرلىرىنىڭ ئىتائەتسىزلىكىدىن فاجىئەلىك ئاقىۋەتكە يولۇققان. تارىختا ئەسكەرلىرىگە ئىشىنىپ ئالدانغان ۋە ھۆكۈمدارلىقتىن ئايرىلغان دۆلەتلەر كۆپ بولغاندۇر. خۇسۇسەن بىزنىڭ زامانىمىزدەك ئىشەنچسىزلىك زاماندا.

شۇندىن كېيىن ھېچكىم ھېچكىمنى تۇتمىدى، ھەركىم ئۆزى خان، ئۆزى بەگ بولۇپ، قالايمىقانچىلىق باشلاندى. خەلق توپ- توپ بولۇپ شەھەردىن چىقىپ بېشى چۈشكەن تەرەپكە كېتىشمەكتە، ھەممە يەردە ۋەھىم، قورقۇنچ، دەككە- دۈككە ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. بۇ چاغدا باش ۋەكىل ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىلىرى ۋە باشقا كىشىلەر ھىلال ئەھمەرگە توپلاندى.

باش ۋەكىل: «ھەممە باشقا ئەگىشىدۇر، ئەمدى باش كېتىپ قالغان ئىكەن، بىزمۇ ھازىرلىنايلى» دېدى ۋە ماڭا قاراپ: «ئەپەندىم! ھازىرمۇسىز؟» دېدى. مەن جاۋابەن: «مازىرىمىز كاشغەردە قالىدۇ دەپ ئويلاپ باشقا تۈرلۈك ھازىرلىق كۆرمىگەنىدىم» دېدىم. سابىت داموللام: «ئاتلىرى قەيەردە؟» دېدى. مەن«ئېتىم يوق، قېچىشقا ھازىرلىقمۇ يوق، تەقسىر، مەن ھىلال ئەھمەردە ئاغرىقلارغا قاراپ تۇرىمەن» دېدىم. سابىت داموللام: «ياق، ئەپەندىم، بۇرۇنقى چاغلار كەتتى. ئەگەر كاشغەردە قالسىڭىز، دۈشمەنلەرگۆشىڭىزنى ئامبۇر بىلەن پارچە- پارچە قىلىپ تاشلاپ، تۈرلۈك ئازابلارغا گىرىپتار قىلىدۇ. قېنى دەرھال ھازىر بولۇڭ، بىز سىزنى تاشلاپ كەتمەيمىز، بىزنى مۇنتەزىر قىلماڭ، ۋاقت قىس» دېدى. مەن: «نېمە ئۈچۈن؟» دېدىم. سابىت داموللام: «سىياسەتكە ئارىلاشقانلىقىڭىز ئۈچۈن، ئەپەندىم، بۇنى شۇنچىلىك دېسەم بولار، ھىلال ئەھمەرنىڭ بوز ئېتىنى سىز ئىشلىتىڭ، خادىملىرىڭىز مىنىدىغان ئاتنى خوتەن ئىدارىسى تەقلەپ بەرسۇن» دەپ بۇيرۇق بەردى. مەن ئاتلىق شەھەر ئىچىگە كىرىپ مۇھتەرەم ئانام، بالا- چاقام، ئۇرۇق- تۇغقانلىرىم بىلەن خوشلىشىپ چىقتىم. بۇ بامداتقا ئەزان ئوقۇلغان چاغ بولۇپ، شەھەرگە كىرىپ چىققۇچە بىرەر جانلىق گەۋدىنى كۆرمىدىم. ھىلال ئەھمەرگە يېتىپ كەلسەم، دۆلەت رەھبەرلىرى ئات ئۈستىدە مىنى كۈتۈپ تۇرۇشقان ئىكەن. ھەممىيلەن تەڭلا ئاتلىرىمىزغا قامچا ئۇرۇشتۇق. شۇنداق قىلىپ كاشغەر شەھىرىدىن ئايرىلدۇق. بۇ كۈنى خۇددى مەھشەر كۈنىگە ئوخشاپ قالغان ئىدى. كەڭ كەتكەن سەھرادا ھەممە ئادەم بىر خىل جىددىيلىك، ئالاقزادىلىك ئىچىدە قالغان ئىدى. ئوغۇل ئاتىنغا، قىز ئانىغا باقماس ئىدى، ھەممىنىڭ بىردىنبىر ئىستىكى تېزرەك كاشغەردىن ئۇزاقلاشماق ئىدى. ھەرگىز ئارقىغا قارايدىغان ئىش يوق. خەلق شەھەردىن خېلى يىراقلاپ كەتكەن ئىدى. ئاتلىق، پىيادە ھەممە ئادەم ئۆز دەردىدە، ئۆز ھالى بىلەن ئاۋارە، بەزى كىشىلەر ئىككى- ئىككىدىن بولۇپ دەرتلەشكەچ، يوللىرىغا راۋان بولۇشماقتا. شۇنىڭدەك، مەنمۇ ئۆزۈم بىلەن ئاۋارە ھالدا كېتىۋاتاتتىم. توساتتىن قۇلىقىمغا مۇڭلۇق بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە يېقىنلاپ كېلىپ قارىسام، بىر ياش يىگىت يىغلىمىلىق ئاۋاز بىلەن ناخشا ئوقۇپ كېتىۋاتقان ئىكەن. بىز يېقىنلاشقاندىن كېيىن سالاملاشتۇق. قارىغاندا بۇ چىرايلىق يىگىت دارۇلمۇئەللىمىن ئوقۇغۇچىلىرىدىن بىرىدەك قىلاتتى. بىز بىر - بىرىمىزگە مەنىلىك قارىشىپ قويدۇق. مەن بۇ يىگىتنىڭ كۆڭۈل ئاۋۇندۇرۇپ

ئۇقۇغان ناخشىسىغا ئاپىرىن ئوقۇدۇم ۋە يىگىتتىن بايىقى ناخشىنى قايتا ئۇقۇپ بېرىشىنى ئۆتۈندۇم. ئۇ ئۇقۇشقا باشلىدى:

مەن تۇغۇلۇپ ئويناپ ئۆسكەن،
ئەزىز ۋەتەن يۇرتۇم قالدى.
ياپ- يېشىللىق، كۆن كۆرۈنمەس،
جەننەت كەبى باغلار قالدى.
بەزم ئەيلەبان مەشرەب قۇرۇپ،
سازلەر چالىب داپلەر ئۇرۇپ،
سېمىز- سېمىز قويلەر سويۇپ،
ئىشرەت قىلغان باغلار قالدى.

ئۇ بۇلارنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن: «ئۆتكۈر بىر شائىرنىڭ شېئىرلىرىدىن ئىدى» دەپ قويدى. مەن ئۇنىڭغا تەشەككۈر، تەھسىنلەر ئېيتقاندىن كېيىن، «شۇنداق بولدى، قالدى، ھەممە نەرسە قالدى» دېدىمدە نامىق كەمالنىڭ مۇنۇ مىسرالىرىنى پىچىرلىدىم:

ۋەتەننى دۈشمەنگە تاپشۇرۇپ تۇرۇپ،
مىللەتكە زەھەرنى ئىچۈرۈپ تۇرۇپ،
نوچى ئىش قىلدۇق، دەپ يۈردۇق لاپ ئۇرۇپ،
ئويلايلى چوڭقۇرراق، نېمە قىلدۇق بىز؟
ئىمانغا لايىقمۇ ئۇشبۇ ئىشىمىز؟

ھەركىم ئۆز ئەھۋالى، ئۆز پىكرى بىلەن بولۇپ، يولغا كېتىشىۋاتماقتا. بىزمۇ ھەم يۈرۈپ- يۈرۈپ بىر يەرگە كەلگەندە توختاپ ئارام ئالماقچى بولدۇق. بۇچاغدا سابىت داموللام، خوجا نىياز ھاجىملار ھەمراھلىرى بىلەن بىزگە يېقىن يەردىكى يول تۆپىدە توپ- توپ بولۇپ چاي ئىچىشىپ ئولتۇرۇشقان ئىكەن. بىزمۇ بىرىپ ئۇلارنىڭ ئارىسىغا چۆكتۇق. ئوتتۇرىغا گۈلخان يېقىلىپ، ھەممەيلەن گۈلخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتۇق. قىشلاق بېگى كەلتۈرگەن نان تەككەنگە بىر بۇردىدىن تەگدى، تەگمىگەنگە يوق بولدى. شۇ ئەسنادا سابىت داموللام ماڭا قارىغان ئىدى، مەن ئۇنىڭغا: «داموللا ھاجىم! بۇچاي تاتلىقمىكەن ياكى كاشغەر ئوردىدىكى ساماۋەردە قايناپ تۇرغان تاشكەنتچە چاي تاتلىقمىكەن؟» دېدىم. داموللام بۇ گېپىمگە جاۋابەن: «ھازىر گەپ ۋاقتى ئەمەس، قېنى ماڭايلى» دەپ يولغا چۈشتى. خوجا نىياز ھاجىم كاشغەردىن چىكىنگەندىن كېيىن ئەگەشكۈچىلىرىنى باشلاپ، ئەركەشتام تەرەپكە كەتتى. يۈسۈفجان بولسا بىر قىشلاقتا قارارگاھ قۇردى. سابىت داموللامنىڭ باشچىلىقىدا بىر بۆلۈك ھۆكۈمەت ئەزالىرى، دۆلەت كىشىلىرى، ئىستىقلال جەمئىيىتىنىڭ بىر بۆلۈك ئەزالىرى يېگىسارغا توپلاندى، قەلئە ئىچىدە ئۆتكۈزۈلگەن بىر يىغىندا مۇھاجىر ئۆزبېكلەردىن كەرىمجان قۇربېشى ۋە ئارىق خوجىلارنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن يېگىساردا تۇرۇشى قارار قىلىندى. كەمىنە ئاجىز بەندە بىلەن قازى ئەسكەر موللا مۇھەممەدجان ئاخۇن ئوشىي ئىككىمىز سابىت داموللامنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئاخشام نامىزىدىن كېيىن ئاتلىنىپ يۈسۈفجاننىڭ قارارگاھىغا باردۇق. بىز يېتىپ بارغاندا يۈسۈفجان كەنجى مىڭبېشىنى ھېلىلا ئۇ دۇنياغا يوللاپ تۇرغان ئىكەن. يۈسۈفجانغا سابىت

www.uyghurweb.net

داموللامنىڭ سالىمنى يەتكۈزدۇق ۋە ئۇنىڭغا: سابىت داموللام بارلىق ئەسكىرىي كۈچىنىڭ يېڭىساردا توپلىنىشى لازىم ئىكەنلىكى ھەمدە ھەممەيلەن ئۆم. ئىناق ھالدا مەسلىھەت. كېڭەش بىلەن ئىش كۆرۈلسە تېخىمۇ فائىدىلىك ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ تۆت قۇربېشىنى ئەسكەرلىرى بىلەن يېڭىسارغا كېلىشكە تەكلىپ قىلىپ، بىزلەرنى ئەۋەتتى، دېدۇق. يۈسۈفجان: «مەن ئەتە بارىمەن، ئەمما ئارىق خوجا بىلەن كەرىمجانلار يىگىتلىرىنى ئېلىپ سىزلەر بىلەن تەڭ كېچىلەپ يولغا چىقسۇن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ھەممىمىز بىرلىكتە يېڭىسارغا كەلدۇق. ئەتىسى يۈسۈفجانمۇ ئەسكەرلىرى بىلەن يېتىپ كەلدى. بۇ ئارىدا تۆت تامغا چېچىلىپ كەتكەن ئەسكەرلەر بىر. بىرلەپ كېلىپ يېڭىسارغا توپلىنىشقا باشلىدى. مۇشۇ كۈنلەردە يېڭىسار قەلئىسى ئىچىدە بىر يىغىن ئېچىلدى. يىغىنغا ئۆزبېك، قىرغىز قوماندانلىرى، ئارتۇش، كاشغەرنىڭ تېڭجاڭلىرى، خوتەن مۇجاھىدلىرى ۋە باشقا ھۆكۈمەت خادىملىرى قاتناشتى. سابىت داموللام يىغىندا سۆز قىلدى. ئۇ ئۆز سۆزىدە كاشغەرنى بىكاردىن. بىكار تاشلاپ چىققانلىقىمىزنىڭ خاتا بولغانلىقىنى، كاشغەرگە كىرگەن تۇڭگانلارنىڭ ئاز مىقداردا ئىكەنلىكىنى، ئەمدى يەنە يېڭى باشتىن ھەممە بىرلىكتە كاشغەرگە ئومۇمىي ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىق كۆرۈشىمىز كېرەكلىكىنى بايان قىلدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ بىر قاتار مۇزاكىرىلەر بولغاندىن كېيىن ئاخىرى ھەممىنىڭ بىردەك قوشۇلۇشى بىلەن كاشغەرگە ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قىلىشقا قارار قىلىندى. شۇ ئىينىڭ ئاياغلىرىدا كاشغەرگە ھۇجۇم قىلىش مەقستى بىلەن دۆلەت رەھبەرلىرى ۋە قوماندانلار يېڭىساردىن يولغا چىقىپ كاشغەرگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. كەمىنە بۇ چاغدا ئاغرىپ قالغانلىقىمدىن خەستەخانىدا قالدىم. شۇنداقتىمۇ ماڭا يەنە ۋەزىپە يۈكلەندى. ئۇ بولسىمۇ مەجىدىددىن بەگنى كۈتۈۋېلىش ۋەزىپىسى ئىدى. مەجىدىددىن بەگ كەلدى. ئافغانچە كىيىنگەن ئىدى. بىر سارايغا ئورۇنلاشتى. تۇنجى بولۇپ مەن كۆرۈشتۈم. كۆرۈشۈشتە ئۇ بىرىنچى قىلىپ ياپونىيگە ئەلچى ئەۋەتىلگەن، ئەۋەتىلمەيگەنلىكىنى، ئاندىن كېيىن، دۆلىتىمىزنىڭ قوشنا دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئالاقىلىرىنىڭ، بولۇپمۇ رۇسىيە، ئەنگلىيەلەرنىڭ بىزگە تۇتقان پوزىتسىيىلىرىنىڭ قانداقلىقىنى، ئافغانىستاننىڭ دۆلىتىمىزگە ياردەم بېرىش ئەھۋاللىرى ۋە باشقا ئىچكى ئىشلار توغرىسىدا بىر قاتار سوئاللارنى سورىدى. بۇلارغا بىلگەنلىرىم بويىچە تەپسىلىي جاۋاب بەردىم. بىز باشقا مەزمۇنلاردىمۇ خېلى كۆپ سۆھبەتلەشتۇق. ئۇنىڭ كۈتۈنۈش ئىشلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن قەلئە ئىچىدە تۇرۇۋاتقان ئەمىر ساھىبنىڭ ھوزۇرىغا بىللە كەلدۇق. زىيارەتتىن كېيىن مەجىدىددىن بەگ ئارامگاھىغا قايتتى. شۇندىن كېيىن كەچقۇرۇن پەيتلىرىدە پات. پات كۆرۈشۈپ سۆھبەتلىشىپ تۇرىدىغان بولدۇق. كاشغەرگە ھۇجۇم قىلىنغۇچە يېڭىساردىكى بوش ۋاقتتىن ياخشى پايدىلىنىش غەرىزىدە بولسا كېرەك، مەجىدىددىن بەگ خوجانىياز ھاجىم بىلەن ئۇچرىشىش ئارزۇسى بارلىقىنى ئېيتىپ يېڭىساردىن ئايرىلدى. ئاردىن ئۈچ. تۆت كۈن ئۆتكەندە سابىت داموللام، زەرىف قارىھاجىم، ئابدۇللاھ خانىي، مەھمۇد نەدىم بېك، يۈسۈفجان، سۇلتانبېك، زەينۇددىن كارۋان ۋە باشقا قوماندانلار ھەمدە پاتىپاراق بولۇپ كەتكەن، روھى چۈشكۈن ئەسكەرلەر بىردىن. ئىككىدىن يېڭىسارغا كېلىشكە باشلىدى. بۇ ھالنىڭ سەۋەبىنى بىلدۇقكى شەھەرگە قىلىنغان ھۇجۇم ئۇنۇم بەرمەپتۇ.

## كاشغەرگە ھۇجۇم

يۇقىرىدا دەپ ئۆتۈلگەندەك، دۆلەت چوڭلىرى، قوماندانلار قوشۇننى باشلاپ، يېڭىساردىن چىقىپ كاشغەرگە يېقىنلاپ كەلگەندىن كېيىن مۇناسىپ بىر جاينى تاللاپ قارارگاھ قۇردى. قوشۇن بۇ يەردە ھاردۇق ئېلىپ، ھۇجۇمغا تەييارلىق كۆردى. ئەتەسى سەھەر پەيتىدە پۈتكۈل قوشۇنغا كاشغەرگە ھۇجۇم قىلىش

www.uyghurweb.net

بۇيرۇقى بېرىلدى. سابىت داموللام باشلىق بىر بۆلۈك دۆلەت كىشىلىرى قارارگاھتا تۇرۇپ جەڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىپ، يېتەكچىلىك قىلىپ تۇردى. بۇ قېتىمقى ھۇجۇمغا ئىشتىراك ئەتكەنلەرنىڭ يۈزدە توقسان پىرسەنتتىنى ئۆزبېك مۇجاھىد يىگىتلىرى تەشكىل قىلغان ئىدى. بامدات نامىزى پەيتىدە مۇجاھىدلەر تۆت تەرەپتىن تەڭلا ‹ئاللاھۇ ئەكبەر› بىلەن ئۇران تووۋلىغان ھالدا ئات چاپتۇرۇپ شەھەرگە كىردى. ئۇلار كۆزگە كۆرۈنگەنلا تۇڭگان ئەسكەرلىرى ۋە ساقچىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ ماڭدى، ئەسىر ئالدى. ئوردا قورشاۋغا ئېلىندى. شەھەرنىڭ تۆت ئەتراپى مۇجاھىدلارنىڭ كونتروللىقى ئاستىغا ئۆتتى. خەلقمۇ مۇجاھىدلارنى قىزغىن قارشى ئالدى. بۇ چاغدا يامۇلدا قورشاۋدا قالغان تۇڭگانلار يېڭى شەھەردىن تېلېفۇن ئارقىلىق ياردەم سورىدى. دەل شۇ پەيتتە يېڭى شەھەردىن كەلگەن تۇڭگان ئەسكەرلىرى تۆشۈك دەرۋازا تەرىپىدىن كېلىپ، بىر بۆلۈكلىرى سېپىل ئۈستىدىن، يەنە بىر بۆلۈكلىرى سېپىل تاشقىرىسىدىن يارباغ دەرۋازىغا قاراپ سۈرۈلدى. ئۇلار كارنايلارنى چېلىشىپ، بەس- بەس بىلەن مۇجاھىدلارغا ھۇجۇم قىلدى. بۇنى كۆرگەن يۈسۈفجان شەھەرگە كىرىشنى توختىتىپ سېپىلنىڭ تاشقىرىسىدا مۇداپىئەدە تۇردى. شەھەرنىڭ ئىچىدىكى مۇجاھىدلار دۈشمەنگە يېڭى شەھەردىن ياردەم كەلگىنىنى بىلىپ، يامۇل ئىچىدىكى تۇڭگانلار بىلەن تاشقىرىدىن كەلگەن ئىككى تۇڭگان قوشۇنى ئارىسىدا قالمايلى دەپ ئارقىغا چېكىنىپ يارباغ دەرۋازاسىنىڭ سىرتىغا چىقىشقا باشلىدى.

شۇ ئەسنادا تۆشۈك دەرۋازا تەرىپىدىن كەلگەن تۇڭگانلار سېپىلنىڭ ئاستىدىن ھەم ئۈستىدىن كېلىپ يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىدى.

يارباغ دەرۋازىسىدىن سىرتقا چېكىنگەن مۇجاھىدلار تاشقىرىغا چىقىپ جانلىرىنى قۇتقۇزدى. چىقالماي قالغانلار سېپىلغا يامىشىۋاتقاندا سېپىل ئۈستىدىكى تۇڭگانلارنىڭ ئوقىغا تۇتۇلدى، بۇلار نائىلاج سېپىلنىڭ ئاستىدىكى يولدىن يۈرۈپ يەنە شەھەر ئىچىگە قايتىپ كىردى. ئۇلار شەھەر ئىچىدىكى كاتتا بىر ھويلىغا جايلىشىۋېلىپ تۇرۇپ تۇڭگانلارغا داۋاملىق قارشىلىق كۆرسەتتى. تۇڭگانلارمۇ بارغانچە قىستاپ كېلىپ ئۇلار تۇرغان ھويلىنى تۆت تەرەپتىن مۇھاسىرىگە ئالدى. بۇ مۇجاھىدلارنىڭ ئىچىدە ئۆتكەن بۆلۈملەردە زىكرى كەچكەن ئادىل بېكمۇ بار ئىدى. ئادىل بېكنىڭ ئېتى يوغان، بويى ئېگىز بولۇپ، بىر تار كوچىدىن ئۆتكۈچە ئاتنى بىر تەرەپكە بۇراپ تۇرۇپ ئۆزىنى تامغا ئېلىۋېلىپ ئاتنى ئۆز ھالىغا قويۇۋېتىپ، ئۆزى تاممۇ- تام ئاتلاپ يۈرۈپ، شەھەردىن مىڭ بىر ئىلاج بىلەن قېچىپ چىققان ئىدى.

مۇھاسىرىدىكى يىگىتلەر كېچەيۇ - كۈندۈز تۇڭگان بىلەن ئېتىشىپ تۇردى، ئەمما شۇنداقتىمۇ ئوق- دورىلىرىنى ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىپ ئىسراپ قىلماي ساقلادى. ھېلىگەر تۇڭگانلاردىن بۇلارغا ئەلچى كەلدى. ئۇلار مۇجاھىدلارنىڭ ئۆزلىرىگە ۋەكىل چىقارتىشنى تەلەب قىلدى. قازى ئەسكەر موللا مۇھەممەدجان ئاخۇن ۋەكىل بولۇپ تۇڭگانلار بىلەن مۇزاكىرە ئېلىپ باردى. مۇزاكىرىدە ئىككى تەرەپنىڭ مۇسۇلمان تۇرۇپ ئۇرۇشقىنى ياخشى بولمىدى، شۇڭا سۈلھى قىلايلى، دېگەن پىكىرگە كېلىندى. ئەمەلىيەتتە بۇ چاغدا مۇجاھىدلارنىڭ ئۇزۇق- تۈلۈك، ئوق- دورىلىرى تۈگەپ كەتكەن ئىدى. شۇڭا پايدىلىق سۈلھى بولسا ئۇلارمۇ سۈلھىكە رازى ئىدى. بۇ سۈلھى بويىچە مۇجاھىدلار قوراللىرىنى تاپشۇرسا، ئۇلارغا ئامانلىق بېرىلىدىغان بولدى. تۇڭگانلار بۇ ۋەدىلىرىنىڭ راستلىقى ئۈچۈن قۇرئاننى سۆيۈپ تۇرۇپ قەسەملەرنى قىلىپ ئۇنىڭغا تامغۇلىرىنى باستى. بىچارە مۇجاھىدلار تۇڭگانلارنىڭ ئىچكەن قەسەملىرىگە، تۇتقان ۋە تامغىلىغان قۇرئانلىرىغا ئىشىنىپ تەسلىم بولدى. خائىن تۇڭگانلار تەرىپىدىن دەرھال 75 كىشىنىڭ قورالى تارتىپ ئېلىندى. قورالى تارتىۋېلىنغان بۇ كىشىلەرنى تۆتتىن- تۆتتىن قىلىپ، ئەسىرلەر سۈپىتىدە خەلققە كۆرسىتىپ يامۇلغا ئېلىپ كىرىپ بىر ئۆيگە قاماپ قويىدى. ئۆينىڭ تارلىقىدىن ناماز ئوقۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

سىرتقا چىققىلى بولمىغاچقا ھەممىلىرى تەيەممۇم قىلىپ بىر- بىرسىنىڭ ئارقاسىغا سەجدە قىلىپ ناماز ئوقۇشتى. ھەممە ئىشتا خىيانەتكارلىقى ئىسپاتلىنىپ كېلىۋاتقان تۇڭگان قوماندانى قازى ئەسكەرنى بوشتىپ ئېلىپ چىقىپ، ئۇنىڭغا: «ئەسىرلەرنى ئالماشتۇرىمىز، سىز بېرىپ سابىت داموللام بىلەن كۆرۈشۈپ پىكرىنى ئېلىپ كېلىڭ»، دەپ سابىت داموللامنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. قالغان يەتمىش بەش مۇجاھىدنى بولسا شۇ كېچىسى تۆتلەپ، بەشلەپ سوراققا چاقىرغان بولۇپ، ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى.

«بىز ئەلۇەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز، چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز» (بەقەرە سۈرىسى، 156 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

كاشغەردە قەتلىئام

ئەتىسى كاشغەر شەھىرىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا تۇڭگانلار تەرىپىدىن قەتلىئام يۈرگۈزۈلدى. ۋەھشىي تۇڭگانلارنىڭ قولى بىلەن خەلقنىڭ مال- مۈلك، ئۆي- ۋاق، دۇككان- سارايلىرى ئېغىر دەرىجىدە تالان- تاراج قىلىندى. بۇ تۇڭگانلار توپ- توپ ھالدا ئۇچۇپ كېلىپ بىر باغقا چۈشۈپ، ئۇنىدىكى دەرەختلەر، ئېكىنلەرنى بىر دەمدە يالماپ يۇتقان ئاچ چېكەتكىلەردەك كاشغەرنى شۇنداق خاراب قىلدىكى، كۆزگە كۆرۈنگەنلا نەرسىنى ساق قويمىدى. شۇ كۈنى تۇڭگانلارنىڭ قولىدا ئۆلگەن مەزلۇم بىچارە، يېتىم ئوغۇل، تۇل خوتۇن ۋە باشقىلار ئىككى مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. مانا بۇ «قەتلىئام» كۈنى تارىختىكى مەرسىيە يېزىلىشقا تېگىشلىك بىر كۈن بولۇپ قالدى. بۇ كۈن شۇنداق بىر كۈن بولدىكى، ھەر ئۆي شۇ ئۆي ئەھلىگە قەبرىستان بولدى، ھەر ئائىلە ئەزالىرى ئۆز ئۆيلىرىدە ئۆز قېنىغا بويالدى. بۇ كۈندە تۇڭگانلار قولىدا ئىشقا ئاشقان ۋەھشىيلىكتىن گۆدەكلەر قىرىپ، قارا ساقاللار ئاقىرىپ كەتتى. قەتلىئامدىن كېيىن قەيسى ئىنىم روزى ئاخۇن شەھەر ئىچىدىن چىقىشتا ئۆزىنى ئۆلۈك قىلىپ تابۇتتا ياتتى. تۆت ئادەم بۇ تىرىك ئۆلۈكنى كۆتۈرۈپ يارباغ دەرۋازىسىدىن چىقتى. ئۇلار تابۇتنى كۆتۈرۈپ قەبرىستانغا ئېلىپ كېلىپ، قايتاردا بەش كىشى بولۇپ قايتتى. ھېلىمۇ ياخشى قەبرىستاندا تۇڭگانلارنىڭ كونترولى يوق ئىكەن. مازاردىن چىقىپ يېڭىسارغا كەلگەنلەرنىڭ بىرى ياكى بىرىنچىسى قەيسى ئىنىم روزى ئاخۇن بولدى.

يۈسۈفجاننى قورالسىزلاندۇرۇش قارارى

كاشغەرگە بولغان ھۇجۇم نەتىجە بېرمىگەندىن باشقا بۇ ھۇجۇم مۇجاھىدلارنى زور دەرىجىدە چىقىمدار قىلدى، خېلى كۆپ قەھرىمان، يىگىتلىرىمىزدىن ئايرىلدۇق. كاشغەردىن قايتقان ۋە ئەتراپتىن كەلگەنلەر يەنە يېڭىسارغا توپلاندى. قەلئە ئىچىدە سابىت داموللام باشچىلىقىدا مەخپىي بىر يىغىن چاقىرىلدى. بۇ يىغىنغا ھۆكۈمەت ئەزالىرى، خوتەنلىك قوماندانلار، ئىستىقلال جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى ھازىر بولدى. مەجلىستە تۇڭگانلارغا يېڭىلىپ قېلىشنىڭ سەۋەبلىرى تەكشۈرۈلدى. يىغىنغا قاتناشقان كۆپچىلىك كىشىنىڭ ئىپادىسى بويىچە، بۇ مەغلۇبىيەت يۈسۈفجاننىڭ خىيانىتىگە بېرىپ تاقالدى. يۈسۈفجانغا دۆڭگەلگەن خاتالىقلار تۆۋەندەكىلەردىن ئىبارەت بولدى:

**1.** يۈسۈفجان قېيقىزىل رۇس ئەسكەرلىرىنى ئاق ئورۇس، دەپ ئويلاپ، ئون ئىككى نەپەر قىزىل دۈشمەننى ئۆز يېنىدا تۇرغۇزغان.

2. چىنىباغدىكىلەر بىلەن ئېغىز- بۇرۇن يالىشىپ، گېنېرال باھادىرخان ساھىبتىن قورال سېتىپ ئالغان.

www.uyghurweb.net

3. ياردەمچىسى قۇدرەتۇللاخان تۆرەمنى نۇرغۇن مال- مۈلك، ھەربىي ئەشيالار بىلەن ئافغانىستانغا ئەۋەتكەن، ئۇلارغا ئاشلىق يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن يېقىنسارغا كەلگەن ۋە ھەر ھەپتىنىڭ بازار كۈنى ئاشلىق سېتىپ ئېلىپ تاشقۇرغانغا ئەۋەتىپ تۇرغان.

**4**. يېقىنقى شەھەرنى مۇھاسىرە قىلىپ تۇرغاندا ئۆز- ئۆزىچە مۇھاسىرىنى بوشىتىپ، خىچىرچىدىكى پوزىتسىيىدىن چېكىنگەن.

5. كاشغەرگە بولغان ئاخىرقى ھۇجۇم پەيتىدە شەھەر ئىچىگە ئۆزى كىرمەي پەقەت قول ئاستىدىكى قۇرباشىلىرى، ئەسكەرلىرىنى كىرگۈزۈپ قويۇپ ھۇجۇمغا سەممىي ھالدا قاتناشمىغان ۋە بۇنىڭ بىلەن يۈسۈفجاننىڭ تۇڭگانلار بىلەن ئالاقىسى بارمىكىن، دېگەن گۇماننى پەيدا قىلغان.

**6**. يۈسۈفجاننىڭ ئۆزى بىر ئات، بىر قامچا بولۇپ، بىزنىڭ بۈيرۇقىمىزغا بويسۇنۇۋاتقاندەك قىلىسمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ مەقستى ئافغانىستانغا چىقىپ كېتىش بولۇپ، خېلى بۇرۇنلا ئافغانىستانغا يولغا سېلىۋەتكەن بالا- چاقالىرى ھەمدە ماللىرى ئۇزاق تاغ يولىدىكى خەتەرلىك داۋانلاردىن سالامەت ئۆتۈپ ئافغان چېگرىسىغا يېتىپ بارغۇچە ئۇلارنى ئارقىسىدىن قوغداپ تۇرغان ۋە ئۇلارغا ئاشلىق ۋە باشقا ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنى ئۈدۈللۈك يوللاپ تۇرغانلىقى دەلىل- پاكىتلىرى بىلەن ئېنىقلاندى.

يۇقىرىقىلارغا بىنائەن سابىت داموللام ئۆزىنىڭ ئاۋۋالقى **«**قېرىنداش قېنى تۆكۈلمىسۇن**»** دېگەن پىكرىنى ئۆزگەرتىپ، پۈتۈن جەمئىيەتتىكىلەرنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇشى ۋە باشقا سەۋەبلەرگە كۆرە، يۈسۈفجاننى قورالسىزلاندۇرۇپ، مەزگىللىك قاماققا ئېلىش قارار قىلىندى.

ئەتەسى كەچتە يۈسۈفجان سابىت داموللام تەرىپىدىن قەلئەگە چاقىرتىلدى. يۈسۈفجان چاقىرىققا بىنائەن خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن ئون نەپەر زەربىدار يىگىتى بىلەن بىللە ھازىر بولدى. چاي- پاي ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن يۈسۈفجان مۇزاكىرە قىلىدىغان مۇھىم ئىش بار ئىكەن، دېگەن باھانە بىلەن يىگىتلىرى بىلەن ئولتۇرغان ئۆيدىن سابىت داموللام تۇرغان ئۆيگە چاقىرىلدى. يۈسۈفجان بۇ ئۆيدىن ئۇ ئۆيگە ئۆتۈۋېتىپ ئوتتۇرىلىقتىكى دەھلىز (كارىدور) گە كەلگەندە يۈسۈفجاننى تۇتۇش ئۈچۈن ئەمىر ساھىب تەرىپىدىن ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇلغان قاراقاشلىق باتۇر قوماندان ئەمىر ئەھمەد ئاخۇن يۈسۈفجانغا ھۇجۇم قىلدى. ئۆزىنى ئەمىر ئەھمەدنىڭ كۈچلۈك قوللىرى ئارىسىدا كۆرگەن يۈسۈفجان ئۆلۈم قورقۇنچىدا بار ئاۋازى بىلەن بارمۇ سەن يىگىتلەر! دەپ تووۋلىدى. دەل شۇ پەيتتە ئۆيدە ئولتۇرغان يىگىتلەر مىلتىقلىرىنى كۆتۈرگەن ھالدا يۈگۈرۈپ چىقىپ، لەببەي ئاكا، مانا بىز ھازىر، دەپ يۈسۈفجاننى تۆت تەرەپتىن ئورىۋالدى. يۈسۈفجان ياۋەرىگە بۇيرۇدى: يېنىمدىكى ماۋزىر تاپانچىنى ئېلىپ، ماڭا تەگدۈرمەي بۇنى يان بېشىدىن ئېتىپ تاشلاپ، مېنى قولىدىن بوشات، دېدى. يۈسۈفجاننىڭ ياۋەر ۋە يىگىتلىرى ئەمىر ئەھمەدنى تاپانچا، مىلتىقلار بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى. بۇنىڭ زەربىسىدە ئەمىر ئەھمەد يەرگە يىقىلدى. يۈسۈفجان ئەزرائىلنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلغاندەك بولۇپ، تاپانچىسىنى قولىغا ئېلىپ ھاۋاغا بىر نەچچە پاي ئوق ئاتتى- دە، يىگىتلىرى بىلەن ئۆيدىن سەھنە (سەينا) گە چىقىپ، ئۇ يەردىن قوللىشىپ، يەلكىلىشىپ ئاتخانىنىڭ تېمىغا چىقتى. ئۇلار شۇ بويىچە تامدىن تامغا ئاتلاپ، قەلئەنىڭ ئۈستىگە چىققاندىن كېيىن، ھەممىسى تەڭلا قەلئە ئىچىگە ئوق ياغدۇردى. ئۇلار بىر پەس ئۆتكەندىن كېيىن ئوق ياغدۇرۇشنى توختىتىپ، سېپىلدىن ئېسىلىپ، سىرىلىپ چاڭ - توپىلارغا مىلەنگەن ھالدا يەرگە چۈشۈپ، سالامەت ھالدا سىرتقا چىقىۋالدى. بۇ چاغدا ئۇلار يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئىككى، ئۈچ جايدىن «تۇڭگان كەلدى**!»** دەپ يالغان تووۋلاپ، رەقىبلىرىنى تەشۋىشكە سالدى. بۇ ئاۋازنى ئىشىتكەنلەر بولۇپمۇ خوتەنلىك ئەسكەرلەر ۋە كاتتىلار ئالاقزادە بولۇپ كەتتى. دېمەك، شۇنداق قىلىپ ئەمىر ساھىب مەقستىگە يېتەلمەي قالدى. ئۆزلىرىنىڭ ئىشەنچلىك قوماندىنىنى قان ئىچىدە

www.uyghurweb.net

كۆرۈپ ئەقلى لال بولغان خوتەنلىك ئەسكەرلەر ئۆز-ئۆزى بىلەن ئاۋارە بولۇپ تۇرغان بۇ چاغدا تۇڭگان كەلدى، دېگەن بۇ ئاۋاز بارچە قەلئە ئەھلىنى ئەندىشىگە سېلىپ قويدى. نەتىجىدە يۈسۈفجان قۇتۇلۇپ قالدى.

ئۈشبۇ كۈنلەردە خىزمىتىم تۈپەيلى دوختۇرخانىدا ئىدىم. شۇ كۈنى كېچىسى قازاندا قورۇلغان قوماچتەك تارسىلداپ ئېتىلىۋاتقان ئوق ئاۋازلىرىدىن بىرەر ئىش چىققان ئوخشايدۇر، دەپ ئويلاپ ئەزان ۋاقتى بىلەن كوچىغا يۈگۈردۈم. كوچىلار جىمجىت ئىدى. سارايي تەرىپىگە بارسام خىزمەتدىشىم روزى ئاخۇن ئۇچراپ قالدى. مېنى كۆرۈپ سۆيۈنگىنىدىن ياش ئەلەڭگىگەن كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە ياش (شادلىق يېشى) سىرغىپ چۈشتى ۋە: **«**ئەلھەمدۇلىللاھ، سالامەت ئىكەنسىز، كۆرۈشتۇق»، دېدى. مەن: «نېمە ئىش؟ نېمە گەپلەر بولدى؟» دېسەم، ئۇ: «ناماز خۇپتەندىن كېيىن، توساتتىن قەلئە ئىچىدىن ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى. كېيىن **«**تۇڭگان كەلدى**»** دېگەن سۆز تارقالدى. بۇ گەپ بىلەن تەڭ ھەممە ئادەم ئۆرىتۆپە بولۇشۇپ، ئۆز جانلىرىنى دالدىغا ئېلىشنىڭ كويىغا چۈشۈپ كەتتى. قاچقانلارنىڭ ھېسابىنى خۇدا بىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ياركەنتكە قاراپ قاچتى. مەنمۇ ئاتلارنى توقۇپ خورجۇنلارنى ئارتىپ مېڭىشقا تەييار بولۇپ، سىزنى كۈتۈپ تۇردۇم. قېچىشىۋاتقان كىشىلەر مېنى كۆرۈپ: «نېمىگە قاراپ تۇرىسەن؟ مېڭىۋەر، سۇلتانبېكمۇ كېتىدۇ، يۈر بىللە كېتەيلى!»، دېدى. مەن: «ئەپەندىمنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىمەن»، دېدىم. ئۇلار: «جېنىڭنى قۇتقۇزساڭچۇ، جان كېرەك بولسا ئاتقا مىنگىن»، دەپ قويۇپ، ھېچنېمىگە قارىماي كېتىپ قېلىشتى. مەن پۈتۈن بىر كېچە ئاتلارنى تۇتۇپ شۇ يەردە تۇردۇم. سەھەر ۋاقتى بولغاندا يۈسۈفجان ئاكامنىڭ يىگىتلىرى كەلدى. ئۇلار يوللارنى توسۇپ، شەھەرنىڭ كىرىش، چىقىش ئېغىزلىرىنى قامال قىلىپ، قاچقانلارنى تۇتۇپ يولدىن قايتۇردى. مەن سارايغا كىرىپ ئولتۇردۇم»، دېدى. مەن: «ئاتلار قېنى؟» دېدىم. ئۇ: «يۈسۈفجاننىڭ يىگىتلىرىنىڭ قېشىدا»، دېدى. مەن ئۇلارنىڭ يۈز بېشىنى كۆردۈم، بىز ئاتلارنى ئېلىپ ئۆز سارىيىمىزغا كەلدۇق. مەن ئۇ يەردىن يۈسۈفجان ئاكىنىڭ قۇشخانىسىغا قاراپ چاپتىم. يولدا مەھمۇد نەدىم بەگ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇنىڭغا: «قېنى، يۈرۈڭ، يۈسۈفجاندىن ھال سوراپ كېلەيلى!» دېدىم. ئۇ بۇنى خالىمىدى ۋە خوتەنگە كەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. مەن: «ئۇنداق بولسا، ئەمىر ساھىب بىلەن كۆرۈشۈڭ»، دېدىم. ئۇ بۇ گېپىمگە ئىللىقىنە بىر كۈلۈپ قويدى. بىز شۇنداق ئايرىلدۇق.

## يۈسۈفجان بىلەن ئۇچرىشىش

يۈسۈفجاننى قۇشخانىسىدا زىيارەت قىلدىم. «سالامەت بولۇڭ، يۈسۈفجان ئاكا، ياخشى تۇرغانسىز؟» دېدىم مەن ئۇنىڭدىن ھال سوراپ. يۈسۈفجان ماڭا شۈبھىلىك كۆزلىرىنى تىكىپ تۇرۇپ: «ئەپەندىم، كېچىسى قايدا ئىدىڭىز؟» دېدى. مەن: «دوختۇرخانىدا ئىدىم»، دېدىم. ئۇ بۇ سۆزۈمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «مەن تېخى سىزنى خوتەنلىكلەرگە قوشۇلۇپ كەتكەنمىكىن، دەپ قالغان ئىدىم»، دەپ كۈلۈمسىرىدى. مەن: «كىملەرگە قوشۇلغان، كىملەرگە خىزمەت قىلغان بولساق، ئەلۋەتتە ئۇنى ھەقىقەت ئىسپاتلايدۇ. بۇلارنى ئويلاپ كەتمەڭ. يۈسۈفجان ئاكا! ئۆز سايىسىدىن قورقىدىغانلاردىن بولماڭ، ئۆمرىڭىز تۈگىمىگەن ئىكەن، قىرىق يىل قىرانگەرچىلىك بولسىمۇ ئەجىلى يەتكەن ئادەم ئۆلىدۇ. سىز دۇنياغا يېڭىدىن تۆرەلدىڭىز. بۇنى «ئىئادەئى ھايات» دەيمىز. بۇندىن كېيىن ئېھتىيات قىلىڭ، ساقلىنىڭىز قانداقراق؟ شۇنى بىلسەم»، دېدىم. يۈسۈفجان: **«**سېپىلدىن سىرىلىپ چۈشكۈچە دىماقلىرىمغا كىرىپ كەتكەن توپا- چاڭلارنىڭ تەسىرى ھىلىغىچە بار، شۇنچە غەرغەرە قىلىپ، يۈز- كۆزلىرىمنى يۇيۇپ باققان بولسامۇ يەنە ئۇڭشىلالمىدىم»،

دېدى. مەن: «سىزگە سۇيى 35 گرادۇسلۇق ۋاننادىن بىرنى تەييارلاش لازىم. ماڭا رۇخسەت قىلسىڭىز، هازىردىن باشلاپ ۋاننانى تەييارلاشقا كىرىشەي. يېرىم سائەتتىن كېيىن مەن سىزنى دوختۇرخانىدا ساقلايمەن»، دەپ ئورنۇمدىن قوزغالدىم. ئىشىكتىن چىققۇچە ئابدۇررەھمان ئاكىغا قاراپ: «سىز قازانغا شورپا سالدۇرۇپ قويۇڭ، يۈسۈفجان ئاكا ھاممامدىن چىقىپ قىزىق شورپىنى ئىچىپ بىر تەرلىسە دىمىغىدىكى چاڭ-توزانلاردىن ھېچ نېمە قالماي، ئوبدانلا ئەسلىگە كېلىپ قالۇر»، دېدىم ۋە قۇشخانا دەرۋازىسىدىن چىقىۋېتىپ، ئابدۇررەھمان ئاكىغا: «شورپىغا بىزمۇ شېرىك، جۇمۇ، ئۇنتۇپ قالماڭ»، دەپ قويدۇم. ۋاننامۇ تەييار قىلىندى. ئون نەپەر يىگىتنى ئەگەشتۈرۈپ يۈسۈفجان ئاكىمۇ يېتىپ كەلدى. ئۇ ۋانناغا چۈشۈپ چىققاندىن كېيىن مېنى شورپىغا تەكلىپ قىلىپ: «ئەپەندىم، شورپىنى بىرگە ئىچىمىز»، دېدى. ئۇ يەنە دوختۇرخانا دەرۋازىسىدىن چىقاردا ماڭا قاراپ: «قىلىشىدىغان گەپلىرىمىز بار»، دەپ قويدى. مەن بىر ئاز ئۆتكەندىن يۈسۈفجاننىڭ بايىقى گېپى بويىچە قۇشخانىغا كەلدىم. شورپىنى ئىچتۇق. يۈسۈفجاننىڭ ئىشارەت قىلىشى بىلەن ئابدۇررەھمان ئاكا يەنە كېلىشكەن تۆت كىشى بولۇپ، يەتتەيلەن ئىچكىرىكى ئۆيگە توپلاندۇق. ئالدى بىلەن يۈسۈفجان سۆز ئېلىپ شۇنداق دېدى: «ئەپەندىم، شۇنچە ۋاقىتلاردىن بېرى ئىدارىلەردە ياخشى خىزمەت قىلىپ كەلدىڭىز، نۇرغۇن نەتىجىلەرنى ياراتتىڭىز. بۇنى ھەممىمىز بىلىمىز. بۇندىن كېيىن بىز بىلەن بىللە تۇرۇپ، ئىشلىرىمىزغا يار- يۆلەك بولسىڭىز يامىنى بولمايدۇ. ھەممىمىز بىر مۇھاجىرمىز. خىزمەتلىرىڭىزنى بىزمۇ قەدىرلەيمىز. ئەمدى ئۆلسەك، بىر چوقۇردا. تىرىك بولساق بىر تۆپىدە بولايلى»، دېدى. ئابدۇررەھمان ئاكا يۈسۈفجاننىڭ سۆزلىرىنى قۇۋۋەتلىدى. مەن ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋابەن: «مېنىڭ ھازىرقى شارائىتىم بۇنىڭغا يار بېرىدۇ. سىزنىڭ ئارزۇيىڭىزغا قوشۇلۇشقا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ھېچقانداق نەرسە يوق. خىزمەت بولسا بۇيرۇۋېرىڭ، قىلايلىك»، دېدىم. بۇ خۇسۇسىي سۆھبەت جەريانىدا يۈسۈفجاننىڭ بىر قولى باشتىن- ئاخىرغىچە بېلىگە قىستۇرۇلغان تاپانچىسىدا تۇردى. يۈسۈفجاننىڭ بىر ئىشارىتى بىلەن باشقا يىگىتلەر ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. بىز ئۈچەيلەنلا قالدۇق. يۈسۈفجان تۆت ئەتراپىغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن: «ئەپەندىم، ئىككى دانە مەكتۇپ يازىمىز»، دېدى. مەن: «قەلەم، قەغەز تەييار»، دېدىم. ئۇ: «بىرىنى كاشغەردىكى ئىنگلىز كونسۇلىغا يازىمىز»، دېدى. مەن: «گېنېرال باھادىرخان ساھىبقىمۇ؟» دېدىم. ئۇ: «ھەئە»، دېدى ۋە ماڭا بىر قاراپ قويغاندىن كېيىن: «خەتنىڭ بىرىنى يېڭى شەھەردىكى تۇڭگان زىخۇيغا يازىمىز»، دېدى. مەن: «نېمە دەپ يازىمىز، ئۇلاردىن كەلگەن خەت- خەۋەر بارمۇ؟» دېدىم. «بار، تۇڭگانلاردىن چۈشكەن بىر ئەسىر بار»، دېدى ئۇ. مەن: «تۇڭگانغا خەت يازىمىز، ئەسىرنى ئازات قىلىپ خەتنى ئۇنىڭ قولىدىن تۇڭگانغا ئەۋەتىمىز»، دېدىم. ئىككىيلەن بۇ گېپىمگە قوشۇلدى. شۇنداق قىلىپ خەت يېزىلىپ ئەسىرنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلۇپ، ھېچكىمگە ئۇقتۇرماستىن يولغا سېلىندى. بۇ خەتلەرنىڭ كۆپىيىسى قولىمىزدا بولمىغانلىقى ئۈچۈن مەزمۇنىنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلدۇق:

كاشغەر يېڭى شەھەردىكى مادارىن جانابلىرىغا:

مەكتۇبلىرىنى ئېلىپ، كۆڭلۈم تىنچىپ قالدى. مەن بولسام ئارىمىزدىكى ۋەدىگە بىنائەن كاشغەردىن چىقىپ سىز ئەۋەتكەن ئالتۇننى تاپشۇرۇپ ئالدىم. كاشغەرگە ھۇجۇم بولغان كۈنى مەن كونا شەھەردە تۇرمىدىم. ھازىر يېڭى شەھەردە تۇرۇۋاتىمىز. يېقىندا تاشقورغانغا مېڭىش ئېھتىمالىمىز بار. چىرىكلىرىڭىزدىن بىرى بىزدە ئىدى. خەت شۇنىڭ قولىدىن ئەۋەتىلدى.

ئېھتىرام بىلەن گارنىزون قوماندانى يۈسۈفجان (تامغا ئورنى)

1934- يىل 2 - ئاينىڭ 15- كۈنى، يېڭىسار.

www.uyghurweb.net

ئىككىنچى خەت:

بۈيۈك برىتانىيە دۆلىتىنىڭ كاشغەردىكى ئەلچىسى گېنېرال باھادىرخان ساھىب كىراملىرىغا: «مەكتۇبلىرىنى ئالدىم، يولىيورۇق كۆرسەتكەنلىرىگە تەشەككۇر. ۋەدەمگە ۋاپا قىلدىم. يېڭى كۆرسەتمىلەر بولسا ئاڭلاشقا تەييارمەن.

ئېھتىرام بىلەن گارنىزون قوماندانى يۇسۇفجان (تامغا ئورنى)

1934- يىل 2 - ئاينىڭ 15- كۈنى، يېڭىسار.

ئارىدىن بىر- ئىككى كۈن ئۆتكەندە سابىت داموللامنىڭ ياۋەرلىرىدىن بىرى بىلەن بازاردا كۆرۈشۈپ قىلىپ ئۇنىڭغا شۇنداق دېدىم: «ئەمىر ساھىپ بىلەن يۇسۇفجاننى ياراشتۇرسۇن، ماڭا يول خېتى چىقارتىپ بەرسۇن، مەن ياركەنتكە كېتىمەن.»

ئەتەسى قەلئەدىن زەرىف قارىھاجىم بىلەن يەنە بىر كىشى ئەلچى بولۇپ چىقتى. ئۇلار ئۆز سۆزىدە: «يۇسۇفجان ئاكا، ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات، بولار ئىش بولدى، دۈشمەنلەرنىڭ ئالدىدا ئۇ قاش، بۇ قاش بولۇپ يۈرمەي، ئىناق ئۆتەيلى. بىز سۆلھىپەرۋەر كىشىلەرمىز، شۇڭا بۇگۈن ھۇزۇرىڭىزغا سۆلھى قىلغىلى چىقتۇق»، دېدى. يۇسۇفجان: «كېڭىشىپ جاۋاب بېرىمىز»، دەپ ئەلچىلەرنى ئۇزاتتى. بۇ ئارىدا تاش قورغاندىكى قۇدرەتۇللاخان تۆرەدىن «تېزدىن ئاشلىق، ئۇن ئەۋەتسۇن»، دەپ ئۇشتۇر- ئۇستىلەپ خەت كېلىپ تۇردى. يۇسۇفجان شۇ كېچىسى ئادەملىرى بىلەن تولىنىپ، مەسلىھەت يىغىنى ئۆتكۈزدى. ئۇلار ئۇزۇن مۇزاكىرىلەردىن كېيىن سابىت داموللام تەرەپ بىلەن سۆلھىگە كېلىش ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك شەرت قويۇشقا كېلىشتى: «سۆلھى قىلساق بولىدۇ، ئەمما ئەمىر نۇر ئەھمەد بىلەن يۇسۇفجان ئاكىنىڭ ئارىسى بۇزۇلدى، پىيالە سۇندى. سۇنغان پىيالىنى قاداپ قويغان بىلەن يەنە قاداق كۆرۈنۈپ قالىدۇ. ياخشىسى ئەمىر ساھىب ياركەنتكە بارسۇن. ئۇنىڭ ئورنىغا شاھ مەنسۇر يېڭىسارغا كەلسۇن. خوتەن ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن يۇسۇفجان ئاكىغا ياردەم سۈپىتىدە ئىككى يۈز ئۇلاغ ئاشلىق بېرىلسۇن. ھۆكۈمەتتىكى ھەر بىر كىشى ئۆزىنىڭ ئورنىغا قاراپ، كۆڭۈل خوشى بىلەن بەش يۈز سەر بىلەن مىڭ سەر ئارىلىقىدا ئالتۇن ئىئانە قىلسۇن. ئەنە شۇ چاغدىلا ئىككى تەرەپ بىر- بىرىگە ئاكا- ئۇكا بولۇپ، ھەممە ئىشتا ئۆز ئارا ھەمكارلىشىپ، دۈشمەنگە ئورتاق تاقابىل تۇرغىلى بولىدۇ. يەنە شۇنىڭ بىلەن بىرگە كىشىلەرنىڭ قەلئەگە بىمالال كىرىپ- چىققالىشى ئۈچۈن قەلئەنىڭ دەرۋازىسى ئېچىۋېتىلسۇن.»

سۆلھىنىڭ بۇ شەرتلىرى سابىت داموللامغا بىلدۈرۈلدى. ئەمىر ساھىب خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ نامىدا بۇشەرتلەرنى قوبۇل قىلدى. لېكىن ئۇ: «شاھ مەنسۇرنىڭ تەستىقىنى ئېلىش ئۈچۈن يېڭىساردىن بىر ھەيئەت ياركەنتكە بېرىشى كېرەك»، دېدى. ئۇنىڭ بۇ تەكلىپى قوبۇل بولدى. يۇسۇفجان ئاكا تەرىپىدىن تۆت كىشى، ئەمىر ساھىب تەرىپىدىن ئىككى كىشى بولۇپ، جەمئىي ئالتە كىشىلىك بىر ھەيئەت خۇپىيەن نامزىدىن كېيىن ياركەنتكە قاراپ يولغا چىقتى. كەمىنىمۇ يۇسۇفجانغا بىلدۈرمەستىن ھەيئەتنىڭ يولغا چىقىش ۋاقتىغا ئۈلگۈرۈپ، تەييارلىنىپ، ھەيئەت بىلەن بىرگە ئاتلاندىم. ھەيئەت ئەزالىرى ئارىف خوجا، كامال مەخدۇم، سابىر قاراقاش ۋە باشقا كىشىلەردىن تەركىب تاپقان ئىدى. بۇلار پىقىرنى ئارىلىرىدا كۆرۈپ، ھەيرانلىق بىلەن: «ئەپەندىم، ئۆزىڭىزمۇ بارمۇ؟»دېدى. مەن ئۇلارنىڭ بۇ يوچۇن سوئالىغا جاۋابەن: «ھەممىمىز ئوخشاش»، دەپ قويۇپ ئېتىمغا قامچا ئۇردۇم. بىز شۇ يۈرگەنچە ئاتلىرىمىزنى چاپتۇرۇپ شەھەر تەۋەسىدىن ئۆزاپ كەتتۇق. پىقىرنىڭ بۇ ھەيئەت بىلەن مېڭىپ كەتكەنلىكىمنى يۇسۇفجان ئاڭلاپلا مىنى تۇتۇش ئۈچۈن ئات چاپتۇرغان بولسىمۇ، بىز ئالللىبۇرۇن شەھەر چېگرىسىدىن چىقىپ كېتىپ بولغان ئىدۇق. جانابى ھەققە سانسىز شۈكۈرلەر بولسۇنكى، مەن دار تېگىدىن، جاللاد قولىدىن قېچىپ قۇتۇلدۇم.

www.uyghurweb.net

چۈنكى شۇ كۈنلەردە يۈسۈفجان ھەركىمدىن گۇمانلىنىپ، ئۇنى ئېتىپ، بۇنى چېپىپ تۇرغان ئىدى. ھەيئەت قىزىلغا يېتىپ بارغاندا ئارىف خوجا مەھمۇد بەگ تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ، ئاتلىرى، خورجۇنلىرى تارتىپ ئېلىندى. ئۆزلىرىنى بولسا ياركەنتكە يولغا سالدى. مەن بولسام يولخېتىنى كۆرسىتىپ خوجىنىڭ يېنىدا قالدىم. بىر ئاز ئۆتۈپ خوجا بىر بۆلۈك ۋەقەلەرنى سوراپ بىلگەندىن كېيىن ئېتىمنى بەردى. ئۆزۈم تەنھا ھالدا يولنى داۋاملاشتۇردۇم. بىز شۇنداق قىلىپ ئىلگىرى- ئاخىر بولۇپ، شاھ مەنسۇرنىڭ ھوزۇرىغا توپلاندۇق. شاھ مەنسۇر بولغان ئىشلارنى ئۇقتى. قالغان ئىشلار شاھ مەنسۇرنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇلدى. مەن رۇخسەت سوراپ شەھەرگە كىردىم ۋە بىر سارايدىن ھۇجرا تۇتۇپ دەم ئېلىپ تۇردۇم. ئۆيدە قىلغان سودا بازارغا توغرا كەلمىگەندەك، يېڭىسارنىڭ تەلەپلىرى ياركەنتكە خوپ كۆرۈلمىدى. شاھ مەنسۇر يېڭىسارغا بېرىشتىن باش تارتتى. شۇنداقتىمۇ ئارىف خوجا ۋە كامال مەخدۇملارنى شېرىن سۆز ۋە ئاز- تولا ياردەملەر بىلەن چىرايلىق ئۇزىتىپ قويدى. شۇندىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي تۇڭگانلارنىڭ يېڭى شەھەرگە كىرگەنلىكى، يۈسۈفجاننىڭ يېڭىساردىن چىقىپ تاش قورغان تەرەپكە كەتكەنلىكى، يولدا بىر كىچىسى كامال مەخدۇمنى ئات ئۈستىدە تۇرغۇزۇپ قىلىچ بىلەن پارچە- پارچە قىلىپ چېپىپ ئۆلتۈرگەنلىكى توغرىسىدىكى گەپلەر تارقالدى. ئېنىق ئۇقۇشىمىزچە يۈسۈفجان كامال مەخدۇم ۋە باشقا بىر بۆلۈك كىشىلەرنى «خوتەنچىلەر»، دەپ يامان كۆرۈپ يۈرگەن ئىكەن. يۈسۈفجان يىگىتلىرىنى ئېلىپ تاش قورغان تەرەپكە كەتكەندىن كېيىن، يېڭىسار قەلئەسىدە تۇرۇۋاتقان سابىت داموللام، زەرىف قارىھاجىم ۋە ئۇلارنىڭ تەرەپدارلىرى ياركەنتكە كېلىپ ئورۇنلاشتى. كاشغەردە ئىش بېشىدا تۇرۇۋاتقان بەزىبىر كىشىلەر پات- پات ياركەنت ئوردىسىغا چىقىپ شاھ مەنسۇرنىڭ مەجلىسلىرىگە ئىشتىراك قىلىپ يۈرۈۋاتقان بولىسىمۇ زامان تەقەززاسىغا كۆرە، ھەركىم ئۆز ئىشى، ئۆز دەردى بىلەن ئاۋارە ئىدى.

## تۇڭگانلارنىڭ يېڭىسارنى ئىشغال قىلىشى

بۇ كۈنلەردە تۇڭگانلار كاشغەرنىڭ يېڭى شەھىرى ۋە كونا شەھىرىنى پۈتۈنلەي ئىشغال قىلدى. ئۇلار يەنە يېڭىسارنىمۇ ئىشغال قىلىش ئۈچۈن خوتەن ھۆكۈمەت كىشىلىرى بىلەن مۇزاكىرىگە ئولتۇردى. خوتەن ھۆكۈمىتى ئۇلارنىڭ تەلەبلىرىنى رەت قىلدى.

بۇنىڭ بىلەن ياۋۇزلاشقان تۇڭگانلار يېڭىسارغا ئەسكەر تۆكتى. ئۇرۇش پارتلىدى. مۇجاھىدلاردىن نۇرغۇن ئادەم چىقىم بولدى. مۇجاھىدلارنىڭ كۈچى بارغانچە ئاجىزلاشتى. تۇڭگانلار قەلئەنى قورشاۋغا ئالدى. ئەمىر نۇر ئەھمەد قەلئە ئىچىدە تۇرۇپ مۇداپىئە جېڭى قىلدى. بۇ چاغدا شاھ مەنسۇر ياركەنتتىن ياردەم بەرگىلى كەلدى. قەلئەنىڭ ئىچىدىن ئەمىر ساھىب، تاشقىرىدىن شاھ مەنسۇر قارشىلىق كۆرسىتىپ، دۈشمەننى مەغلۇپ قىلىشقا شۇنچە تىرىشقان بولسىمۇ تۇڭگانلار قوشۇنىنىڭ كۈچ- قۇۋۋەت ۋە ئىنتىزام جەھەتتە كۈچلۈكلۈكى ئۇلارغا چوڭ توسقۇن بولدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ جەڭدە خوتەن قوشۇنى مەغلۇپ بولدى. ئەمىر ساھىب بىلەن شاھ مەنسۇرمۇ مانا شۇجەڭدە شېھىد بولدى.

شاھ مەنسۇر ھەم ئەمىر ساھىب ئىدى ئىككى قانات،
يېڭىسارنىڭ جېڭىدە بولدى شېھىد شاھزادىمىز.

www.uyghurweb.net

قەلئە ئەتراپىدا ئۆلگەن ئەسكەرلەرنىڭ جەسەتلىرىدىن يولچىلار يېقىن ئۆتەلمەيدىغان دەرىجىدە سېسىق پۇراق تارايتتى. بىرەر ئاي ئۆتكۈچىمۇ بۇ پۇراقلار يوقالمىغان ئىدى. (تۇڭگانلارنىڭ يۇرت سوراشتىكى ناچارلىقنى مانا شۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.)

بۇ چاغدا خوجا نىياز ھاجىم، مەھمۇد سىجاڭلار ئەركەشتامدا رۇسلار بىلەن ئېلىپ بېرىلغان ئۈچرىشىشنى ئاياغلاشتۇرۇپ قوشۇنلىرىنى ئېلىپ ياركەنتكە كەلدى. سابىت داموللام باشلىق بىر ھەيئەت رەئىس جۇمھۇرنىڭ ئالدىغا كۈتۈۋالغىلى چىقتى. خوجا نىياز ھاجىمنىڭ قولىدا تۇتقۇن قىلىنىدىغان ئون بىر نەپەر ئادەمنىڭ رويخېتى بار ئىدى. بۇلاردىن سابىت داموللام، زەرىپ قارى، سۇلتان بەگلەر قولغا ئېلىندى. قالغان ئابدۇللاھ خانىي، مۇسا ئەپەندى، سوفىزادە، مۇھەممەد رىزاخان، موللا مۇھەممەدجان ئاخۇن، سېتىۋالدىجان، يۇسۇپ مۇزەپپەر ۋە باشقىلارنى تاپقان يەردە قولغا ئېلىشقا بۇيرۇق بېرىلدى. بۇ خەۋەر شۇ ھامان يېيىلىپ، ھەركىم ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشنىڭ كويىغا چۈشتى. خوجا نىياز ھاجىم قوماندان، ئاتامانلىرى بىلەن ياركەنت ئوردىسىغا كېلىپ چۈشتى. سۇلتان بەگ ئوردىدىن قاچقان بولسىمۇ، ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن يەنە تۇتۇلۇپ قالدى. سابىت دامولللام ۋە باشقىلار خوجا نىياز ھاجىمغا تۇتقۇن بولدى. بۇ چاغدا كۆپلىگەن كىشىلەر جانلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن خوتەنگە كەتتى. بىر بۆلۈك ھۆكۈمەت خادىملىرى خىزمەتتىن قول تارتتى. ئەمدى ھەممە ئىش خوجا نىياز ھاجىمنىڭ بۇيرۇقىغا قارايدىغان بولدى. ياركەنت ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتتى. قورال- ياراق ئامبارلىرىغا باشقا ھېچكىمنى ئىگە قىلمىدى. رەجەب ئاخۇن ساقلاۋاتقان قورال ئامبىرىنى تاقاپ، ھېچكىم ئاچمىسۇن، دەپ ئۇقتۇرۇش چاپلىدى (ئامباردا خېلى كۆپ قورال- ياراق بار ئىدى).

خوجا نىياز ھاجىم خوتەن مۇجاھىدلىرىنىڭ مائاشلىرىنى ئۆستۈردى. بىر چوماقچى ئەسكەر بۇرۇن بەش سەر مائاش ئالاتتى. يېڭى مائاش يەتتە سەرگە چىقتى. بىر قىلىچ تۇتقان ئەسكەر ئىلگىرى يەتتە سەر مائاش ئالسا، ئەمدى توققۇز سەر مائاش ئالىدىغان بولدى. باشقا ئەسكەرلەرنىڭ مائاشلىرىمۇ ئۇز دەرىجىلىرى بويىچە ئۆستۈرۈلدى.

خوجا نىياز ھاجىم ياركەنتنى ئىشغال قىلىپ تۇرغان بۇ كۈنلەردە تۇڭگانلار يېڭى شەھەرنى ئىشغال قىلىپ بولۇپ، ياركەنتكە كۆز تىكمەكتە ئىدى. بۇنى خوجا نىياز ھاجىم تۇيغانمۇ ياكى ئەركەشتامدىن ئالغان يوليورۇق بويىچە ئىش كۆردىمۇ ئېيتاۋۇر ياركەنتتە ئۇزۇن تۇرمىدى. بۇ چاغدا تۇڭگانلار كورئابات (كۆك رابات) قا كېتىۋ، دېگەن گەپلەر تارقالدى. بۇ گەپ تارقالغان كۈنى كېچىسى خوجا نىياز ھاجىم ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ مارالبېشى ئارقىلىق ئاقسۇغا كەتتى. ياركەنت پۈتۈنلەي بوشاپ قالدى. خوجا نىياز ھاجىم تۇتقۇنلىرىنىمۇ بىرگە ئېلىپ كەتكەن ئىدى. ئۇلاردىن سۇلتان بەگ مەكىت- دولان ئەتراپىغا بارغاندا قېچىپ قوتۇلدى.

خوجا نىياز ھاجىم ئاقسۇغا بېرىپ گېنېرال بېكتېۋ بىلەن ئۇچراشتى. ياركەنت شەھىرى بوشاپ قالغان كۈنىنىڭ ئەتىسى ياركەنتتىكى ئىنگلىز رەئىيەتلىرىنىڭ ئاقساقىلى ئابدۇلھەمىدخان ياركەنتنىڭ يۇرت چوڭلىرىنى ئېلىپ تۇڭگانلارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن كور ئاباتقىچە بېرىپ «خوش كەلدىڭىز»، «مەرھابا»لار بىلەن ئۇلارنى قارشى ئالدى ھەمدە ئۇلارغا شەھەرنىڭ بوش قالغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۇلارنى ياركەنتتە دۈشمەندىن ئەسەر قالمىغانلىقىغا ئىشەندۈردى. تۇڭگانلار ئۇلارنىڭ ھەمراھلىقىدا شەھەرگە كىردى. موسكۋا- ئۈرۈمچى كېلىشىمىدىكى تۈپ مەقسەتكە كۆرە، تۇڭگانلارنىڭ قولى بىلەن كاشغەر، خوتەن ۋە باشقا جايلاردىكى مۇجاھىدلار مەغلۇپ قىلىندى. ئەمدى مەيداندا پەقەت تۇڭگانلا قالغان ئىدى. تۇڭگانلار ياركەنتنى پۈتۈنلەي ئىشغال قىلىپ بولغاندىن كېيىن قارغىلىق، پوسكاملارنىمۇ ئىشغال قىلدى. مانا

شۇنىڭدىن باشلاپ خوتەننىڭ مۇستەقىل ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ مۇستەقىل ھايات كۈنسېرى داۋالغۇشقا باشلىدى.

ئەمدى نۆۋەت تۇڭگانلارغا كەلگەن ئىدى. ئالتە شەھەرگە تولغان قىزىل ئەسكەرلەر، قىزىل رەھبەرلەر، قىزىل كۈچلەرنىڭ ئەمدىكى نىشانى تۇڭگان بولۇپ قالغان ئىدى. تۇڭگانلارغا يەردىن ھاۋادىن تەڭ ھۇجۇم باشلاندى. تۇڭگانلار ئاقسۇدا بولغان جەڭدە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، تىرىپىرەن بولغان ھالدا ھارۋا- ھارۋىلاپ ياركەنتكە كەلدى. ئۇلار ياركەنتنىمۇ تۇرالماي ئۇدۇل خوتەنگە راۋان بولدى. ئۇلار بىرىپ خوتەننى ئىشغال قىلدى. شۇنداق قىلىپ خوتەن ۋىلايىتى تۇڭگانلارنىڭ ۋاقىتلىق پاناھگاھى بولۇپ قالدى.

## قىزىل ئۈرۈمچى قۇترىماقتا

ئۈرۈمچى - موسكۋا ئىنتىپاقىدىن كېيىن موسكۋا تەرەپنىڭ كۆپلەپ ياردىمگە ئېرىشكەن تۇڭگانلار تۈركلەرنى مەغلۇپ قىلدى. ئۇندىن كېيىن تۇڭگانلار قىزىل كۈچلەر تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. ئۈرۈمچى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەركىزى بولۇپ قالدى. قىزىل كۈچلەرنىڭ بۇ مەركەزدە تۇرۇپ كۈچ كۆرسىتىشى بىلەن ھەر قايسى ۋىلايەتلەردىكى تۇڭگانلار چېكىنىپ خوتەنگە توپلاندى. ئۇلارنىڭ بىر بۆلۈك قوماندانلىرى موسكۋاغا سىغىندى. موسكۋا ئۆز ئادىتى بويىچە خەنزۇلارنى ياغلاپ، تۇڭگانلارنى داغلىدى. خۇددى خوجا نىياز ھاجىمنى باشتا ياغلىغان بولسىمۇ، ئاخىرىغا كېلىپ داغلىغان، پۇت - قولىنى باغلىغاندەك.

مەركەزدىكى باش رەھبەرلەردىن گېنېرال بىكتېۋنىڭ نامىدىن ياركەنتكە 2 ئورۇس كەلدى. ئۇلار ئۇچىسىغا ئۇزۇن كۆڭلەك، باشلىرىغا قالپاق، پۇتلىرىغا چورۇق كىيىۋېلىشقان، يەلكىسىدە مىلتىق، كۆكرىكىدە ئوق، يانلىرىغا تاپانچا ئېسىشقان ئىدى. بىرىنىڭ ئىسمى شاكىر ئاخۇن، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى زاكىر ئاخۇن ئىدى. رۇسچىدىن باشقا تىلنى بىلمەيتتى. تەققى- تۈرقىدىن قەتئىينەزەر بۇلارنىڭ قىزىل ئەسكەرلەر ئىكەنلىكىدە شەك- شۈبھە يوق ئىدى. ئەمما ئۇلار كۆرۈنۈشتە گېنېرالارغا مال يەتكۈزۈپ بېرىدىغان سودا ۋەكىلى قىياپىتىگە كىرىۋېلىشقانىدى. بۇلارنىڭ كېلىشى بىلەن تەڭ پولات تېڭجاڭ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، ياركەنتكە كېلىپ ئوردىغا ئورۇنلاشتى. يەنە بىر تەرەپتىن قازاق شەرىپقانمۇ ياركەنتكە كېلىپ ئورۇنلاشتى.

خۇلاسە كالام: ئۈرۈمچى نامىدىن كەلگەن، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان زاتلار ھەرتەرەپنى ئىشغال قىلىپ، يۇرتنى ئىدارە قىلىش ئىشلىرىنى قولغا ئالدى. باي ئاخۇن دېگەن ئادەمنى ھاكىملىققا سايلىدى. شۇ كۈنلەردە ئۆرۈمچىدىن بېكتېۋنىڭ نامىدا ئۈستى - ئۈستىلەپ ئۇقتۇرۇش، بۇيرۇقلار كېلىپ تۇردى. ئۇلارنىڭ بىرىدە: «ئەتە ياركەنتكە ئايروپىلان بارىدۇ»، دېيىلگەن ئىدى. دېگەندەك ئەتىسى بىر ئايروپىلان كېلىپ ياركەنت ئاسمىنىنى ئايلىنىپ قايتىپ كەتتى. كەينىدىن مۇنداق بۇيرۇق كەلدى: «ياركەنتتە تېزدىن بىر ئايروپىلان مەيدانى ياسالسۇن». بۇنىڭ بىلەن تېزلىكتە بىر ئايروپىلان مەيدانى ياساپ پۈتكۈزۈلدى.

كاشغەر ئەتراپىدىكى يەرلىك مۇجاھىدلار تۆمۈرغازىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن پۇت تىرەپ تۇرالمىدى. بۇ مۇجاھىدلار ئارتۇشلۇق بىر بۆلۈك پىدائىيلار بىلەن بىرلەشكەن بولسىمۇ كاشغەردىكى مىللىي ھۆكۈمەت يىقىلغاندىن كېيىن قايتا باش كۆتۈرەلمىدى.

يەكۈن: ئامەت كەتتى. ھەركىم غەمكىن- پەرىشان ھالدا ئۆز جېنىنى قۇتقۇزۇشنىڭ كويىغا چۈشتى. بىر تەرەپتىن ئۆرۈمچىدە قىزىل ھۆكۈمەت باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، سىياسىي ئورگانلار- ساقچى ئىدارىلىرى جىددىي ئىشلەشكە باشلاپ، نۇرغۇنلىغان ئىلغار كىشىلەر تۈرمىگە تاشلاندى. ئىنقىلابقا قاتناشقانلار،

www.uyghurweb.net

سىياسەتكە، ئەسكەرلىككە ئارىلىشىپ قالغانلار قالالدى. قاماقخانىلار مەھبۇسلار بىلەن تولدى. ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ سانى ئۆرۈمچىمۇ بىلمىگۈدەك دەرىجىدە كۆپ بولدى. ئاياللارغا ئاتاپ مەخسۇس تۈرمىلەر سېلىندى. ئۈرۈمچى نامىدىن ئىجرا قىلىنىۋاتقان بۇ سىياسەت شۇنچىلىك شىددەتلىك بولۇش بىلەن بىرگە شۇ قەدەر سۈرئەت بىلەن داۋام قىلماقتا ئىدىكى، ئوكرائىنادا، قازاندا، قىرىمدا، كاۋكازدا، فەرغانىدە، سىردەريادا، سەمەرقەنتتە، يەتتە سۇ ۋىلايەتلىرىدە يىگىرمە يىلدا ئىشقا ئاشۇرۇلغان قىزىل تۈزۈم شەرقىي تۈركىستاندا يىگىرمە-ئوتتۇز كۈن ئىچىدىلا ئىشقا ئاشتى. تۆۋەندە بۇنىڭ سەۋەبلىرى توغرىسىدا توختىلىمىز:

1917- يىلى رۇسىيىدە ئىنقىلاب بولدى. تەجرىبىسىز، ئىپتىدائىي ھالەتتە تۇرغان بۇ ئىنقىلابچىلار بارا-بار كۈچەيدى. بۇنىڭ بىلەن جاي- جايلاردا كوممۇنىستىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى كۆپەيدى. شەرق ئۈنىۋېرسىتېتى ۋە ئىشچىلار پاكۇلتېتى ھەمدە ئۇيغۇرلار ئىنتىپاقىدا تەربىيىلىنىپ چىققان ئوقۇغۇچىلار، ھەرخىل ئۇسۇل- چارىلەر، پارتىيىنىڭ تۈرلۈك دىرىكتىپ (كۆرسەتمە، نىزامنامە) لىرىنىڭ كۈنسېرى كۆپىيىشى بىلەن كوممۇنىستلارنىڭ قانۇن، تۈزۈملىرى بىر قېتىملىق ئەمەلىيلىشىش ۋە سىناق باسقۇچىنى باشتىن ئۆتكۈزدى. رۇسىيىدە ئىنقىلاب غەلىبە قىلغاندىن كېيىن كوممۇنىستلار ۋەيرانە خارابىگە ئىگە بولغان بولۇپ، ھەر جەھەتتىن تولىمۇ ئاجىز ھالەتتە ئىدى. ئۇنىڭغا ھەر تەرەپتىن دۈشمەن بار ئىدى. بارا- بارا مىللەتنىڭ مال- مۈلك، زاۋۇت- فابرىكلىرى كوممۇنىستلار قولىغا ئۆتۈپ، پۈتۈن خەلق ئىلاجسىز ئۇلارغا بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولدى. قىزىل كۈچلەر ئەنە شۇنداق ماددىي ۋە مەنىۋى كۈچ بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا بېسىپ كىرىپ 20 يىلدا توپلىغان تەجرىبىلىرىنى 20 كۈندە ئىشقا ئاشۇردى. قىزىللارنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ئات ۋە ماشىنىلىرى، توپ ۋە توپخانا (توپ ياسايدىغان قۇرۇلما) لىرى، مىترالىيوز (ئوق ساچار پىلىموت)، تانكا، ئايروپىلانلىرى، تۈرلۈك ساھەلەر بويىچە مۇتەخەسسىس، تېخنىك، پروفېسسورلىرىدىن تارتىپ نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىشى خۇددى موسكۋانى ئۆرۈمچىگە كۆچۈرۈپ كەلگەندەك ئىش بولغان ئىدى. بۇنىڭ ئۈستىگە ھەر خىل يوللا بىلەن خەلقنى ئېزىش، ئۇرۇغنى قۇرۇتۇش سىياسىتى، كوممۇنىستلاردىن باشقىلارنىڭ ياشاش ھەققى يوق، دېگەن شوئار، ھايات پەقەت كوممۇنىستلارنىڭ ھاياتىدۇر، دېگەن ئىدىيىنىڭ ئەڭ جانلىق ئىسپاتى سۈپىتىدە زۇلۇمنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى شەرقىي تۈركىستاندا مەيدانغا چىققان ئىدى. ھۆكۈمەتمۇ بارلىق كۈچ ۋە رولىنى ئىشقا سېلىپ زورلۇق- زوراۋانلىقنى كۈچەيتتى.

## ھىندىستان يوللىرىدا

كۈن ئۆتۈپ، ئاي ئۆتۈپ پالاكەت كەينىدىن پالاكەت كېلىۋەردى. ئىنقىلابنىڭ دەستلىپىدە خىتاي ۋە تۇڭگانلارغا غالىب كەلگەن بولساقمۇ، كېيىن ساناقلىق تۇڭگاننىڭ قولى بىلەن قىزىل رۇسلەر ھەممىنى مەغلۇپ قىلدى. جاھان قىزىل رۇسقا قالغان مانا شۇ خەتەرلىك چاغدا بەختىمىزگە قانخور يۇسۇفجاندىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، ئورۇسلارغا تۇتۇپ بېرگىلى بىزنى ئىزدەپ يۈرگەن خوجانىياز ھاجىمدىنمۇ قۇتۇلدۇق.

ئەمدىكى نۆۋەت قىزىل يەجۇجلەر، كوممۇنىزم مەجۇجلىرىگە قالدى. بۇ بالا ئۆتكەنكى بالالارنىڭ ھەر قاندىقىدىن دەھشەتلىك ئىدى. ئالالاھ ئۆزى ساقلىمىسا بۇ بالادىن ساقلىنىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەمدى بىزگە ھىمالايا تاغلىرىدىن ئېشىپ جاننى چەتكە ئېلىشتىن باشقا چارە يوق ئىدى. بەدەخشان يولىنىڭ قاچاقچىلىرى بىلەن پۈتۈشەلمەي، ھەر تەرەپكە باش ئۇرۇپ باقتۇق. نەھايەت، ھىندىستان كارۋانباشلىرىدىن بولغان ئەسلى ئافغان مۇھەممەد ئۆمەرخان باي بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭدىن كەشمىرگە بارىدىغانلىقىمىزنى، بىزنى بىر ئىلاج قىلىپ ئائىلىمىز بىلەن باش كارۋانغا قوشۇپ يولغا سېلىۋېتىشىنى

www.uyghurweb.net

ئۆتۈندۇق. بۇ باي بىزنىڭ دۆلەت خىزمىتىنى قىلىۋاتقان ئادەملەر ئىكەنلىكىمىزنى بىلەتتى. ئۇ: «ئەپەندىم، سەپەر چىقىمىغا خېلى پۇل لازىم» دېدى. مەن ئەپسۇسلانغان ھالدا، قولۇمدا بىر ئات ۋە بىر خىچىردىن باشقا ھېچقانداق سەپەر تەييارلىقى يوقلىقىنى ئېيتتىم. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭدىن قولىمىزدا ئىككى دانە تاپانچا بارلىقىنى يوشۇرماي: «سوفىي بېك ھاجىنىڭ قولى بىلەن سىزگە تاپشۇرۇلغان ئامانەتتىن باشقا يەنە لوندون ماركىلىق، 31950 نومۇرلۇق بىر ئالتۇن تاپانچا ھازىر يېنىمدا» دېدىم مەن. ئۆمەر باي بۇنى ئاڭلاپ: «بۇ قوراللارنى نېمە قىلىسىز؟ ئەپەندىم»، دېدى. مەن:«چۈيۈن تاپانچىنى خېرىدار بولسا ساتىمەن، بولمىسا تاشلاپ كېتىمەن. ئەمما ئالتۇن تاپانچىنى 35 دانە ئالتۇن ئوقى بىلەن ساقلاپ، ئىنگلىز ھۇدۇدىغا بارغاندا ئوقلىرىنى كۆمۈپ تاشلاپ، تاپانچىنى سۇندۇرۇپ ئالتۇنىنى چىقىرىپ، زەرگەرگە سېتىپ يول چىقىمى قىلىمەن» دېدىم.

مۇھەممەد ئۆمەر باي: **«**دۆلەتكە ساداقەت بىلەن خىزمەت قىلغانلار شۇنداق قۇرۇق قول چىقىدۇر»، دېگەن ئىدى، شۇ ھامان زىيا پاشانىڭ بۇ مىسرالىرى ئېسىمگە يەتتى:

دەردە ئوغرار كىم ساداقەت ئەتسە ئەلبەت دۆلەتە،
ئىستىقامەت مەھزى جەننەتتۇر بۇ مۈلكۈ- مىللەتە.
تەرجىمەسى:
كىم دۆلەتكە سادىق بولۇر دەرد تاپقۇسى ئۆزىگە،
پۇقەرالىقتا ياشىماق كىرمەك جەننەت ئۆيىگە.

ئۇ شۇنداق دېگەندىن كېيىن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ: «ئەپەندىم! ئالتۇن تاپانچىنى ماڭا كىرا ھەققى ئورنىدا بىرسۇنلەر، ئاتچىلىرىم سىزنى كەشمىرگە يەتكۈزۈپ قويسۇنلەر. بىر ھەپتە ئىچىدە، ئاۋغۇست ئېيىنىڭ باشلىرىدا جۆرە باي كارۋانبېشى بولۇپ، 46 ئات يۈك بىلەن قارغىلىقتىن يولغا چىقىدۇ. ئۆزلىرى شۇلار بىلەن بىرگە مېڭىشقا ھازىرلانسۇنلەر**»** دېدى. مۇھەممەد ئۆمەر بايدىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىمدىن قۇلاقلىرىمغا ئىشەنگۈم كەلمەي قالدى. «خان ساھىب! مەن مۇشۇ دەقىقىدە ھازىرمەن، ئالتۇن تاپانچا جانابلىرىغا مۇبارەك بولسۇن، بۇنداق ئۇلۇغ سەپەر بىزگە مۇبارەك بولسۇن»دېدىم مەن. بىز شۇنداق قىلىپ يولغا چىقتۇق. شەھەردىن چىققۇچە قەلئە دەرۋازىۋەنلىرى توسقان ئىدى، يول خەتنى كۆرسىتىپ ئۆتتۇق. دەريا بويىغا بارغاندا چېگرا ساقلاۋاتقان ئەسكەرلەر: «بۇ يەردىن قۇش ئۇچۇپ، ئادەم مېڭىپ ئۆتەلمەيدۇر»، دەپ بىزنى قايتۇرۇۋەتتى. بۇ چاغدا ئېسىمگە شاكىر ئاخۇننىڭ يېزىپ بەرگەن تەۋسىيە خېتى كېلىپ، دەرھال ئات چاپتۇرۇپ پولات تېگجاڭنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا تەۋسىينى كۆرسەتتىم. ئۇ كاتىبىغا بۇيرۇق قىلىپ بىزگە يول خېتى قىلدۇرۇپ، بادامچە تامغۇسىنى بېسىپ بەردى. بىز دەريا بويىغا كەلدۇق. قىزىل ساقچىلار تامغۇغا سالام بېرىپ، بىزگە ئىجازەت بېرىشتى. دەريانىڭ ئۇ قېتىغا قېيىق بىلەن ئۆتتۇق. قىرغاققا چىقىپ تۇرۇشىمىزغا تۇڭگانلارغا تۇتۇلۇپ قالدۇق. ئۇلار بىزنى قارغىلىقتىكى باش قوماندانلىرىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. ئۇلار بىزنى كۆرۈپ: «كىم سىلەر؟ نېمە ئۈچۈن كەلدىڭلار؟ نەگە بارىسىلەر؟» دەپ سوراشتى. مەن بىزنىڭ سودىگەر ئىكەنلىكىمىزنى، باينىڭ ئاتچىلىرى بىلەن ھەجگە كېتىۋاتقانلىقىمىزنى ئېيتتىم. ئۇلار گېپىمگە ئىشەنمەي كارۋان بېشىنى چاقىرتىپ كەلدى، جۆرە مېنىڭ سۆزلىرىمنى تەستىقلىغاندىن كېيىن بىزگە ئىشەندى. ئۇلار بىزگە: «بۇ ئادەملەر سودىگەرلەر، ئات ۋە ماللىرىغا، خورجۇنلىرىغا دەخلى قىلىنمىسۇن، بەيتۇللاھقا بارىدۇ**»** دەپ يول خېتى يېزىپ بېرىپ بىزنى جۆرە بايغا تاپشۇردى. بىر- ئىككى كۈن سەپەر

تەييارلىقى قىلىپ يىپەك، كىگىز ۋە باشقا تۈرلۈك ماللار يۈكلەنگەن 46 ئات بىلەن يولغا چىقىپ، قارغىلىقتىن ئايرىلدۇق. ئايالاردىن بىرى ئارزۇ قىلغان، جانابى ھەقتىن ھەممىشە ناله ۋە زار بىلەن تىلىگەن مۇبارەك سەپەرگە ئاتلاندۇق.

1934- يىلى 8- ئاينىڭ 8 - كۈنى قارغىلىقتىن يولغا چىقىپ كارۋان بىلەن تەڭ بەزى داۋانلارنى قوتاز بىلەن، بەزىلىرىنى قېچىر بىلەن باستۇق. ھىمالايا تاغلىرى كەبى دۇنيانىڭ ئەڭ ئېگىز تاغلىرىنى ئات بىلەن باستۇق. گاھ قار تەكتىدە قالدۇق. گاھ سۇسىز قالدۇق. دەپسىن داۋاندا ھاۋانىڭ يوقلۇقىدىن گۈرۈچ پىشماي غىزاسىز قالدۇق. سەسى داۋاندا يولنى مۇز قاپلاپ كەتكەچكە ماڭالماي، بىر- ئىككى كۈن يول ئېچىلىشىنى كۈتتۇق. بىز ئاخىرى مىڭ بىر مۇشەققەت بىلەن «پاناموغ» دېگەن بىر جايغا كەلدۇق. بىز بۇ يەردە ئاللاھنىڭ نېمىتىگە نائىل بولدۇق. ئۇ بولسىمۇ بۇ يەردە بىر تەبىئىي ئىسسىق بۇلاق بولۇپ، بىز بۇلاقنىڭ سۈيىدە باش- ئاياقلىرىمىزنى چايقاپ، پاكىزىلىنىۋالدۇق. ئاللاھقا ئالقىشلار ئېيتىمىزكى، شۇنداق راھەتلەندۇق. بىز يەنە يولىمىزغا راۋان بولدۇق. يەتتىدەك ئات يول ئۈستىدە ئۆلۈپ كەتتى. يۈكلىرىمىز چۆلدە قالدى. نىھايەت 66 كۈن بولغاندا كەشمىرگە يېتىپ كەلدۇق. قولىمىزدا بىرلا ئات قالغان ئىكەن، ئۇ ئاتنى 35 رۇپىيىگە سېتىپ خەجلىدۇق. بىزدىن بۇرۇن كەشمىرگە كەلگەن، ئۆز دەۋرىدە شەرقىي تۈركىستاندا ئاكتىپ ھەرىكەت قىلغان مىللەتچىلەر، مۇنەۋۋەرلەردىن بىرقىسمىنى ئۇلار كەشمىرگە كېلىپ ھېچ قانچە ۋاقىت ئۆتمەستە ھىندىستان ھۆكۈمىتى تۇتۇپ ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بېرىپتۇر. شۇ جۈملىدىن سېتىۋالدى جاننى گىلگىتتىن قايتۇرۇپ كاشغەرگە يولغا سېلىپتۇر. ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى لىيۇبىڭ سىلىڭ سېتىۋالدىجاننى كاشغەر يېڭى شەھەردە ئاشكارا ئېتىپ ئۆلتۈرۈپتۇ. بۇ سوغۇق خەۋەرنىڭ ئاۋازى كەشمىرگىمۇ كەلدى. بۇنى ئىشتكەن ھامان ھېلىغىچە كەشمىردە تۇرۇۋاتقان سۇلتان بېك ئۆزى يالغۇز بىر كېچىدىلا كەشمىردىن غايىب بولدى. ئاڭلىساق، بومباي يولى بىلەن ھىجازغا كېتىپتۇر. بۇ ئېچىنىشلىق ۋەقەلەر ھەممىنى ھۈركۈتۈپ، بىر چوقۇپ ئون قارايدىغان قىلىپ قويدى. بىزلەرمۇ ئىشىمىزنى ياراتقاننىڭ ئۆزىگە تاپشۇرۇپ، شۇ زەھمەتلىك، مۇشەققەتلىك سەپەرنى قايتا كۆزگە كۆرسەتمىگىن يارەب دەپ يىغا- زارە قىلىپ، تەقدىرنىڭ ياخشى كۈنلىرىنى كۈتۈپ كەشمىردە ئىجارىگە ئۆي ئېلىپ تۇردۇق.

شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىنىڭ ئاقىۋىتى

نۆۋەتتە، شەرقىي تۈركىستاندا بىر تۈرلۈك مۇختارىيەت (ئاپتونومىيە) شەكلىنى ئالغان، ئىچكى ئىشلاردا ئانچە- مۇنچە ئەركىن بولغان بىلەن تاشقى ئىشلار بىلەن ئالاقىسى يوق، ئۆمرى قىسقا قورچاق ھۆكۈمەت دەۋرى باشلاندى. بۇ ھۆكۈمەتنىڭ نامى خىتاي ھۆكۈمىتى، ئەمما ماھىيەتتە رۇس ھۆكۈمىتى ئىدى. رەھبەرلەر رۇسلاردىن، تېخنىك، ئىنژىنىرلار رۇس، ئەسكەرلەر، قوماندانلار، گېنېراللار رۇس، مۇئەللىملەر رۇس، بارچە ھەربىي ۋە غەيرىي ھەربىي كۈچلەر روسلارنىڭ قولىدا بولۇپ، بىر خىتاي ئۈرۈمچىدە خۇددى قورچاقنىڭ ئورنىدا رەئىس بولۇپ تۇراتتى، ئەمما ئۇنىڭ چۇلۇۋۇرى رۇسلارنىڭ قولىدا ئىدى. شۇ چاغدىكى ئۈرۈمچى ۋە ئۇنىڭ رەئىسىنىڭ پوتوكوفىيىسى (ئەينى ھالىتى) شائىرنىڭ تۆۋەندە ئېيتقانلىرىغا تولىمۇ ماس كېلىدۇ:

مەن دىلدىن سورىدىم ھالىڭ قانداق؟ دەپ،<br>
بىچارە، قان يىغلاپ قالدى ئۈمچەرەپ.

www.uyghurweb.net

ئاخىرى ئېيتتىكى، قانداق بولماقچى؟
ياشىغان مەندەكلەر ئۆزگىلەرنى دەپ.

خوجا نىياز غازى ئاتىنىڭ خىتايلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشى

مۇسۇلمانلار بىر- بىرلىرى بىلەن ئىتتىپاق بولغان چاغلىرىدا ھەرقاچان ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە نۇسرىتىگە نائىل بولۇپ، بىرلىك كۈچى، ئىمان كۈچى بىلەن غەلىبىدىن غەلىبىگە ئېرىشىپ، خىتايلارنى ئۇسال ھالغا چۈشۈردى. كېيىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىغا ئىختىلاپ چۈشتى. بۇنىڭدىن پايدىلانغان خىتايلار دېمىنى ئېلىشقا باشلىدى-دە، رۇسلارغا يان بېرىپ، ئۇلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى. خىتايلار بۇ ئىتتىپاقتىن كېيىن رۇسلاردىن ئالغان ياردەملەر تۈرتكىسىدە تېخىمۇ كۈچەيدى. رۇسلارنىڭ ئۇلارنى ماددىي ۋە مەنىۋىي جەھەتلەردىن قوللاپ، قوۋۋەتلىشى ۋە يول كۆرسىتىشى ئارقىسىدا خىتايلار تۈڭگانلار بىلەن تۈركلەرنىڭ ئارىسىنى بۇزۇشقا مۇۋەپپەق بولدى. مانا شۇنىڭ بىلەن خوجانىياز ھاجى بىلەن تۈڭگانلارنىڭ ئارىسى بۇزۇلدى. ئۇلار يارىشىۋېلىشى مۇمكىن بولمايدىغان دەرىجىدىكى دۈشمەنلەرگە ئايلىنىپ كەتتى. بىر- ئىككى قېتىملىق ئۇرۇش مەيدانىدا تۈڭگانلار غالىب، خوجانىياز ھاجىم مەغلۇپ بولۇپ خىلىلا ھالىدىن كەتتى. شۇنداق بىر پۇرسەتنى كۈتۈپ تۇرغان خىتايلار خوجا نىياز ھاجىم بىلەن دوستلۇق ئالاقىسى ئورنىتىشقا باشلىدى. زامانىنىڭ تەقەززاسىچە مۇزاكىرىلەر نەتىجىسىدە خىتايلار بىلەن غازى ئاتا بىر كېلىشىمگە ئىمزا قويدى. بۇ كېلىشىمنىڭ تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

خىتايلار تەرىپىدىن غازى ئاتىغا بېرىلىدىغان ياردەملەر:

**1.** مىڭ دانە مىلتىق ۋە ئۇنىڭغا كېتەرلىك ئوق،

**2.** بىر مىليون سەر پۇل، بۇنىڭ **%35** نەق، قالغان قىسمى تۈڭگانلارنىڭ سەردارى ماجۇڭيىڭنى شەرقىي تۈركىستاندىن قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىن تاپشۇرۇلادۇر.

3. خوجا نياز ھاجى چىن ھۆكۈمىتىنىڭ جەنۇبىي رايون قوماندانلىق سۈپىتى بىلەن قۇمۇل، تۇرپان، ئالتە شەھەر ۋىلايەتلىرىنى، جۈملىدىن جۇڭگونىڭ جەنۇب، غەربىي شىمال قىسمىنى باشقۇرىدۇ.

4. خىتايلار بىلەن تۈڭگانلار ئارىسىدا جەڭ بولۇپ قالسا، خوجا نىياز ھاجىم خىتايلارغا ئەسكىرىي ياردەم قىلىدۇ ياكى بىتەرەپ قالىدۇ.

بۇ كېلىشىمگە خوجانىياز ھاجىمنىڭ يېقىنلىرىدىن بەزىلەر قوشۇلمايدۇ. ئايرىلىپ چىقىپ كەتكەنلەرمۇ بولىدۇ. (يولۋاس بەگ ئەنە شۇلارنىڭ بىرىدۇ.)

خوجا نىياز ھاجى تۈڭگانلارنى شەرقىي تۈركىستاندىن سۈرۈپ چىقىرىشقا مۇۋەپپەق بولالمايدۇ. بۇنى كۆرگەن خىتايلار ياردەمنىڭ يېرىمى تارتىشقا باشلايدۇ. ئارىدا تۈزۈلگەن ئاتالمىش كېلىشىممۇ ئەمدى قۇرۇق قەغەزگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

فۇكاڭ بىتىمى

قاچاندۇر خوجا نىياز ھاجىم بىلەن تۈڭگانلارنىڭ ئارىسىغا ئىختىلاپ چۈشتى، شۇندىن باشلاپ خوجا نىياز ھاجىمنىڭ بىر دۈشمىنى ئىككى بولدى. ئۇنى بىر تەرىپىدىن خىتاي يەنە بىر تەرىپىدىن تۈڭگان گويا ئىككى تەرەپتىن قادالغان خەنجەر بولۇپ ئارىغا ئالغان ئىدى.

خوجا نىياز ھاجى بۇ قېتىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بەزى مۇشاۋىرلىرىنىڭ مەسلىھەت بېرىشى بىلەن رۇسىيە بىلەن كېلىشىم تۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. خوجا نىياز غازى ئاتىنىڭ سوۋېتلەر بىلەن كېلىشىم تۈزۈشى قارىماققا ئىككى زىياننىڭ يەڭگىلرەكىنى تاللاشتەك بىلىنسىمۇ بۇ ئىشنىڭ نەتىجىسى ئاقىۋەتتە ئايرىم ئېيتقاندا ئىستىقلالچىلارنى، بىر پۈتۈن ئېيتقاندا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى پالاكەتكە ئازگاللىغا سۆرىدى.

1932- يىلى ئاپرېل ئېيىدا فۇكاڭ دېگەن جايدا خوجا نىياز ھاجى بىلەن سوۋېتلەر ئارىسىدا مۇئاھىدە (بىتىم) ئىمزالاندى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ بىتىم «فۇكاڭ بىتىمى» دەپ ئاتالدى. بىتىمنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

1- شەرقىي تۈركىستاننىڭ چەت ئەللەر بىلەن ئېلىپ بارىدىغان سودا ۋە سانائەت ئالاقىلىرى پەقەت سوۋېتلەر روسىيىسى ئارقىلىق بولىدۇ.

2- خوجا نىياز ھاجىنىڭ سىياسىي مۇناسىۋەتلىرى پەقەت سوۋېتلەر بىلەنلا بولىدۇ، باشقا دۆلەتلەر بىلەن سىياسىي ئالاقە قىلمايدۇ.

3- شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەربىي تەلىم- تەربىيە، پەن- تېخنىكا ئىشلىرىغا كېرەكلىك مۇئەللىملەر، قوماندان- يېتەكچىلەر، مائارىپ ۋە ئاقارتىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا يېتەكچىلىك قىلىدىغانلار، دوختۇرلار، مېتال ئايرىش، كان ئېچىش ئىشلىرىدىكى تېخنىك- مۇتەخەسسىسلەر ۋە شۇلارغا ئوخشاش بارلىق ئىشلاردىكى ئىلمىي يېتەكچىلەر پەقەت سوۋېتلەردىن بولىدۇ. بۇلارنى باشقا دۆلەتلەردىن تەلەپ قىلىشقا بولمايدۇ. خوجا نىياز ھاجىنىڭ ھەرقانداق تەلىپى سوۋېتلەر تەرىپىدىن قاندۇرۇلىدۇ.

يۇقىرىقى شەرتلەر ئاستىدا سوۋېتلەر خوجا نىياز ھاجىمغا ئېھتىياجلىق قوراللارنى بېرىدۇ، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن ياردەم قىلىدۇ. خوجا نىياز ھاجىمنىڭ دوستىغا دوست، دۈشمىنىگە دۈشمەن بولۇپ، ھەر قانداق ئىشتا زىچ ھەمكارلىشىدۇ. كېرەك بولغان چاغدا ھەربىي ياردەملىرىنى ئايىمايدۇ. بۇ بىتىم بويىچە سوۋېتلەردىن بېرىلىدىغان بىرىنچى ياردەم مىڭ (1000) دانەدىن ئارتۇق مىلتىق ۋە ئوق، نەچچە مىڭ تال قول بومبىسى، بىر نەچچە يۈز تال تاپانچا.

بۇ قوراللارنىڭ ھەممىسى ساۋېت ماركىلىق، كېيۋ قورال زاۋۇتىدىن چىققان قوراللار ئىدى.

## ئەركەشتام زىيارىتى

خوجا نىياز ھاجىم كاشغەردىن چېكىنگەندىن كېيىن ئۇدۇل ئەركەشتامغا بارىدۇ. ئۇ بۇ يەردە رۇسلار بىلەن تۈزۈشكەن يۇقىرىقى بىتىمگە كۆرە، ئۇلاردىن ياردەم تەلەب قىلىدۇ. رۇسلار خوجا نىياز ھاجىمغا بېرىلگەن ۋە بېرىدىغان قوراللار بەدىلىگە ئالتۇن ئاقچا تەلەب قىلىدۇ. خوجا نىياز ھاجىم خەزىنىچىسىنىڭ قولىدىكى ھەمدە كاشغەر مالىيىسىدىن ئالغان ئالتۇنلارنى، خوتەن مۇجاھىدلىرىدىن ياركەنتتە ئالغان نەچچە مىڭ سەر ئالتۇننىڭ ھەممىسىنى ئەركەشتامدا روسلارغا تاپشۇرىدۇ (بىر سەر ئالتۇن ئۈچ يېرىم دانە موسكۋا ئالتۇنىغا تەڭ كېلەتتى). روسلار ئالتۇنلارنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ بولۇپ، خوجا نىياز ھاجىمغا قوراللار موسكۋادىن كەلگۈچە كۈتۈپ تۇرۇشنى ئېيتىدۇ، بۇ چاغدا خوجا نىياز: «ئالتۇنلارنى تاپشۇرۇپ بولساقمۇ قوراللارنى نېمىشقا بەرمەيسىلەر؟» دەيدۇ، رۇسلار ئۇنىڭغا: «سىزلەر فۇكاڭ بىتىمگە خىلاپلىق قىلىپ، كاشغەردە ئىستىقلال ھۆكۈمىتىنى قۇردۇڭلار» دەيدۇر. خوجا نىياز ھاجى: «ئۇنى مەن قۇرمىدىم، ئۇلار ئۆزلىرى قۇردى» دەيدۇ. رۇسلار: «ئۇنداق بولسا، ئىستىقلالچى ۋە مىللەتچىلەرنى، خوتەن ھۆكۈمەت كىشىلىرىنى يوقىتىش

بىتىم مەزمۇنى بويىچە  سىزنىڭ ۋەزىپىڭىز» دەپ ئۇنىڭغا قولغا ئېلىنىشى كېرەك بولغان ئون بىر (11) نەپەر ئادەمنىڭ رويخېتىنى تاپشۇرىدۇ. ئەركەشتام زىيارىتى مانا شۇنداق ئاياغلىشىدۇ.

نەتىجە شۇ بولدىكى، فۇكاڭ بىتىمگە كۆرە، قورال ئۈچۈن روسلارغا بېرىلگەن ئالتۇنلار ئۇدۇل موسكۋاغا ئەۋەتىلدى. بۇ ئالتۇنلار بەدىلىگە خوجانىياز ھاجىغا بېرىلىدىغان قورال- ياراق، ئوق- دورالار موسكۋادىن كېلىدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن خوجا نىياز ھاجىمنىڭ ئۈمىدى سۇغا چىلاشتى. ئالتۇنلار موسكۋا خەزىنىسىگە چۈشۈپ كەتتى. ئالتۇنغا ئائىت يەنە بىر ۋەقە مىللىي مۇختارىيەت دەۋرىدە كاشغەردە مەھمۇد سىجاڭ تەرىپىدىن بىر مۇنچە زىخ ئالتۇن توپلاندى. بۇ ئالتۇنلار تۆت ئەسكەرنىڭ ھىمايىسىدە ئەھمەد پاختا ۋە قاسىم ئاخۇنلارنىڭ قولى بىلەن تاشكەنتكە ئەۋەتىلدى. بۇلار ئالتۇننى ئېلىپ ئەركەشتام، ئوش، ئەندىجان يولى بىلەن تاشكەنتكە باردى. ئۇلار شۇ يەردىكى سوۋېت ۋاكالەتخاناسىغا ئالتۇنلارنى تاپشۇردى. روسلار ئالتۇنلارنى ئالغاندىن كېيىن ئۇلارغا ھۆججەت يېزىپ بەردى. ئەھمەد پاختا ۋە قاسىم ئاخۇنلار ۋەزىپىنى ئۇتۇقلۇق ئادا قىلغان بولۇپ، كاشغەرگە قايتتى. ئەمما ھېلىقى ئالتۇنلارنىڭ ئورنىغا ھىلىغا قەدەر كاشغەرگە قورال ۋە يا باشقا ئەسكىرىي لازىمەتلىكلەردىن ھېچ قانداق نەرسە كەلگىنى يوق. شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەققىي ۋارىسلىرى بىر كۈن بولمىسا بىركۈن قايتا مەيدانغا چىقسا، ئۆزلىرىنىڭ ئەنە شۇ سوراقسىز قالغان تەبىئىي ھەق (ئالتۇن) لىرىنى سۈرۈشتە قىلىپ ئۇنى ئۆز قوللىرىغا قايتۇرۇپ ئالىدۇ. ھازىرچە تارىخقا يېزىش بىلەن چەكلىنىمىز، خالاس.

ئەمەلىيەتتە، روسلارنىڭ بۇ خىلدىكى ئويۇنلىرى ئۇلارنىڭ تارىخىدا بولۇپ كېلىۋاتقان ئىشلاردىندۇر. مىسالغا ئالساق، 1935 ـ 1937- يىللىرى ئىسپانىيىدىكى ئىچكى ئۇرۇش دەۋرىدە جۇمھۇرىيەتچىلەر موسكۋاغا بەش يۈز مىليون 500،000000 ئامېرىكا دوللىرى قىممىتىدىكى ئالتۇننى ئامانەت قويغان (خۇددى مۇشۇككە جىگەر ئامانەت قويغاندەك). موسكۋا دۆلەت كىشىلىرى زور خۇشاللىق بىلەن بۇ ئالتۇنلارنى قوبۇل قىلغان، كېيىن ئىسپانىيىدە ئىچكى ئۇرۇش ئاياغلىشىپ، ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىسپانىيە ھۆكۈمىتى روسلاردىن ئامانەت ئالتۇنلارنى قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلغان، بىراق رۇسلار كۈتمىگەن يەردىن ئۇ ئالتۇنلارنى قايتۇرۇپ بېرىشكە ئۇنىمىغان. يېقىنقى بىر مەزگىلگە كەلگەندە ئىسپانىيە موسكۋادىن ھېلىقى ئالتۇنلارنى يەنە تەلەب قىلغان. يەنە بۇ قېتىممۇ رۇسىيە مىڭ بىر باھانىلەرنى كۆرسىتىپ ئالتۇنلارنى بىرمىگەن. رۇسلار ھەر ماكان ۋە ھەر زەماندا ئاشۇنداق ئالا كۆڭۈللۈك قىلىپ كەلگەن.

ئەي تۈركىستانلىقلار! ئەي مۇسۇلمانلار! كۆزۈڭنى ئاچ! روسلارنىڭ ئويۇنلىرىدىن ئاگاھ بول! ئالدانما!

خوجا نىياز ھاجىم ئەركەشتامدىن قايتقاندىن كېيىن ئۇدۇل ياركەنتكە كەلدى. ئۇ ياركەنتكە كېلىپ خۇددى ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا مالىمانچىلىق پەيدا قىلىپ، بۇ يەردە تۇرۇۋاتقان كاشغەر ئىستىقلال ھۆكۈمىتىگە مەنسۇپ كىشىلەرنى تۇتقۇن قىلىشقا باشلىدى. تۇتۇلغان كىشىلەرنى ئۇدۇللۇق ئۇرۇمچى ھۆكۈمىتىگە تاپشۇردى. ئۇرۇمچى ئۇنى بۇ تۆھپىلىرى بەدىلىگە باشتا بىر ئاز باقتى، كېيىن ياقتى.

خوجا نىياز ھاجىم خىتايلار بىلەن تۈزگەن بىتىمدىكى تەلەپ بويىچە تۇڭگانلارنى يېڭەلمىگەندىن كېيىن بۇ بىتىم كۈچتىن قالدى. يېتىم ھالەتتە قالغان خوجا نىياز ھاجىم رۇسلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى. روسلارنىڭ دوستى بولغان جىڭ شۇرىننىڭ ئوبدان خەۋىرى بار، پۇختا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بۇ ئىتتىپاق نەتىجىسىدە خوجا نىياز ھاجىم پۈتۈنلەي چەمبەر ئىچىگە ئېلىندى.

مانا شۇنداق ۋەزىيەتتە، بىر تەرەپتىن  روسلارنىڭ ھەربىي ۋە تېخنىكا كۈچىنىڭ قىزىقتۇرۇشى، يەنە بىر تەرەپتىن خىتايلار تەرەپتىن كېلىۋاتقان كۈچلۈك خىرىس تۇڭگانلارنىڭ مەشھۇر قوماندانى گاسىلىڭ (ماجۇڭيىڭ) نى رۇسىيىگە جەلپ قىلدى. گاسىلىڭ دەرھال ھاۋا يولى بىلەن تاشكەنتكە چۈشتى.

www.uyghurweb.net

گاسلىڭنىڭ ئىنىسى ماخۇسەن بولسا، خوتەننى ئىشغال قىلدى. ئۇ خوتەننى ئۆرۈمچى ھۆكۈمىتىنىڭ نامىدا ئىككى يىلچە سورىدى. ئۆرۈمچى بولسا، ئاستا - ئاستا ۋىلايەتلەرنى كوممۇنىستلاردىن سايلىدى. مۇھىم ئىش ئورۇنلىرىغا كوممۇنىستلار كەلتۈرۈلدى. بۇنىڭ بىلەن روسلارنىڭ ئىستىلاچىلىق غەرىزى ئاشكارا مەيدانغا چىقتى. بۇ چاغقا كەلگەندە تۇڭگانلار ئۆزلىرى پەيدا قىلغان ۋولقانغا ئۆزلىرى يىقىلغان ئىدى. شۇندىن باشلاپ جانىجان ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان روسلارنىڭ قولى ۋە كۈچى بىلەن يەنە خىتايلارنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا قالدى.

بۇ يېڭى ھاكىمىيەتنىڭ ھەرخىل يوللار بىلەن تۈيدۈرماي زەربە بېرىشى ئارقىسىدا مەھمۇد سىجاڭنىڭ كاشغەردىكى قورچاق مۇختارىيەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆمرىمۇ ئانچە ئۇزۇنغا بارالمىدى. مىللەتچى كۈچلەر، ئىنقىلابچىلار، ھۆرىيەتچىلەر ھەرخىل زىيابەت ۋە يىغىنغا چاقىرىش باھانىلىرى بىلەن ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىنىپ ھەممىسى جىنىدىن جۇدا قىلىندى. ئۇنداق بولماي قالغاندىمۇ سۈرگۈن قىلىندى. مەيدان يەنە خىتايغا قالدى. گەرچە يۇرتنى سوراۋاتقىنى خىتايلار بولسىمۇ ئۇلارنى پەردە ئارقىسىدا باشقۇرۇۋاتقانلار رۇسلار ئىدى. بارا- بارا پەردە كۆتۈرۈلدى. رۇسلار ئۆز مەقسەتلىرىنىڭ ئوبدانلا ئىشقا ئېشىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، بىر ئاز جانلىنىپ تېخىمۇ ئاشكارا ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى. ئەمدى شەرقىي تۈركىستاندا خىتايغا قارشى تۇڭگانمۇ قالمىغان، مىللەتچىلەرمۇ قالمىغان، خوجا نىياز ھاجىممۇ قالمىغان ئىدى. ئۇلار ھەممە يەرنى ئۆز ئىتلىرى بىلەن ئوۋلاپ، لىمۇنلىرىنى سىقىپ سۈيىنى ئالدى، پۇچاقلىرىنى ئاتتى، پەقەت ئاندا- ساندا يىراقنى كۆرەر بولغانلار ئۆزىنى سىرتقا ئالالىدى. دوختۇر مەجىددىن بېك، مەھمۇد سىجاڭلەر ئەنە شۇنداق قىلغانلاردىندۇر. 1937- يىلى مەھمۇد سىجاڭ ھىجازغا كەتتى.

شەرقىي تۈركىستان تۈركلىرىنىڭ ئويغىنىشى بىلەن 1931- يىلى مەيدانغا كەلگەن ئىنقىلابىنىڭ مېۋىسى سۈپىتىدە قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت كىشلىرى ئۆزلىرى ئىگىلەپ تۇرغان ماددىي ۋە مەنىۋى كۈچنى لايىقىدا ئىشلىتەلمىدى ياكى ئىشلىتىشنى بىلمىدى. خەلق بولسا مېلى بىلەن، قېنى بىلەن پىداكار بولۇپ، مەيدانغا چۈشتى. يولباشچىلىرىغا جانلىرىنى، قانلىرىنى پىدا قىلدى. ئەمما يولباشچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىدارسىزلىقىدىنمۇ ياكى دۈشمەنلەرنىڭ ھەر جەھەتتە كۈچلۈك كېلىپ قالغانلىقىدىنمۇ ۋە ياكى باشقا سەۋەبلەردىنمۇ ئېيتاۋۇر ئاللاھ يولىدا، ۋەتەن ئۈچۈن ئۆلسەك شېھىد، ئۆلتۈرسەك غازى دەپ بايراق كۆتۈرگەن مىللەتنىڭ ۋۇجۇدىدىن، قېنىدىن لايىقىدا پايدىلىنالمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ تېز پارلىغان بۇ يۇلتۇز يەنە تېز ئۆچتى. ھاكىملەر ئەسىر بولدى، ئەسىرلەر ھاكىم بولدى. نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولدى، دېسىڭىز، ئاللاھنىڭ ئىرادىسى شۇ ئىكەن، شۇنداق بولدى.

سىياسەت ئويۇنلىرىنىڭ تۈرى شاخمات ئويۇنىدىنمۇ كۆپ بولىدۇ. بۇ ئويۇندا بىر ئويۇنچى يەنە بىر ئويۇنچىنىڭ نېمە ئويۇن ئويناۋاتقانلىقىنى بىلمەي قالىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش موسكۋا- ئۈرۈمچى ئوتتۇرىسىدىكى كىلىمات بىراقلا ئۆزگىرىپ، موسكۋا خىتايغا بېرىپ كېلىۋاتقان ياردەمنى توختاتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ كۈچى ئاجىزلىدى-دە، دەرھال ئىچكى سىياسەتنى بوشاتتى، ئالتە شەھەرنى ئالتىگە تەقسىملەپ، ھەممىسىنى ئىچكى مۇستەقىللىققا ئىگە قىلىپ، ئۆزى خاھلىغانچە ھۆكۈمەت قۇرۇش ئىمتىيازىنى بەردى. مۇنداقچە ئېيتقاندا مۇختارىيەت بەردى. بۇ يېڭى ۋەزىيەتتىكى مەمۇرى تەقسىمات تۆۋەندىكىچە بولدى:

1 . خوتەننىڭ ۋالىلىقىغا ماخوسەن بەلگىلەندى. چىن (جۇڭگو)، تىبەت چېگرىلىرىغاچە بولغان زېمىن ئۇنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىدە بولدى.

2 . ياركەنت ۋىلايىتىگە پولات تېڭجاڭ ۋالى بولدى، يېڭىسارغا غافىر تېڭجاڭ ھاكىم بولدى.

www.uyghurweb.net

3 . ئاقسۇ، قارا شەھەر ۋىلايەتلىرىگە سالىھ لۇيجاڭ بەلگىلەندى.
4 . قۇمۇلغا يولۋاس بەگ بەلگىلەندى،
5 . كاشغەر، تاشقورغان، رۇسىيە چېگرىسىغىچە بولغان زېمىننى ئىدارە قىلىش ھوقۇقى مەھمۇد سىجاڭغا بېرىلدى.
6. ئالتايغا قازاقلاردىن شەرىپخان بەلگىلەندى.

خوجا نىياز ھاجىم بولسا، ئۆرۈمچىدىكى خىتاي رەئىس (شېڭ شىسەي) گە مۇئاۋىن رەئىسلىك تەختىگە ئولتۇردى. ئەمدى گاھ خوجا نىياز ھاجىم نامىدىن، گاھ خىتاي رەئىس نامىدىن پەرمانلار چىقىپ تۇرىدىغان بولدى.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، مۇختارىيەت ھوقۇقى بېرىلگەن ھەر قايسى ۋىلايەتلەر بولۇپمۇ كاشغەر ۋىلايىتى ئىچكى ئىشلاردا خىلى ئەركىن ھەرىكەت قىلدى. ئۆرۈمچىدىكى خىتايلار بۇلارنى ئۆز يولىغا قويۇپ غەپلەتتە قالدۇرۇش سىياستى بىلەن ئىدارە قىلىۋاتاتتى. بۇ ئەھۋال خىلى بىر مەزگىل شۇنداق داۋام قىلدى. تۆۋەندە ئەنە شۇ مۇختارىيەت دەۋرىدە كاشغەر مەتبۇئاتلىرىدا بېسىلغان قەھرىمانلىق شېئىرلىرىدىن ئوقۇرمەنلەرگە نەمۇنىلەرنى كۆرستىمىز:

تاشكەنت ئەدەبىياتىدىن:
يار ئىشكىڭدە كىم بار، بىلدىڭمۇ؟ بىلمىدىڭمۇ؟
چىرتار ئىشىك ۋاپادار بىلدىڭمۇ؟ بىلمىدىڭمۇ؟
ۋەسلىڭ تىلەپ تۇرار يار بىلدىڭمۇ؟ بىلمىدىڭمۇ
خىزمەت قىلىشقا تەييار بىلدىڭمۇ بىلمىدىڭمۇ؟

يار ئىشكتە مۇئەتتەل تۇر دىلبەرىم خەۋەر ئال،
ئاشىقنىڭ ئېتىقادۇ- ئىخلاسىگە نەزەر سال،
سوغا قىلىپ كىتۈرمىش باشىڭگە شاھى رۇمال،
ئال ئىلكىدىن، ئوراپ ئال بۇ ساڭا بەختۇ- ئىقبال،
ئېيتىشكە كەلدى «يار-يار» بىلدىڭمۇ؟ بىلمەدىڭمۇ؟

خالىڭنى نۇقتە قىلغىل ئىشقىم رىسالەسىگە،
ئەھدىڭنىڭ دەفتەرىن ئاچ ھۆسنۇڭنىڭ ۋالەسىگە،
بۇلبۇلگە ئۇرگەت ھېچ قويما نالەسىگە،
كاشغەر شەرابىدىن قۇي چۇستى(چىلىڭ) پىيالەسىگە
بولدۇم بۇ مەيگە خۇممار بىلدىڭمۇ؟ بىلمىدىڭمۇ؟

كاشغەر مەتبۇئاتىدا يېزىلغان ياندۇرما:
تۇرما ئىشكتە ئەي مار! بىلدىڭمۇ؟ بىلمىدىڭمۇ؟
سەن بىزگە خەۋفلى ئەغيار، بىلدىڭمۇ؟ بىلمىدىڭمۇ؟
سۈرتۈنمە بىزگە خۇنخۇار، بىلدىڭمۇ؟ بىلمىدىڭمۇ؟

www.uyghurweb.net

چىرتىپ(چېكىپ) ئىشىك، نىمەڭ بار، بىلدىڭمۇ؟ بىلمىدىڭمۇ؟
ۋەسلى ساڭا نەدەركار، بىلدىڭمۇ؟ بىلمىدىڭمۇ؟
كۆكسىڭگە داغ سالغان گىتلىر شتاب(ھۇجۇم) بىن ئويلا،
زۇلمىڭدا ئارقاداشىم تارتقان ئازائىبىنى ئويلا،
چىقماققا يوق ئىلاجى، باغرى كەبابىن ئويلا،
بەند ئولسە قەيسى جانلىق ھالى خەرابىن ئويلا،
قەيدىڭگە كىم گىرىپتار بىلدىڭمۇ؟ بىلمىدىڭمۇ؟
سالمە نەزەر بەدىڭنى بۇ تۈرك ئۆلكەسىغە،
باقمەيدى ئىمدى ھېچكىم موسكۋا رىسالەسىگە،
قونماقچىسەنمۇ شۇم زاغ باغىمنىڭ لالەسىگە،
تولسۇن ئەجەل شارابى ئۆمرۈڭ پىيالەسىگە،
ئىچ، قايتا بولما خۇمار، بىلدىڭمۇ؟ بىلمىدىڭمۇ؟

باقمەيدى ئىمدى خەلقىم ئاغزىڭنى شالەسىگە،
تىكمە كۆزۈڭنى ھاسىد ساقىنى كاسەسىگە،
زەھرىڭنى ساچمە ئىمدى ئۆلكەمنى لالەسىگە،
كاشغەر شەرابى يوقتۇر چۈستى پىيالەسىگە،
يوق بىزدە سەنگە بازار بىلدىڭمۇ؟ بىلمەدىڭمۇ؟
ئەي كۆز بوياۋچى مەككار بىلدىڭمۇ؟ بىلمىدىڭمۇ؟
مەكرىڭ ھەمىشە بىكار، سەندىن ھەمىشە بىزار،
سەن بىزگە ئەسكى ئەغيار، بىلدىڭمۇ؟ بىلمىدىڭمۇ؟

## موسكۋا - ئۈرۈمچى ئىتتىپاقى

ئۈرۈمچى موسكۋا بىلەن تۈزۈشكەن بىتىمدە رۇسلار ئۇلاردىن تەلەپ قىلغان ئىمتىياز، شەرتلەرنى تولۇق قۇبۇل قىلدى. رۇسلار كۈتكەنلىرىگە ئېرىشكەندىن كېيىن يېڭى كېلىشىم بويىچە ئالتە شەھەرگە تەرەپ - تەرەپتىن ئەسكەر تۆكتى. ھەر تەرەپ روسلارنىڭ ئاق ئەسكەرلىرى، قىزىل ئەسكەرلىرى بىلەن تولدى. ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى بۇ ئەسكەرلەرنى قولچوماق قىلىپ ئىشقا سېلىپ خوتەن ۋە باشقا يۇرتلارنى تۇڭگاندىن تازىلىدى. كاشغەردىن مەھمۇد سىجاڭنى سىقىپ چىقاردى. قۇمۇلدىكى يولۋاس بەگ قۇمۇلنى تاشلاپ قاچتى. باشقىلار بولسا ئەنە شۇ قىزىل ئەسكەرلەرنىڭ شاملىدا ئۇچۇپ تۈگىدى. ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى بۇرۇنقى ۋاللىلارنىڭ، ھاكىملارنىڭ، قوماندانلارنىڭ ئورنىغا كوممۇنىست خىتايلارنى قويدى. نەتىجىدە روسلارنىڭ كۈچى بىلەن چىن(جۇڭگو) كوممۇنىستلىرى ئىش بېشىغا كەلدى. يەنە بىر تەرەپتىن كەڭ كۆلەمدە تازىلاش باشلاندى. ئەڭ باشتا خوجا نىياز ھاجىم كۆزدىن يوقىتىلدى. ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىمۇ بىر - بىرلەپ نابۇت قىلدى. ھەر بىر ئىش ۋە ھەر ئىدارىدە كۆزگە چىلىقىدىغىنى خىتاي بولسىمۇ ئەمما پەردە ئارقىسىدا ئۇلارنى باشقۇرىدىغىنى يەنىلا رۇسلار بولار ئىدى.

www.uyghurweb.net



ئۆز ۋاقتىدا تۆمۈر سىجاڭ بىلەن كاشغەرگە بىللە كەلگەن توختى لۈيجاڭغا يۈسۈفجان بىر ئىشتا ياردەم قىلغان ئىدى. يۈسۈفجان سىقىلغان چاغلىرىدا توختى لۈيجاڭ بىر كۈنى: «يۈسۈفجان ئاكا، سىز ماڭا بىر چاغدا ياخشىلىق قىلغانلىقىڭىزنى ئۇنتۇمىدىم. سىزگە قىلىدىغان ياخشىلىقىم شۇكى ئۆزىڭىزنى دالدىغا ئېلىڭ» دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە يۈسۈفجان باشتىلا تەييارلىق كۆرۈپ قويغان بولۇپ، قۇدرەتۇللاخان تۆرەنىڭ نازارىتىدە ئاتلىق ئەسكەرلىرى ۋە ئېغىر ئەشيالىرىنى تاشقورغانغا يولغا سالغان ئىدى. ئەمدى ئۇ توختى لۈيجاڭنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى بىلەن ئالدى- ئارقىغا قارىماي، يېڭىساردىن چىقىپ، تاشمىلىققا كەلدى. ئەسكەرلەر ۋە ئېغىر يۈكلەر بىلەن قۇدرەتۇللاخان تۆرە كاشغەردىن ماڭغىنىچە ئۇدۇل تاشقورغانغا كەلدى. تاشقورغاندىن ئۆتكەندە بۇ جايدىكى يەرلىك تاجىكلار ئۇلارنىڭ يوللىرىنى توستى. يول توسقان تاجىكلار ئۇلاردىن قورال تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، بۇلار قورال تاپشۇرۇشقا ئۇنىمىدى. ئۇلار ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئۆزلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، ھاردۇقلىرىنى ئېلىشىپ ئاستا - ئاستا ئافغانىستانغا قاراپ سۈرۈلدى. يول بويى پات- پات تاجىكلار ھۇجۇم قىلىپ كەلسە قورالغا قورال بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ، ساق- سەلامەت چېگرىدىن ئۆتۈپ ئافغانىستان تۇپرىقىغا قەدەم باستى. شۇ كۈنلەردە يۈسۈفجان تاشمىلىققا كېلىپ، ئۇيەردىن جەڭگەۋار يىگىتلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئۇدۇل تاشقورغانغا كەلدى. كۆردىكى ھەممە ئافغانىستانغا كېتىپ بولغان. ئۇ ھاردۇقنى ئېلىپ، ئۆزىنى تۈزەپ ئافغانىستانغا كېتىۋاتقىنىدا تاجىكلار (بىر رىۋايەتتە باشقىلار) يۈسۈفجانغا يول بەرمەي ئۇلارنى تاغ تۆپىسىدىن ئوققا تۇتىدۇ. يۈسۈفجان مۇداپىئەدىن ئاجىز كېلىپ ئەسكەرلىرى بىلەن ئارقىغا چېكىنىدۇ. ئۇ شۇ ماڭغىنىچە تەكرار تاشمىلىققا كېلىپ لەڭگەر تاشلايدۇ. توختى لۈيجاڭ يۈسۈفجاننى تەكرار قېچىشقا ئۈندەيدۇ. يۈسۈفجان ئۇنىڭغا چېگرىدىن ئۆتەلمەي قايتىپ كەلگەنلىكىنى، تاشقورغان تاجىكلىرىنىڭ ئورۇس تەرەپدارى بولۇپ كەتكەنلىكىنى، تۇڭگانلارنىڭمۇ ئورۇسلاشقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ باشلىقى گاسىلىڭنىڭ موسكۋادا تۇرۇۋاتقانلىقىنى، خوجانىياز ھاجىمنىڭ روسلارغا ئالدانغانلىقىنى، ھەممە تەرەپنى رۇس قاپلاپ كەتكەن بۇنداق چاغدا نەگە قېچىشنى بىلمەي قالغانلىقىنى ئېيتىدۇ. توختى لۈيجاڭ ئۇنىڭغا: «ئۇنداق بولسا، ئېھتىيات بىلەن تۇرۇڭ ئاكا» دەپ قويىدۇ. يۈسۈفجان بۇ چاغدا نېمە قىلىشنى بىلمەي قالىدۇ. بۇ، كاشغەردە تۇڭگانلار ھاكىمىيىتى يىقىلىپ يېڭى مۇختارىيەت ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان چاغ ئىدى. يۈسۈفجاننىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقان ھۆكۈمەت كىشىلىرى يۈسۈفجانغا ئەلچى ئەۋەتىپ بىر مۇنچە ۋەدىلەرنى قىلىدۇ. ئەزەلدىن سۆلھى دېسە خوشى يوق يۈسۈفجان سۆلھىگە كۆنۈپ ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ كاشغەرگە كىرىدۇ. ئۇ كاشغەردە مۇختارىيەت ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىرى تەرىپىدىن قىزغىن قارشى ئېلىنىدۇ. يۈسۈفجان سارايدا ئۈچ- تۆت ھەپتىلەپ ئېسىل تاماقلارنى يەپ، قىزىق ئويۇنلارنى كۆرۈپ، جەمشىتچە بەزمىلەرنى قۇرۇپ كۆڭۈل ئاچىدۇ. بىر كۈنى ھۆكۈمەتتىن يۈسۈفجاننىڭ ئاقسۇغا بېرىشى توغرۇلۇق پەرمان چىقىدۇ. يۈسۈفجان پەرمانغا كۆرە، ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ ئاقسۇغا بارىدۇ. يۈسۈفجان بۇ يەردە قوشۇننى رەتكە سېلىش، مەشىق قىلدۇرۇش بىلەن بولىدۇ. ھەربىي مەشقتە ئۇنىڭ قوشۇنىغا يېتەكچىلىك قىلغۇچىلار ئۆز دەۋرىدە يۈسۈفجان كاشغەردە گارنىزون قوماندانى بولۇپ تۇرغاندا ئۇنىڭغا ئەسكەر بولغان ھېلىقى ئاق ئورۇسلارنىڭ ئۆزى ئىدى. يۈسۈفجان بۇنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ شۇ چاغدا نادانلىق قىلغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، ئۇلارغا چاپان ياپقان قىلمىشىغا قاتتىق ئۆكۈنىدۇ. بىراق، ئەمدى بۇنىڭ پايدىسى يوق ئىدى. بىر كۈنى يۈسۈفجان كۈندىلىك ئادىتى بويىچە ئەسكەرلىرىنى مەشقلەندۈرۈپ تۇرغاندا ئۇلار تۇرۇۋاتقان مەيداننىڭ ئەتراپىنى قوراللىرىنى بەتلەشكەن ئاق ئورۇسلارنىڭ

www.uyghurweb.net

قورشاپ ئالغانلىقىنى كۆرىدۇ. يۈسۈپجان بۇ چاغدا چاققانلىق بىلەن ئىككى قولىغا ئىككى يېنىدىكى تاپانچىنى ئېلىپ، ئۇلار بىلەن ئېتىشتى. ئېتىشتا مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ يېقىن يەردىكى بىر دەرياغا ئۆزىنى تاشلاپ قۇتۇلۇپ قالىدۇ. ئۇ بۇ قېتىم قۇتۇلۇپ قالغان بولسىمۇ قىشلاقتا يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن يېرىدىن يەنە تۇتۇلۇپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. موللا ئابدۇررەھمان، مۇراد ئەلى، ئاستانىلىك مۇھەممەدجان ۋە باشقا كىشىلەرمۇ تۇتقۇن قىلىنىپ تىرىك كۆمۈلۈپ، ئۈستىگە هاك تۆكۈپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدىن نەيچى ئابدۇلفەتتاھ بىر باھانىلەر بىلەن قېچىپ قۇتۇلىدۇ.

يەنە بىر خەۋەرگە قارىغاندا يۈسۈپجان مۇختارىيەت ھۆكۈمىتى بىلەن ياراشقاندىن كېيىن يارباغ ئەتراپىدىكى بىر سارايغا ئورۇنلىشىدۇ. يۈسۈپجاننىڭ رەقىبى ئوسمان ئەلى قىرغىزمۇ تاپقان، تۇتقان قىزغىزلىرىنى توپلاپ كاشغەر مۇختارىيەت ھۆكۈمىتى بىلەن پۈتۈشۈپ ئەسكەرلىرى بىلەن يۈسۈپجان تۇرغان سارايىنىڭ ئەتراپىدا ئۆز سارىيىنى قۇرىدۇر (بۇ ئىشنىڭ ئىچ يۈزىنى ئۇرۇمچى بىلەدۇر.)

يۈسۈپجان بۇ سارايدا خۇددى قىزىل مۇختارىيەتنىڭ قىزىل جەننىتىگە كىرگەندەك، ئۆز بېشچە، ئۆز ھالىچە ئىككى ئاي ئەيش- ئىشرەت، راھەت- پاراغەت ئىچىدە ياشايدۇ. بىر كۈنى مەھمۇد سىجاڭ نامىدىن رەھبەر باگداسارو ئۈرۈمچىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە يۈسۈپجان مارالبېشىغا بارسۇن، ئەتىلا يولغا چىقسۇن، دېگەن بۇيرۇقنى چىقىرىدۇ. يۈسۈپجان بۇيرۇق بويىچە مارالبېشىغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئۇلار سېرىقبۇيىغا كەلگەندە يۈسۈپجان ئادەملىرى ئىچىدىن 22 ئادەم بىلەن بىللە نەرسە- كېرەك ئېلىۋېلىش باھانىسى بىلەن تويتىن ئايرىلىۋالىدۇ. ئادەملىرىدىن ئابدۇررەھمان ئاكا، مۆئمىن قارى قۇربېشى ۋە باشقىلار مارالبېشىغا يېتىپ بارىدۇ. بۇ يەردە ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرغان رۇس گېنېرالى يۈسۈپجاننىڭ سېرىقبۇيادا قېلىپ قالغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن دەرھال رۇس ئەسكەرلىرىنى باشلاپ كېچىلەپ يول يۈرۈپ سېرىقبۇيىغا يېتىپ كېلىدۇ. ئۇلار يۈسۈپجان تۇرغان جايىنى تۆت تەرەپتىن قورشىۋالىدۇ. ئىككى ئارىدا جەڭ باشلىنىپ، بىر كېچە- كۈندۈز ئېتىشىۋازلىق، جانبازلىق بولغاندىن كېيىن يۈسۈپجان يىگىتلىرىگە شۇنداق دەيدۇر: «ھالىمىز يا ھايات، يا مامات، سىلەردىن خالىغانلارغا دەيدىغىنىم، مەن بىلەن قالىدىغانلار ھازىر بولسۇن، ئات ۋە قورallىرىنى بىرىنچى خىلىدىن تاللاپ ئالسۇن». بۇ چاغدا ياخشى ئات ۋە ياخشى قورال بىلەن جابدۇنغان 7 يىگىت يۈسۈپجانغا پىدائىي بولۇپ چىقىدۇ. يۈسۈپجان بۇ 7 ئادەم بىلەن رۇس ئەسكەرلىرىنىڭ قورشاۋىنى بۆسۈپ چىقىپ كېتىپدۇ. بۇ يەتتە ئادەم قاياققا مېڭىشنى بىلمەي كۆرگەنلا ئادەمدىن يول سوراپ يۈرۈپ ھىندىستان يولىنى بىلگەندىن كېيىن شۇ ياققا قاراپ يول ئالىدۇ.

يۈسۈپجان ئادەملىرىنى ئېلىپ يۈرە- يۈرە بىر يەرگە كەلگەندە يەنە ئۇلارغا ئۆزى بىلەن بىللە مېڭىش- ماڭماسلىق توغرىسىدا ئىختىيار تاشلايدۇ. بۇچاغدا يۈسۈپجاندىن زېرىككەن بىر بۆلۈك يىگىتلەر ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كېتەدۇ. يۈسۈپجاننىڭ قېشىدا پەقەت ئۇنىڭ بىلەن تاغا- جىيەن تۇغقانچىلىقى بار ئىككى يىگىتلا قالىدۇ. ئەمدى ئۇلار ئۈچەيلەن بولۇپ يولنى داۋاملاشتۇرىدۇ. يول بويى نە ئاتچى ۋە نە يولباشچى يوق، پالاكەت ئۈستىگە پالاكەت تەييار تۇرىدىغان بۇ قېيىن سەپەردىن يۈسۈپجاننىڭ ھېلىقى ئىككى ھەمراھى قاتتىق زېرىكىدۇ ـ دە، ئويلىماغان يەردىن ئۇلارنىڭ نىيىتى بۇزۇلىدۇ. ئۇلار گېپىنى بىر قىلىپ يۈسۈپجاننى ئۆلتۈرۈپ ئۆلۈكىنى تاغ ئىچىگە ئەكىرىپ كۆمۈپ تاشلىغاندىن كېيىن يۈسۈپجاننىڭ يېنىدىكى ئالتۇنلارنى ئېلىپ ئۇدۇل خوتەنگە قايتىپ كېلىدۇ. ئۇلار خوتەندە يەرلىشىپ بىر مەزگىل بايۋەچچىلەردەك تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۇلارغا كىشىلەرنىڭ گۇمان نەزىرى تىكىلىدۇ. بۇلار ئۆزىدىن ئەنسىرەپ قېلىپ، دەرھال بىر ئاتچىغا يول باشلاتقۇزۇپ ھىندىستانغا بارماقچى بولۇپ يولغا چىقىدۇ. يولدا بۇلارغا يول باشلاپ ماڭغان ئاتچى بۇلاردىن گۇمانلىنىپ قالىدۇ. ئۇلار يۈرۈپ يۈسۈپجان ئۆلتۈرۈلگەن تاغ

ئارىسىغا كەلگەندە ئاتچىلار بۇ ئىككىيلەننى تۇتۇپ، باغلاپ، پىچاقلىرىنى چىقىرىپ بۇلارنى راستىنى ئېيتىشقا قىستايدۇ. ئۇلار ئاخىرى قىلغانلىرىغا ئىقرار قىلىدۇ. ئاتچىلار ئۇلارنىڭ ئىقرارىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ يېنىدىكى ئالماس، ئالتۇنلارغا ئېرىششىش ئىستىكىدىنمۇ ياكى يۈسۈفجاننىڭ قىساسى ئۈچۈنمۇ ئېيتاۋۇر بۇ ئىككىيلەننى يۈسۈفجاننىڭ ئىككى يېنىغا بىردىن ياتقۇزۇپ تىرىك كۆمۈپ تاشلايدۇر (بۇلار توقا ھاجىم ئاغزىدىن ئاڭلىغان ھېكايەت). مانا بۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى ئىيسانىڭ: «قىلىچ ئۇرغان قىلىچ بىلەن ئۇرۇلىدۇ»، دېگەن سۆزى ئەمەلىي ئىسپاتلاندى. يۈسۈفجاننى باشقىلارنىڭ قېنى تارتىپ كەتتى. خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا يۈسۈفجان مەيلى كىمنىڭ قولىدا، قەيەردە ئۆلتۈرۈلگەن بولمىسۇن بەرىبىر ئىنتىقام ئېلىندى. مەزلۇملارنىڭ ئاھى، ناھەق ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ قېنى بىرلىشىپ يۈسۈفجاننى تۇتتى. گەرچە يۈسۈفجان نۇرغۇن قېتىم تېگىشلىك ئۆلۈملەردىن ساقلىنىپ قالغان، كەنجى مىڭ بېشىنىڭ قىساسىغا كەتكىلى تاس قېلىپ قۇتۇلۇپ قالغان، كامال مەخدۇم ئۈچۈن بىر قېتىم قىلىچ يەپ، يەنە ئۆلمەي قالغان، ئومۇمەن ئۆزى ئۆلتۈرگەن ھەر بىر ئادەم ئۈچۈن بىر قېتىمدىن ئۆلۈم قىسمىتىگە دۈچ كەلگەندە تەكرار قۇتۇلۇپ قېلىپ، يۈز ئۆلۈپ، يۈز تىرىلگەن بولسىمۇ ئاخىرى ئاللاھنىڭ ھېكمىتى بىلەن ھەممە مەزھۇملارنىڭ قىساسى بىراقلا ئېلىنغان تەرزدە قانغا قان بەردى.

بۇ چاغدا مادوتەي «قىلمىش، قىدىرمىش» دېگەندەك، قىزىللار تەرىپىدىن قويۇلغان پىستىرمىنىڭ ھۇجۇمىدا ئۆلدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۆزى قازغان ئورىغا ئۆزى چۈشتى. ئىبراھىم لوزۇڭ بولسا، يىقىنلىرىدىن ئۈچ نەپەر ئادەم بىلەن بىرگە تۇتۇلۇپ ئۆرۈمچىگە ئەۋەتىپ بېرىلىپ، قىزىل جاللادلار قولىدا جېنىدىن جۇدا قىلىندى.

## ئۆزبېك مۇھاجىرلىرى شەرقىي تۈركىستاندا

روسلارنىڭ جەۋر- زۇلۇملىرىدىن بىزار بولۇپ، ۋەتەنلىرىنى تاشلاپ، باشپاناھ ئىزدەپ يولغا چىقىپ، مىڭ تۈرلۈك مۇشەققەتلەرنى چېكىپ كاشغەرگە كەلگەن پەرغانىلىكلەر كاشغەرنىڭ گۈل- گۈلىستانلىرىنى، باغۇ- بوستانلىرىنى، قېرىنداش مىللەتنىڭ قۇچاق ئېچىپ قارشى ئېلىشقانلىرىنى كۆرۈپ شادلاندى، ئۇلار كاشغەرنىڭ سۇ- ھاۋاسىنى خويمۇ ياقتۇرۇپ قېلىشتى.

كاشغەرلىكلەر بولسا، ھەر قاچان مۇھاجىر قېرىنداشلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئىزدەپ، ئۆزلىرى بەھرىمەن بولۇۋاتقان بارلىق خۇشاللىقلارغا، خىلمۇ خىل نېمەتلەرگە، ماددىي ۋە مەنىۋىي لەززەتلەرگە ئۇلارنى شېرىك قىلىپ، ھېچ ئىشتا ئۇلارنى يات كۆرمىدى. ئاتا بىر ئانا بىر بۇ ئىككى قېرىنداش ئارىسىدىكى دوستلۇق ئۇنتۇلماس تارىخىي خاتىرە بولۇپ قالدى. پەرغانە مۇھاجىرلىرى كاشغەرگە كەلگەندىن كېيىن باشقا ئىسلام يۇرتلىرىغا ھىجرەت قىلغان قېرىنداشلىرىغا ئوخشاش يەرلىك شارائىت، ئۆرپ- ئادەت، بولۇپمۇ تىل جەھەتتە ھېچقانداق قىيىنچىلىق تارتمىدى. پۇرسەت- زامانى كېلىپ يۇرت خەلقى ئەركىنلىك ۋە مۇستەقىللىق دەۋاسى بىلەن مەيدانغا چۈشتى. مۇھاجىر قېرىنداشلار بۇ گۈزەل پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، «ئادەملەردىن مىننەتدار بولمىغان ئادەم خۇدادىنمۇ مىننەتدار بولالمايدۇ» دېگەن ھەقىقەتكە سادىق ھالدا مەيدانغا چۈشۈپ قېرىنداشلىرىنىڭ سەپلىرىگە قوشۇلۇپ، قان مەيدانىدا ئۇلار بىلەن يانمۇ- يان تۇردى. ئەزىز ۋەتەنلىرىنى قوغداش يولىدا جان بەردى، مال بەردى. ئۆزى ئىگە بولغان بارچە ئىمكان- قۇدرەتنى ئىشقا سالدى. ئۆز ئارىلىرىدىن چىققان بىئەدەب، ئۇسال ئادەملەرنىڭ تېگىشلىك دەككىسىنى بەردى (ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئادەملەر ھەر قانداق مىللەتتە بولىدۇ، ئۇنداقلارنى تىلغا ئېلىپ ئولتۇرۇشنىڭمۇ ھاجىتى يوقتۇر). بولۇپمۇ،

www.uyghurweb.net

كاشغەردە ھۆكۈمەت قۇرۇلغان چاغدا مۇھاجىرلار كۆرسەتكەن پىداكارلىقلار ۋە تۆھپىلەرگە كۆز يۇمۇپ بولمايدۇ. بۇنى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنى، جۈملىدىن ئەھلى قەلەملەر، مۇنەۋۋەر (زىيالىي) لەر، ئۆزىنى بىلگەن، دۇنيا كۆرگەن كىشىلەر ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە ئاپىرىنلەر ئېيتىدۇ. لېكىن بىر بۆلۈك بىلىمى كەمچىل، ساپاسىز ئادەملەرنىڭ دەلىلسىز، پاكىتسىز ھالدا مۇھاجىرلارغا تەئە قىلىشى، ئۇلارغا تۈرلۈك لەقەملەرنى تېپىپ، ئۆزبېكلەر مۇنداق، ئۆزبېكلەر ئۇنداق، دەپ ئىككى قېرىنداش ئارىسىغا سوغۇقچىلىق سېلىشلىرى كىشىلىك ئەدەپ- ئەخلاققا ئۇيغۇن ئەمەستۇر. بىز بۇ يەردە شۇ مۇھاجىرلارنى ئۇلارغا ئارتىلغان ھەرقانداق يالغان- بوھتاندىن خالى، دېيەلەيمىز. ئەمما رۇس ئىشغالىيەتچىلىكى دەۋرىدە رۇسلار تەرىپىدىن ئىشقا سېلىنغان ئادەملەر توغرىسىدا دېيىلىدىغان گېپىمىز يوق. ئۇنداقلارنى مۇھاجىر دېگىلى بولمايدۇ. بۇ يەردە ئاشۇ قەدىردان مۇھاجىرلارنىڭ ساداقەت- سەممىيىتى توغرىسىدا بىر - ئىككى ۋەقەنى كەلتۈرۈپ ئۆتۈش پايدىلىق كۆرۈلدى. باشقىلارنىڭ قانداقلىقى ئەنە شۇنىڭغا قاراپ بىلىۋېلىنغاي.

دوختۇر مەجدىددىن بەگ

كىتابىمىزنىڭ ئۆتكەن بىر بۆلۈمىدە دوختۇر مەجدىددىن بەگنىڭ ئانا يۇرتىدا قوزغىلاڭ چىققانلىقىنى، ئىمپېرىيالىزمغا قارشى ئىنقىلاب بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئەل- ۋەتەنگە خىزمەت قىلىش پۇرسىتى كېلىپتۇر، دەپ ياۋرۇپادىن ئافغانىستان ئارقىلىق بىر ئافغان قىياپىتىدە يېڭىسارغا كەلگەنلىكىنى، كېيىن خوجا نىياز ھاجىم بىلەن كۆرۈشكىلى كەتكەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئىدۇق. كېيىنكى كۈنلەردە سىياسەت ئۆزگىرىپ مىللىي ھۆكۈمەت كۈنسېرى مەغلۇبىيەتكە يۈز تۇتتى. مانا شۇ چاغلاردا مەجدىددىن بەگ مائارىپ نازارىتىدە نازارەت قارمىقىدىكى ھەرقايسى مەكتەپلەرنى تەرتىپكە سېلىش، يېڭىچە مائارىپنى يولغا قويۇش خىزمەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. مەھمۇد سىجاڭ دەۋرىگە كەلگەندە بىر قاتار ئىلمىي خىزمەتلەرنى ئىشلەپ زور ئۇتۇقلارغا ئېرىشتى. نۇرغۇن ئىشلىرى خەلقنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپ، ھۆرمەت- ئىناۋىتى كۆتۈرۈلدى.

كاشغەر خەلقىگە، ۋەتىنىگە خىزمەت قىلغان سادىق كىشىلەر ئەگەر تۆت كىشى بولسا، ئۇلارنىڭ بىرى چوقۇم مەجدىددىن بەگ، ئىككى بولسا، بىرى شۇ، ئەگەر بىر كىشى بولغىنىدا شۇ كىشى دەل ئۆزى شۇدۇر. يازكەنتتە ئۇنىڭ بىر مەكتۇبىنى ئالدىم. مەكتۇپ مۇنداق باشلىنىدۇ:

ئەي بۇلبۇل! بىزلەرگە يەتكۈز شۇ باھاردىن خۇشخەۋەر،
شۇمخەۋەر ھۇۋقۇش بىلەن تەڭ ئارادىن كەتسۇن بەدەر.

بۇ ئالىيجاناب دوختۇر يىگىت كاشغەردە ئۈچ- تۆت يىلچە خىزمەت قىلدى. ئۇ بۇ يەردە مائارىپ ساھەسىدە قانداقلا بىر قالاقلىق بولسا، تۈزىتىپ، تۈرلۈك يېڭىلىقلارنى يولغا قويدى. ھالبۇكى ئۆرۈمچىنىڭ يەرلىكلەرگە بەرگەن ھوقۇقى چەكلىك بولاتتى. پەقەت ئىچكى ئىشلاردىلا ئازراق ئەركىنلىك بېرىلگەن بولسىمۇ يەنىلا ھېسابلىق ئىدى. مانا شۇنداق نازۇك بىر زاماندا مەجدىددىن بەگ مىللەتكە ئىلىمدىن ئابى ھايات ئىچۈرۈش، يېڭى ئاڭ ئىچۈرۈش يولىدا پىداكارانە كۈرەشكەن كىشىمىزدۇر، ئۆزبېكتۇر. مەھمۇد سىجاڭنىڭ مەكتىپىدە ئوقۇيدىغان بىر كىچىك بالىسى بار ئىدى. بۇ بالىنىڭ سومكىسى قۇلۇپلۇق بولۇپ، بۇ قۇلۇپنىڭ بىر ئاچقۇچى مەجدىددىن بەگدە، يەنە بىر ئاچقۇچى مەھمۇد سىجاڭدا تۇراتتى. قاچانلا مەھمۇد سىجاڭغا يەتكۈزىدىغان مەلۇمات، خەت- خەۋەر بولۇپ قالسا، مەجدىددىن بەگ ئۇنى بالىنىڭ سومكىسىغا سېلىپ قۇلۇپلاپ قوياتتى. بالا ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن دادىسى سومكىنى ئېچىپ ئىچىدىكى ئەۋەتىلگەن

نەرسلەرنى ئېلىپ قالاتتى ۋە ئەتىسى بالا مەكتەپكە ماڭار چاغدا دادىسى ئاللىقانداق بىر شىفىرلار يېزىلغان قەغەزنى سومكىغا سېلىپ سومكىنى قۇلۇپلاپ قويىدۇ. بالا سومكىنى يۆدۈپ مەكتەپكە كەلگەن ھامان مەجىدىددىن بەگ سومكىنى ئېچىپ شىفىرلىك قەغەزلەرنى ئالىدۇ. بالا دەرستىن چۈشكىچە سومكا ئاغزى ئوچۇق ھالدا بالىنىڭ يېنىدا تۇرىدۇ. دەرستىن چۈشكەندە سومكىغا يەنە يېڭى ئاخباراتلار سېلىنىپ قۇلۇپلىنىپ قويۇلىدۇ. ئۆيگە بارغاندىن كېيىن دادىسى ئېچىپ، نەرسىلەرنى ئېلىۋالىدۇ. مانا شۇ يول بىلەن مەھمۇد سىجاڭ بىلەن مەجىدىددىن بەگ ئارىسىدا نۇرغۇن قىممەتلىك مەخپىي ئالاقە بولىدۇ. سىجاڭنىڭ سىرتتىكى كىشىلەر بىلەن شۇ دەرىجىدە سىرلىق ئالاقە قىلىشىنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭ ئادەملىرى ئىچىدە ئەلى روزى خوتەنىيدىن باشقىلار دېگۈدەك ئۇنىڭغا كۆز- قۇلاق قىلىپ قويۇلغان كىشىلەر ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەھمۇد سىجاڭنىڭ يېنىدا ئۆزۈمچىدىن كەلگەن رۇس رەھبەرلەر بار ئىدى. ئۇلارمۇ سىجاڭنىڭ ھەر بىر ئىشىنى كۆزىتىپ تۇراتتى. مەجىدىددىن بەگنىڭ تۆھپىلىرىنى ئۇنى كۆرگەن باشقا كىشىلەرمۇ يازغان بولۇشى كېرەك، شۇڭلاقالا مەجىدىددىن بەگنىڭ ئۆزىمۇ بىر ۋەقەشۇناس بولغانلىقى ئۈچۈن بەلكىم ئۆزى توغرىسىدا قەلەم تەۋرىتىپ يازغان خاتىرىلىرى بولۇشى مۇمكىن. بىز شۇنداق خاتىرىلەرنى ساقلاۋاتقان كىشىلەر بولسا، ئۇلارنىڭ شۇ خاتىرىلىرىنى يورۇقلۇققا چىقىرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

## يەنە بىر ھېكايە

پەرغانىدىن كەلگەن مۇھاجىرلار ئىچىدە ئەسغەرجان ئىسىملىك بىرەيلەن بار بولۇپ، قاسساپلىق ھۈنىرى بار ئىدى. خوتەن ئىنقىلابىدا ئەسغەرجان پىدائىي بولۇپ ئەسكەرلىككە يېزىلىپ، ئەسكەرلىكنىڭ ھۆددىسىدىن ياخشى چىقىپ، بارا- بارا يۈز بېشىلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ، ئەللىك - ئاتمىش ئەسكەرگە قوماندان بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ھەرقايسى جەڭ مەيدانلىرىدا كۆرسەتكەن باتۇرلۇقلىرى خوتەن ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئالقىشلىنىپ، ھۆرمەتكە سازاۋەر قوماندانلاردىن بىرىگە ئايلىنىدۇ. كېيىن نېمە سەۋەبتىندۇر بىر كۈنى خوتەن ھۆكۈمەت كىشىلىرى ئەسغەرجاننى قورالسىزلاندۇرماقچى بولۇشىدۇ. ئەمما بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەسغەرجانغا قول سالالىغۇدەك يۈرەكلىك، كۈچلۈك بىرەرسىنى تاپالماي ئۈچ- تۆت كۈن ئۆتىدۇ. ئارىلىقتا بۇ ئىش ئەسغەرجاننىڭ قۇلىقىغا يېتىدۇ. بىر كۈنى كۈتمىگەن يەردىن ئەسغەرجان ئاتمىش نەپەر قوراللىق زەبەردەس يىگىتلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ خوتەن ھۆكۈمەت كىشىلىرىنىڭ ئالدىغا كىرىدۇ. ھەممە ھەيران بولۇپ، نېمە دېيىشنى بىلمەي قېلىشىدۇ. ئەسغەرجان رەھبەرلەرگە تۆۋەنچىلىك بىلەن سەلام بەرگەندىن كېيىن ئۇلارغا: «قورقماڭلار! ئۈچ- تۆت ئېغىز ئەرزىم بار، شۇنى دەۋالغىلى كىردىم». دەيدۇ. ئولتۇرغانلار ھاڭ- تاڭ قالغان ھالدا: «قېنى سۆزلەڭ، ئاڭلايلى» دېيىشىدۇ. ئەسغەرجان شۇنداق دەيدۇر: «تەقسىرلەر، ھەر بىرلىرىگە مەلۇمدۇركى، كەمىنە بىر مۇھاجىر قاسساپ ئىدىم. ئىسلام ئېچىلدى. خۇدا يولىدا پىدائىي بولۇپ ئەسكەرلىككە يېزىلدىم. خىزمىتىم ياراپ ئون بېشى بولدۇم. كېيىن يۈز بېشى بولدۇم. ھازىر مانا ئىسلام ھۆكۈمىتىگە ئىتائەت قىلىپ تۇرۇپتىمەن. يېقىندىن بىرى: «ئۆزبېك ئەسكەرلەرنىڭ قوراللىرى تارتىپ ئېلىنارمىش، ئەسغەرجان يۈز باشلىقتىن قالدۇرۇلارمىش، ئۇ ئىمىش، بۇ ئىمىش» دېگەندەك شىۋىر- شىۋىر، ۋىسىر- ۋىسىر گەپلەر قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى. بۇنداق گەپلەرنىڭ تارقالغىنى تازا ياخشى ئىش بولمىدى. بۇ ئىش بىز مۇھاجىرلارنىڭ ئىززەت - نەپسىمىزگە تەگدى. مەن ھەر بىرلىرىنىڭ ئالدىغا بۇندىن ياخشىراق، ئىجراسى ئاسانراق ئىش بىلەن كەلدىم. ئەرزىمنى قوبۇل قىلىشسالار، ئىككى تەرەپ رازى بولغان ھالدا ۋەزىپىدىن ئايرىلسام»، دىدى-دە، يېنىدىكى ئاتمىش يىگىتكە: «قوراللىرىڭلارنى چىقىرىپ،

www.uyghurweb.net

ئۇلۇغلىرىمىزغا تاپشۇرۇڭلار، بۇگۈن ۋەزىپىمىز تۈگىدى» دېدى. ئۇ باشلامچىلىق بىلەن ئۆزىدىكى ھەممە قورالنى چىقىرىپ ئوتتۇرىغا تاشلىدى. ئۇنىڭ ئاتمىش يىگىتىمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ قوراللىرىنى تاشلاشتى. يۈسۈفجان ئۇلارغا يەنە شۇنداق دېدى: «مانا ئەمەل- رۇتبىلىرىڭلار، مانا قوراللىرىڭلار، بىزگە رۇخسەت قىلساڭلار، يىگىتلىرىم بىلەن بىللە ئۆز تىرىكچىلىكىمنى قىلسام». بۇنى ئاڭلىغان خوتەن دۆلەت كىشىلىرى ھەيرانۇ- ھەس بولغان ھالدا، بىر- بىرىگە قاراپ قېلىشىدۇ. كىم نېمە دېيىشنى بىلەلمەي بىر ھازا سۈكۈت ھۆكۈم سۈرگەندىن كېيىن بۇ قېيىن ۋەزىيەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن خوتەن دۆلەت كىشىلىرى ئەسغەرجانغا شۇنداق دەيدۇر: «ئەسغەرجان ئۇكا! بىز سىلەرنىڭ بۇنچە ساداقەتلىك، مەرد يىگىتلەردىن ئىكەنلىكىڭلارنى بىلمىگەن ئىكەنمىز. بولار ئىش بولدى. كېرەك يوق. گەرچە سىزدىن بۇرۇنراق قوراللارنى ئېلىۋېلىشنى ئويلىغان بولساقمۇ ئەمدى ئۇلارنى ئالمايمىز. بۇ قوراللار سىزنىڭ ۋە مۇشۇ قارا كۆز يىگىتلەرنىڭدۇر. سىز ئەسلى بۇندىن يۇقىرىراق مەرتىۋىگە لايىق ئىكەنسىز. يىگىتلىرىڭىزگە بۇيرۇڭ، قوراللىرىنى ئالسۇن. ھەممىلىرىڭىز يەنە بۇرۇنقىدەك ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمرى ئاستىدا ۋەزىپىدارلىق قىلغايسىزلەر، دەپ ئۆزلىرىنى ئوڭايسىز ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرىدۇ.

ئاخىرىدا قوشۇمچە قىلىدىغىنىم، ئۆزبېك مۇھاجىرلارنىڭ دەۋرىدە ئۇلاردىن خوتەن ئاھالىسىگە ياكى باشقىلارغا بىرەر زىيان يەتكەنلىكىنى بىلگەن ئادەم يوق. ئەمما خوتەن ۋىلايىتى روسلارنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتكەن دەۋر باشقا دەۋردۇر. روسلار ۋە ئۇلارغا ئىشلىگەنلەر مەيلى پەرغانىدىن بولسۇن، مەيلى ئالتە شەھەردىن بولسۇن، ئۇلارنىڭ دەستىدىن زىيان كۆرمىگەن نە كاشغەر، نە ياركەنت ۋە نە باشقا يۇرت قالدى دەيسىز؟ كېيىن يۈز بەرگەن فاجىئەلەردىن ئۇ مۇھاجىرلار يىراقتىن - يىراقتۇر.

كەمىنىنىڭ كۆرگەن، بىلگەنلىرى شۇنچىلىك ئىكەن، شۇ بويىچە بايان قىلدىم.

قىل سەخاۋەت پۇلۇ- مالىڭنى، بالاڭغا توپلىماي،
گەر دېسەڭ، گۆرۈڭ ئارا جانىڭغا تۇتۇرۇق بولماغاي.

پەرغانە مۇھاجىرلىرىدىن شەرقى تۈركىستان ئىنقىلابىغا قاتناشقان ۋە ھۆكۈمەت تەركىبىدە ئىشلىگەن كىشىلەرنىڭ روېخېتى:

ئىسمى ۋە داڭقى      تۇغۇلغان يۇرتى ئۆتەگەن ۋەزىيفەسى
دوختۇر مەجىددىن بەگ      تاشكەنت مائارىپ نازارىتىدە رەھبەر
زەرىف قارىھاجى      ئەدلىيە نازىرى
ئابدۇللاھ خانىي      سەھىيە نازىرى
تۇرغۇن ھەكىم      مەرغىلان      ھىلال ئەھمەردە دوختۇر
مۇھىيىددىن مەخدۇم      تاشكەنت      تەبىب
سېتىۋالدىجان مەرغىلان      باشتا ھەربىي نازارەتنىڭ نازىرى، كېيىن تىجارەت نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان.
سۇلتانبېك بەختىيار زادە تاشكەنت      ھەربىي نازارەتتە لاۋازىمات مۇدىرى، ئىستىقلال مەھكىمەسىنىڭ رەئىسى.
غۇلامجان      ئىستىقلال مەھكىمىسىدە باش كاتىب

تۇرغۇن بايبەچچە رەھىمي(توغرۇل)، كىينكى تەخەللۇسى تۇلۇئىي    مەرغىلان دارۇلمۇئەللىمىنىنىـــــــــڭ مۇدىرى.
مۇھەممەد ئەمىن قارى سوفىيزادە  نەمەنگان ئىـستىقلال جەمئىيىتـىدە ئاكتىـپ خىزمەتچـى، «ئىـستىقلال» مەجمۇئەسىنىڭ باش مۇھەررىرى، ئەۋقاف نازىرىنىڭ مۇئاۋىنى.
مۇسا ئەپەندى ئەندىجان      ھـــلال ئەھـــمەر ۋە خەســـتەخانىنى قۇرغـــۇچىلاردىن، بـــاش ۋەكىلـــگە مەسلەھەتچى، مالىيە نازىرىغا ئورۇنباسار.
مۇسا داموللام     شەھرىخان باش ۋەكالەتتە سەرمۇنشى (باش كاتىب)
مۇھەممەد رىزاخان  نەمەنگان xxx  ئىشلار مۇدىرى
موللا مۇھەممەد جان ئاخۇن  ئوش     ئومۇمي تەشۋىقاتچى، كىيىن ھەربىي سوتچى بولغان
موللا مۇھەممەد ئىبراھىم نەمەنگان قوشۇن تەشۋىقاتچىسى
يۇسۇفجان مىڭباشى     شەھرىخان     گـــارنىزون قومانـــدانى، ئەســـكەرلىرىنىڭ ھەممىـــسى ئۆزبېـــك مۇھاجىرلىرىدىن، سانى 1500 گە يەتىدۇ، ئاتلىق، قورالliq.
قۇدرەتۇللاخان تۆرە      ئەسەكە (ئەندىجان)     مۇئاۋىن گارنىزون قوماندانى
موللا ئابدۇررەھمان خان ئابادپانسەد، ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆزبېك
ئارىق ئىشان  نەمەنگان پانسەد
كەرىمجان     پەرغانە  پانسەد
ئەسغەرجان   تاشكەنت خوتەن ھۆكۈمىتى تەركىبىدە يۈز بېشى بولغان، يىگىتلىرى ئۆزبېك
ئىسمايىلجان قۇربان     ئەندىجان     دوتەي يامۇلدا مۇشاۋىر.
سوفىي بېك ھاجى      مۇشاۋىر

ۋەتەندىن ئايرىلىپ، ياقا يۇرتلاردا سەرسان بولۇپ يۈرگەن تۈركىستانلىقلار تىلىدىن

ئۇستاز مىرسالىھ مەخدۇم ئوشى

ئاتىب دەستى قەزا ھەريانە بىزنى ئول ۋىلايەتتىن،
تاراتتى ئانچىنانكىم بىر نىشان يوق ئول جەمائەتتىن.
قەدىر بادى خەزانى توكتى بەرگۇ- بارىمىز ئاخىر،
ساچىلدىك ھەر تەرەپكە دىل پۇر ئەز يەئىسى- مەلالەتتىن.
فىغانكىم فۇرقەتىڭدىن ئەي ۋەتەن دىللەر تولە ھەسرەت،
ۋە لېكىن شەرمىسارىز ھەققىڭە قىلغان قەباھەتتىن.
كېچىردىك دەۋرى دەۋرانلارنى چەندان ئەي ۋەتەن سەندە،
ۋەلى قەدرىڭ بىلىپ كۆز ئاچمادۇك بىر لەھزە غەفلەتتىن.
نە خوش كۈنلەر ئىدىكىم ئول زەمانلەر بىز قۇچاغىڭدە،
ياشاردىك ئىززەتۇ - راھەتتە مەمنۇن ئەيشى- ئىشرەتتىن.
مۇقەددەس يەرلەر ئىستىنسادە دۇنيا جەننەتى ئىردىڭ،
بابامىزدىك چىقاردىڭ بىلمەدىك قاي بىر جىنايەتتىن.

www.uyghurweb.net

ۋەتەن فەخرۇ- شەرەپ ھەر يەردە ھەر مىللەتنى قاشىدە،
كى سەندىن ئايرىلىپ ئالەمدە تۇشىدىك قەدرۇ- قىيمەتتىن.
كېرەككىم يىغلاسۇن كۆز، دىل ئىزىلسۇن ئىمدى ھەجرىڭدە،
نىچۇنكىم غاپىل ئولدىك دائىما بىز شۇكىر نىئمەتتىن.
بار ئىردى بىزدە ھەم ھەر نەۋئ ئەسبابى تەرەققىيلەر،
دەرىغا ئىستىفادە قىلمادۇك ئەيىيامى فۇرسەتتىن.
دىيارى غۇربەتە تۇشدىك پەرىشان روزىگار ئولدىك،
يىتەر ھەر يەردە بىزغە تەئنۇ دەشنەم ئۆزگە مىللەتتىن.
ياشاپ راھەتتە ئەغيار ئەي ۋەتەن ئەۋلادىڭ ئولسۇن خار،
ئانالىك مېھرى شولمى؟ بىر ئەسەر يوق مىھر- شەپقەتتىن.
جاھاندا سەرۋەتۇ- قۇۋۋەتكە مالىك قەۋم ئىدىك بىز ھەم،
چىقارمىشدىك جاھانگىر، قەھرىمانلەر بۇ ئەشىرەتتىن.
كېلىپ ئالەمغە بىزدىن ھەم رىجالۇ دىنى- دۇنيالەر،
جاھاندا كىم ئىمەسدىك فەخر ئىتارلى شانۇ- شەۋكەتتىن.
بىرروۋدىڭ مەردلىك تەربىيەسىن ئەي خاكى تۈركىستان،
بۈگۈن مەھرۇم بىزلەر، ھەيفكىم ئىرسى شەجائەتتىن.
قاچانكىم قىسمەتىمىز بولدى بۇ بەختى قارالىكلەر،
جاھاندا قالمادى بىز كورمەگەن نەھسۇ- فەلاكەتتىن.
بەس ئەمدى ئەلۋىدا ئەي جەھلى، غەفلەت سىزلەرە رۇخسەت،
دۇ بارە كىلماغىل زىنھار ئۇزاق ئولغىل بۇ مىللەتتىن.
تۇتۇپ دامانى تەسلىيمۇ - رىزا خامۇش بول سالىھە،
بۇ ھۆكمى مالىكۇلمۇلك، سۇد يوق بۇيلە ھەسرەتتىن.

ئەسلەتمە

بۇ خاتىرىلەرنى يېزىشتىن مەقسەت، ئۇلۇغ تۈركىستاندا بولغان قانلىق فاجىئەلەرنى تارىخقا قالدۇرۇش، تارىخىي دۈشمىنىمىز بولغان ئورۇسلار ۋە چىنلەرنىڭ ئۇلۇغ تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىغا قىلغان زۇلۇم - زورلۇقلىرىنى دەلىل- پاكىتلىرى بىلەن مەيدانغا چىقىرىشتۇر. ئەگەر شۇنىڭغا يارىشا ئىش قىلالىغان بولساق، مەقسەتگە يەتكەن بولىمىز. بۇنىڭ بىلەن ھەممىمىز بەختىيارمىز. مۇبادا غايىمىزگە يېقىنلىشالمىغان بولساق، بۇ بىزنىڭ كەمچىلىكىمىزدۇر.

ئۆز كەمچىلىكىم ئۆزۈمگە ئەيان
نۇقسانلارىمغا ئىقرارمەن ھامان

ئادەم بالىسى قولىدىن كەلگىنىچە تىرىشىشقا بۇيرۇلغان. قولىدىن كەلمىگەن ۋە خاتالاشقان ئىشلاردا كەچۈرۈشكە تېگىشلىكتۇر. شۇڭا بەشەر- شاھى شەر (خاتالىق شاھى)، دەيدۇر ئەمەسمۇ؟ خاتاسىزلىق پەقەت ئاللاھقا خاستۇر.

ئىنساننىڭ يازغانى غەلەتسىز بولماس،
تەقدىرگە يازمىشتىن غەلەت تاپىلماس.

بۇ ئەسەرنى يېزىپ پۈتتۈرەلىگەنلىكىم جانابى ھەقنىڭ ماڭا قىلغان زور ئىلتىپاتى- ئېھسانى، ماڭا ئاتا قىلغان كاتتا نېمىتىدۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھتىن ھەرقانچە شۈكۈر گۇزار(مىننەتدار) بولسام يەنە ئازلىق قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بەندىلەر ئاللاھقا تېگىشلىك بولغان مىننەتدارلىقنى لايىقىدا ئادا قىلىشتىن ئاجىزدۇر. شۇنىڭدەك، بۇ ناتىۋان بەندىنىڭمۇ ئۆزى ئېرىشكەن نېمەتكە لايىقىدا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشتىن تىلى ئاجىزدۇر.
ئەي ئۇلۇغ ئىگەم! ئۆزۈڭ ھازىر، ئۆزۈڭ نازىر (كۆرۈپ تۇرغۇچى)، ھەممە ئىشقا ئۆزۈڭ قادىرسەن.
ئەي ئاللاھ! مۇئەللىپىنىڭ، ئاتا- ئانىسىنىڭ، بىزنىڭ ۋە بارلىق مۇئمىنلەرنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرگەيسەن.

ئىلاۋە

ئۇلۇغ تۈركىستان فاجىئەسى ناملىق بۇ كىتابنىڭ 1- بۆلۈم ۋە 2- بۆلۈملىرىدىكى ھەر قايسى ماۋزۇلار، مەزمۇنلارغا مۇناسىۋەتلىك رەسىملەر قولىمىزدا تەل بولمىغانلىقى ئۈچۈن كىتابقا بېسىلماي قالدى.
ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى ئەزىز يۇرتداشلىرىمىزغا، مۆھتەرەم ئوقۇرمەنلىرىمىزگە تەقدىم ئېتىش نىيىتىدە ساقلاپ كەلگەن تارىخىي رەسىملەرنى كىتابقا جايى- جايىدا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇمكىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئەپسۇسلىنىمىز. شۇنداق بولسىمۇ بېسىلماي قالغان رەسىملەرنىڭ ئىسىم، رويخەتلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش بىلەن ئۇنسىزلۇقنى باساقچىمىز.
پەرغانە قۇرباشىلىرىنىڭ رەسىملىرى،
پەرغانە مۇجاھىدلىرىنىڭ رەسىملىرى، مەرھۇم مۇنەۋۋەر قارى ۋە باشقا مۇنەۋۋەرلەرنىڭ رەسىملىرى.
خوقەندە قۇرۇلغان مۇختارىيەت ھۆكۈمىتى ئەئزالىرىنىڭ رەسىملىرى،
ئەنۋەر پاشانىڭ شەرقىي بۇخارادا پائالىيەت ئېلىپ بارغان چاغدىكى ھەربىي پورمىدا چۈشكەن رەسىمى،
ئەجداد قىياپىتىدىن نەمۇنە سۈپىتىدە بەدەۋلەتنىڭ بېشىدا سەللە، قولىدا قىلىچ تۇتقان ھالدا تۇرغان رەسىمى،
شەرقىي تۈركىستان مۇجاھىدلىرىنىڭ قورالىق توپ ھالەتتىكى رەسىمى،
شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان كۈنى تارتىلغان كابىنە ئەزالىرىنىڭ رەسىملىرى،
جۇمھۇرىيەت رەئىسى خوجا نىياز ھاجىنىڭ رەسىمى،
بۇخارادا قۇرۇلغان ھۆكۈمەتنىڭ كابىنە ئەزالىرىنىڭ رەسىملىرى،
مۆھتەرەم ئوقۇغۇچىلاردىن ئۈمىدىمىز شۇكى، ئەسەرنىڭ خاتالىرىنى تۈزەپ ئوقۇسا مىننەتدار بولىمىز.

ئېسىل ئادەم ئەيىب كۆرسە يوشۇرغاي
رەزىل ئادەم ئەيىب كۆرۈنسە ئاچقاي

يېشىمنى ياشاپ، ئېشىمنى ئاشاپ، يىغى تۆكەپ قالغان چىراغقا ئوخشاش ئۆمرۈم تۈگەپ، ھەرتەرەپتىن زەئىپلىك كۆرۈلۈپ، ئۆلۈم پەرىشتىسىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ، خۇداغا ئۇچرىششىنىڭ تەييارلىقىدا كېتىۋاتقان بۇ يېشىمدا، تىلىمىزدىن بىر كەلىمە بىلمىگەن مەتبە ئىشچىلىرىدىن تارتقان مىڭ بىر تۈرلۈك باش ئاغرىقلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، خۇداغا قىلغان دۇئالىرىم ئىجاۋەت بولۇپ جانابى ھەقنىڭ ياردىمى بىلەن ئاخىرى بۇ كىتابنى بېسىپ چىقىرىشقا مۇۋەپپەق بولدۇم. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغ ئاللاھقا ساناقسىز مەدھىيىلەر بولسۇن!

شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇلۇغ تۈركىستانلىق يۇرتداشلىرىمغا شۇنى ئېيتماقچىمەنكى، ئالتاي تاغلىرى، ئالتۇن تاغلىرى بىزنىڭ ئەمەسمىدى؟ ئالتۇن ئوردا بىزنىڭ ئەمەسمىدى؟ ئىۋانلارنى ئۇۋىسىغا كىرگۈزۈۋەتكەن، موسكۋاغا ئۈچ يۈز يىل ھاكىم بولغان ئەمىر تۆمۈر بىزنىڭ ئەجدادىمىز ئەمەسمىدى؟ 1225- يىلى پېكىن (بېيجىڭ) نى ئىشغال قىلغان قوماندان چىڭگىزخان تۈركىستانلىق ئەمەسمىدى؟ ياراسلاۋ باشلىق رۇس كىنەزلىرى، مىخايىللار، دانىيال رومانوۋىچلار، ئىۋانلار ۋە باشقىلار قاراقۇرۇم (موڭغۇل خانىدانلىقىنىڭ مەركىزى) دىن يول- يورۇق سورىمىغۇچە ئىش قىلالماس ئىدى ئەمەسمۇ؟ ئۇ كىنەزلەر ئالتۇن ئوردىغا بېرىپ تۈرك خانلىرى ئالدىدا يەر سۆيمىدىمۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا تىمۇچىن ئالدىدا قىلىپ قويغان بىر خاتا ئىشى ئۈچۈن كىنەز ياراسلاۋ قاراقۇرۇمغا چاقىرتىلىپ سوت- سوراققا تارتىلمىدىمۇ؟ مانا بۇلار تارىختىن ئۆچمەيدىغان ھەقىقەتلەردىندۇر.

ئەي تۈرك ئوغلى! ئەي بۇرادەرلەر! بىزنىڭ دۈشمىنىمىز ئەگەر پىرئەۋن بولغان تەقدىردىمۇ، بىزنىڭ قولىمىزدا ئاللاھنىڭ كالامى بار.

خەسمىمىز پىرئەۋن ئىسە ئىنكارە يوق نامىق مەجال،
بىز قۇلىمىز، فەيزى باردۇر كالامى پاكىمىز.

ئەي نامىق! ئەگەر بىزنىڭ دۈشمىنىمىز پىرئەۋن بولۇپ قالغان تەقدىردىمۇ ھېچ ۋەقەسى يوق. چۈنكى بىز بولساق خۇدانىڭ قۇلى، قولىمىزدا ئۇنىڭ مۇقەددەس كالامى بار ئەمەسمۇ؟

ئەي قەھرىمان ئاتىلىرىمىزنىڭ ئوغلانلىرى! پەھلىۋان بابىلىرىمىزنىڭ ئەۋلادى!

بۇ يەردە سىزلەرگە ئىبرەتلىك ۋە ھەيران قالارلىق بىر سىياسىي خىتاب (نوتا) نى ئەسلىتىپ ئۆتۈش پايدىلىق كۆرۈلدى. ئۇ بولسىمۇ ئۆز زامانىدا خۇددى گىتلىرگە ئوخشاش جاھانغا پاتماي كەتكەن موسكۋا كىنەزى ۋاسىلىگە خاقان ئەمىر تۆمۈرنىڭ مەشھۇر قوماندانلىرىدىن بىرى ئىدىگو تەرىپىدىن يېزىلغان سىياسىي خىتابتۇر. بۇ خىتاب «ئۇلۇغ تۈركىستان فاجىئەسى» كىتابىنىڭ 1- بۆلۈم 70، 71، 72- بەتلىرىدە بايان قىلىنىپ بولغاندۇ. بۇ خىتابنى ئوقۇرمەنلەر ئوقۇپ، مۇلاھىزە قىلسا، ئۇنىڭدىكى بۈگۈنكى كۈننىڭ سىياسەتدان داھىلىرى ئاڭلىسىمۇ ھەيران قالىدىغان جۈملىلەر، خىتابۇ- پەرمانلارغا مەپتۇن بولۇپ قالىدۇ... بىز بۇ خىتابتىن ئاتا ۋە ئەجدادلىرىمىزنىڭ دۈشمەنلەرگە قانچىلىك كەسكىن مۇئامىلىدە بولغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. مىللىتىمىز بۇ خىتابتىن ئويغىنىپ، كۆزىنى ئاچسا، ئەسلىمىز ۋە نەسلىمىز ھەمدە تارىخىمىزنى چۈشەنسە، بۇنىڭ تۈرتكىسىدە ئالتاي تاغلىرىنىڭ ئالتۇن تەختىگە قايتا ئولتۇرۇش ئۈچۈن غەيرەت ۋە ھىممەت كۆرسىتەر، دەپ ئۈمىد قىلىمەن.

www.uyghurweb.net

تارىخقا باق، بىلۇرسەن شۇ شانلىق ئۆتمۈشۈڭنى،
رۇس ۋە خىتاي بىزلەرگە قارام بولغان قانچەلەپ.

بۇرادەرلەر! ئاللاھقا مەدھىيىلەر بولسۇنكى، ئىسلام دىنىدىمىز. ئىسلام ئەھكامى بويىچە بىز ئالدى بىلەن چىن دىلدىن تەۋبە قىلايلى! ئىككىنچىسى، شەرئىتىمىزنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئەمەل قىلايلى! نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇيلى! زاكاتلىرىمىزنى تولۇق ئايرىپ پېقىرلەرگە بېرەيلى! ئىشچى، مەدىكارلارنىڭ ئىش ھەققىلىرىنى پېشانە تەرى قۇرۇماستا ئادا قىلايلى! ھەقدار بولغانلىرىمىز ئۈستىمىزدىكى ماددىي ۋە مەنىۋىي ھەقلەرنى تاپشۇرايلى! يېتىملەرنىڭ ھەققىدىن قاچايلى! پۇلدارلارنىڭ ھەققىدىن ساقلىنايلى! رىيادىن، رىبادىن، زىنادىن خۇددى يىلاندىن قاچقاندەك قاچايلى!
يەكۈن سۆز: ئىلاھىي قانۇن بولغان قۇرئان كەرىمگە ئەمەل قىلايلى! سۈننەتكە ئۇيغۇن ئىش قىلايلى! ھەر ھال ۋە ھەر ئىشتا ئادىل بولايلى! بىز شۇنداق قىلالىساقلا، ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە شەپقىتى بىلەن ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ئەھۋالىمىز تۈزىلىپ، ئىلگىرىكىدەك تىنچلىق ۋە راھەتتە ياشاش نېسىپ بولسا ئەجەب ئەمەس. بۇ ئىشلار خۇداغا ئاساندۇر. بارلىق كۈچ - قۇدرەت ۋە بايلىق ئۇنىڭ ئىلكىدە، ئۇ تۈگەل سەۋەبلەرنىڭ باش سەۋەبكارىدۇ.
بىلەرمەن، دانىشمەنلەرنىڭ ئۇشبۇ سۆزى ئېيتىپ ئۆتەرلىك گۈزەل ئۆگۈتتۇر: جەڭ ــ كۈرەش ئۈچۈن ئون نەرسە لازىم، ئۇنىڭ بىرى ئەسكەر، توققۇزى مىللەتسۆيەرلىك ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىكتۇر.

تۇغار چوقۇم مەن ساڭا ۋەئدە قىلغان ئاشۇ كۈن،
كىم بىلسۇن، ئۇ ئەتەدۇر ۋە يا ئاندىن يىقىندۇر.

ھادىسەلەردىن ئېغىر ئاياقتۇر زەمان،
بىلمەيسەن ئاندىن نېمە كۆرەدۇر جاھان.

ئەزىز بۇرادەرلەر!
ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ تەڭداشسىز قۇدرىتى ۋە يارقىن ھېكمىتى، تەدبىرى، تەقدىرى ئالدىدا رۇس، چىن، يەھۇد، مەجۇس كاپىرلارنىڭ نېمە قىممىتى، قانچىلىك كۈچى بولسۇن؟ بۈيۈك دەستۇرىمىز قۇرئان كەرىمدە شۇنداق كېلىدۇ: «(پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىدىغان) شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى بىزنىڭ ئازابىمىزنىڭ ئۆزلىرىگە كېچىسى (غەپلەتتە) ئۇخلاۋاتقانلىرىدا كېلىشىدىن قورقامدۇ؟» (ئەراف سۈرىسى 96- ئايەت)
1905- يىلىدىكى رۇسىيە- ياپونىيە ئۇرۇشى مۆھتەرەم ئوقۇرمەنلەرنىڭ خاتىرىسىدە بولسا كېرەك. بۇ ئۇرۇشتا رۇسىيىنىڭ پورت-ئارتور سېپىلىنى قولدىن بېرىپ قويغانلىقى رۇسىيە ئۈچۈن چىدىغۇسىز ئاھانەت بولغان ئىدى. 2- دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ باشلىرىدا ياپونىيە سوۋېت مانجۇرىيىسى (شەن كۇفەن) نى بېسىۋالغاندا رۇسىيە ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەي ئۇۋۇسىغا كىرىپ كەتكەن ئىدى.
2- دۇنيا ئۇرۇشىدا گىتلىر تەرىپىدىن موسكۋاغا ياغدۇرۇلغان بېرلىن بومبىلىرى روسلارنىڭ كۆزلىرىنى ئاچۇرماي، «ۋاي دات!» دېگۈزۈۋېپ، لىنىننىڭ مومىيا بىلەن قاتۇرۇلغان جەسىتىنى قىزىل مەيداندىن كۆچۈرۈپ روسلارنىڭ ئانا شەھىرى ساماراغا كۆچۈرۈشكە مەجبۇر قىلغان ئىدى. يەنە قانداق، قانچىلىك

www.uyghurweb.net

ئشلار بولغىننى كۆرگەنلەر، بىلگەنلەر سۆزلىسۇن. مانا شۇ ئەھۋاللارنى كۆرگەنلەردىن ھاجى تەخەللۇسلۇق بىر مۇھاجىرنىڭ قەسىدىسىدە مۇنداق مىسرالارنى ئۇچرىتىمىز:

تەرەپدار ئەيلەدى بىزلەرگە شول سائەتتە ئالماننى،
جاھانگىرلىككە لايىق ئەيلەدىڭمۇ شاھى گىرماننى؟
يازىپ ھاجى ئادا قىلدى كۆڭۈللەر ئىچرە ئارماننى،
مۇسەللەت ئەيلەدى روسلەر باشىگە بىر قەۋمى دىشۋار.
كۆزۈڭ ئاچ، «يوق» دەپ ئىردىڭ، مەن ئىرۇرمەن ۋاھىدۇلقەھھار،
دۇئا ئەيلەڭ بۇرادەرلەر، يوقالسۇن بالشۇنىك كۇففار،

ئەي مۇسۇلمانلار! ئەي ئاغىلەر! ئىنىلەر!

تارىختا بولۇپ ئۆتكەن گىتلىر دەھشىتى، گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ قاتار ھۇجۇملىرى، كېچە بولسۇن، كۈندۈز بولسۇن يەردىن، كۆكتىن، سۇدىن بولۇپ تۆت تەرەپتىن موسكۋا ۋە باشقا شەھەرلەرگە ياغدۇرۇلغان ئوق يامغۇرلىرى كىمنىڭ خىيالىدا، كىمنىڭ چۈشىدە بار ئىدى؟ بۇ ئازاب، بۇ بالا پەقەت ھەق تەرىپىدىن مەخسۇس ئەۋەتىلگەن، كۆكتىن چۈشكەن ئاپەت، يەردىن كەلگەن پالاكەتتۇر.

مۆھتەرەم ئوقۇرمەنلەر!

ئەقلىمىز، پىكرىمىزنى يىغىپ ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە، ھېكمىتىگە دىققەت بىلەن نەزەر تاشلايلى، ئىلگىرىكى ۋە يېقىنقى تارىخ بەتلىرىگە كۆز تاشلايلى. قارۇننى يەر يۇتتى، پىرئەۋنلەر سۇغا غەرق بولدى، نەمرۇد مەردۇد بولۇپ كەتتى، ناتسىستلارنىڭ كۈلى كۆككە سورۇلدى. ئاللاھ ھەر بىر قەۋم ۋە ھەر مىللەتكە ھەر خىل بالا، ئاپەتلەرنى بۇيرۇپ قويىدى. ئاللاھقا مۇناجات قىلايلى، يىلىنايلى، يالۋۇرايلى، يىغلايلى، تەۋبە قىلايلى. كىم بىلسۇن، ئاللاھ بولشۇنىكلەر، كوممۇنىستلەرگىمۇ كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق ئاڭلىمىغان، تارىختا كۆرۈلمىگەن زامانىۋى، يېڭىچە پالاكەت ۋە ھالاكەتلەرنى ئەۋەتسە ئەجەب ئەمەس. جاھاننىڭ ئىگىسى ئۆزىدۇر، كۈچ- قۇدرەت ئۆزىدىدۇر. ئۆزۈڭ قادىر سەن يارەب، ئۆزۈڭ ھازىر سەن يارەب.

مۇلكىندە ھەق تەسەررۇف ئىدەر كەيفە يەشائۇ
ئىستەرسە كەۋنى ۋار ئىدەر ئىستەرسە يوق ئىدەر

تەرجەمەسى:

ئاللاھ ئۆز مۈلكى بولغان بۇ جاھاننى خالىغانچە باشقۇرىدۇ. ئۇ خالىسا پۈتكۈل دۇنيانى بار قىلىدۇ، خالىسا يوق قىلىپ تاشلايدۇر.

ئەزىز ئوقۇرمەنلەر دىققىتىگە شۇنى ئەسكەرتمەكچىمەنكى، «ئۇلۇغ تۈركىستان فاجىئەسى» ناملىق بۇ كىتابىمىزنىڭ بىرىنچى بۆلۈمى بىسىپ تارقىتىلىشى بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستان باشلىق يەر يۈزىنىڭ ھەر تەرىپىدىن كەلگەن تەشەككۈر، تەبرىكلەر، خەيرلىك دۇئالارنى مەزمۇن قىلغان مەكتۇبلارنى كۆپلەپ تاپشۇرۇۋالدۇق. بۇ يەردە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بايان قىلىشتىن ئاجىزمىز. شۇنداق بولسىمۇ كەمىنىنىڭ بۇ ئەرزىمەس ئەسىرىنى ئالقىشلاپ يېزىقچە ۋە ئېغىزچە بىلدۈرۈلگەن تەھسىنلەر ئۈچۈن ئايرىم ئايرىم رەھمەت - تەشەككۈرۈمنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە ئۇلار ئىچىدىن تۆۋەندىكى مەۋلىۋى ساھىب ھەزرەتنىڭ تەشەككۈر مەكتۇبىنى نەمۇنە سۈپىتىدە ئۆز ئەينى بىلەن كەلتۈرمەكچىمەن. بۇ مەكتۇبتىن يېڭى نەسىللەر، ئۆسمۈر ياشلار بەلگىلىك پايدىغا ئېرىشكۈسى.

تەھسىننامە

ئىنسانغا بۈيۈك نېمەتلەرنى ئاتا قىلىش بىلەن ئۇنى باشقا بارلىق جانىدارلاردىن ئۇلۇغ قىلغان پەيىازى مۇتلەق (تەڭداشسىز ساخاۋەت ئىگىسى) بولغان ئاللاھقا چەكسىز ھەمدۇ سانالار بولسۇن. ئۇ ئۈستۈنكى ۋە ئاستىنقى ئالەمدىكى كاتتا جىسملارنى ئىنسانغا بويسۇندۇرۇپ بەردى. مۇسۇلمان ۋە مۇئمىنلەرنى باشقا بارلىق گۇمراھ ئىنسانلاردىن ئىسلام ۋە ئىمان بىلەن ئۈستۈن قىلدى. ئۇممىتى مۇھەممەدىيەنى باشقا مۇسۇلمان ئۈممەتلەردىن ئارتۇق قىلدى.

دۇنيا خەلقلىرىنىڭ يېتەكچىسى، ئىنسانلارنىڭ ئىككى دۇنيالىق بەختى ئۈچۈن جىھاد ۋە تەبلىغ ئارقىلىق ئۇلارغا جەننەتنىڭ يولى بولغان سىراتۇلمۇستەقىيم — توغرا يولنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بەرگەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا سانسىز دۇرۇد ۋە سالاملار بولسۇن.

ئاللاھقا ھەمدۇ سەنا، پەيغەمبەرىمىزگە دۇرۇد - سالات يوللاپ بولغاندىن كېيىن، مۆھتەرەم قېرىنداشلىرىمىز، مۇجاھىد ۋەتەنداشلىرىمىز مۇسا ئەپەندىمگە ئۇنىڭغا بولغان قايىللىقىمدىن قايناپ چىققان ئەدەبسىز تەشەككۈر ۋە رەھمەتلىرىمنى تەقدىم قىلغاندىن كېيىن سۆزۈمنى باشلايمەن:

ماڭا ھەدىيە قىلىنغان ئۇلۇغ تۈركىستان فاجىئەسى كىتابىنى ئىخلاس بىلەن ئوقۇپ چىقتىم. ئەسەرنى ئوقۇش جەريانىدا شۇ ئايان بولدىكى، مۇئەللىپ بۇنداق بىر ئەسەرنى بارلىققا كەلتۈرگۈچە بولغان جەرياندا ئاز بولمىغان جاپا - مۇشەققەتلەرنى چېكىپ، زور دەرىجىدە تىرىشقان. ھەر قانداق بىر تىرىشىش ھىممەتكە قاراپ بولىدۇ. دېمەك، مۇئەللىپنىڭ ھىممىتى ھەرقانداق قىيىنچىلىقتىن ئۈستۈن كەلگەن. ھىممەت توغرىسىدا ھىندىستان- پاكىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ مۇنداق بىر سۆزى بار:

ھىممەتى مەردانى مەدەدى خۇدا
دۇئائى دەرۋىشان رەھمەتى خۇدا

**تەرجەمەسى:**
كىشىدە ھىممەت مەرد قولىدىن، بىل، ئۇ، خۇدا مەدەدى،
مەردلەر ئۈچۈن دۇئا قىلساڭ، ياغار خۇدا رەھمەتى.

مۇئەللىپ قولىدا ئىشقا ئاشقان بۇ كاتتا خىزمەتنى پۈتۈنسۈرۈك ئاللاھنىڭ مەدىدى دېگەن تۈزۈك. مۇئەللىپنىڭ بۇ ئەمگىكىنىڭ مۇھىم رولى شۇ يەردىدۇركى، ئۇ كەلگۈسى تۈرك ئەۋلادلىرىنى كۈرەشكە چاقىرغۇچى بۈيۈك چاقىرىق ۋە ئۇنىڭغا قوزغاتقۇچى كۈچلۈك قوزغاتقۇدۇر. چۈنكى ئەسەرنى ياخشى چۈشىنىپ، بېرىلىپ ئوقۇغان ھەر قانداق ئادەمنىڭ ۋىجدانى قايناپ تاشىدۇ، دۈشمەنگە بولغان ئاداۋەت ۋە غەزەپ ئوتى كۈچىيىپ بىرى يۈز بولىدۇ.

خاقان ئەمىر تۆمۈر ۋە ئۇنىڭ بۈيۈك قوماندانلىرى بارلىققا كەلگەن تۈركىستان تۇپرىقىدىن كەلگۈسى ئەسىرلەردە يەنە شۇنداق بۈيۈك غازىلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى خۇدانىڭ قۇدرىتىدىن يىراق ئەمەستۇر. كوممۇنىست ئورۇسقا قارشى جىھاد- كۈرەش ھەرىكىتىنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ زور كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە بىر چوڭ دۆلەتنى سۈلھىكە مەجبۇر قىلغان مۇجاھىدلار باشلىقى شېھىد مۇھەممەد ئەمىن بېك غازى(مۇشۇ ئەسەرنىڭ 1- بۆلۈمىدە تىلغا ئېلىنغان، غەربىي تۈركىستاننىڭ مەرغىلان ئەتراپلىرىدە رۇس قىزىل باسقۇنچى

كۈچلىرىگە قارشى كۈرەشكەن مۇجاھىد بابىلىرىمىزنىڭ بىرى) مۇ ئەنە شۇ ئەمىر تۆمۈردىن تۆت- بەش يۈز يىل كېيىن ئۇلۇغ تۈركىستان تۇپرىقىدا بارلىققا كەلگەندۇر. غازى مۇھەممەد ئەمىن بىكنىڭ شېھىد بولغىنىغا تېخى ئۇزۇن بولغىنى يوق، مانا بۇ زاتنىڭ ھايات كەچمىشلىرى يېڭى ئەۋلادلىرىمىزغا ئىبرەت دەرسىدۇر.

دۈشمەندىن ئىنتىقام ئېلىشقا پۇرسەت كەلگەندە ياشلىرىمىز، يىگىتلىرىمىزنىڭ ھەر بىرى بىر ئارسلان كەبى غەزەب ئوتى بىلەن دۈشمەن قارشىسىدا ھۆركىرىگەن شىر بولۇپ، دۈشمەننىڭ تەختىنى ۋەيران قىلىپ، كۆيدۈرۈپ كۈلىنى كۆككە سورۇر، ئىنشائاللاھ. ئەنە شۇ چاغدىلا، بۇ دۇنيادىن غەزەب ئوتىنى يۇتۇپ، ئاچچىق بىلەن كەتكەنلەرنىڭ روھى شادلىنىدۇ. مۇجاھىدلار بېشى مۇھەممەد ئەمىن بىكدەك بۈتۈن تۈركىستان ۋە تۈركىستان ئەھلىنىڭ سائادىتى ئۈچۈن شېرىن جېنىنى ۋە قىممەتلىك ئۆمرىنى قۇربان قىلغان بىر مۇجاھىدى ئەزىمنىڭ شاھادىتى ھەر قانداق بىر ۋىجدانلىق مەرد مۇسۇلماننىڭ دىلىغا ھەسرەت سالىدۇ. بىراق تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرۈش بىلەن بۇ ھەسرەتتىن قۇتۇلۇش ئۇ مۇسۇلماننىڭ سائادىتىدۇر. ئۇلۇغلار شۇنداق دېگەن ئىكەن: تەقدىرگە ئىشەنگەن ھەسرەتتىن ئېسەن.

بۇ ئۇلۇغ تۈركىستان فاجىئەسىنىڭ كوممۇنىست ئورۇسلارنىڭ زۇلۇم - زورلۇقلىرى توغرىسىدىكى مەزمۇنلىرىنى باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىپ مۇمكىن بولغان دۆلەتلەرگە تارقىتىلسا بەكمۇ ياخشى بولۇر ئىدى.

1401 - يىلى سەپەر ئېيىنىڭ 9 - كۈنى

مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە تۇرۇشلۇق ھەقىر دوستىڭىز مەۋلىۋى ئابدۇررەھىم ياركەندىي

تۈركىستان مۇھاجىرلار ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر

بارچە تۈركىستان ئېلى مەزلۇم، مۇسۇلمان مىللەتىم،
ئاۋچى دۈشمەنلەر ئارا يۈرتى بۆلۈنگەن مىللەتىم،
ئويلاغىل بابالىرىڭ خۇسراۋ ھۇجۇمىنى توسۇپ،
ئەسكەرى ئىراننى چۆلدە سەرخۇن ئەتكەن مىللەتىم.
سەۋۋتى ئىسلام نەئرەسىگە ئەتتى لەببەيك ئول زەمان،
مىڭچە مىڭلەر مالۇ جانىن نەزر قىلغان مىللەتىم،
جەيشى ئىسلام قەيدە بولسا دائىما ياردەم قىلىپ،
دىن ئۈچۈن بولغان جىھاددە يۈزدە توقسان مىللەتىم.
ئىلمۇ- تەفسىرۇ- ھەدىيسۇ- فىقھدە ئەللامەلەر،
ھەم بۇخارىي ھەم سەرەخسىي ئەھلى جۇرجان مىللەتىم،
تىرمىزىي، سەككاكى- يۇ ئەللامە تەفتازان كەبى،
ئەننەسەئىي ھەم زەمەخشەر كويدە بۇرھان مىللەتىم.
ئىلمۇ ئەشئارۇ مەئانى ھەم ئەقائىد بەھرىدە،
ماتۇرىيدى بىرلە ئۇشىي ئەھلى بوستان مىللەتىم.
ئول سەمەرقەندۇ بۇخارا تىكلەگەن ئالىملىرىن،
ئىسمىنى توپلاشكە ئاجىز ھەر بىر ئىنسان مىللەتىم.

www.uyghurweb.net

ئىبنى سىينا تىب ئۇلۇمىدە يازىپ قانۇنچەنى،
ھەندەسە جەبرۇ ھىسابدە يازدى ئىخۋان مىللەتىم،
مىر ئەلى ھەم كورەگان، مانغىتۇ سامانىيلەر،
كەچتى شاھۇ- خانۇ- سۇلتان نەچچە قائان مىللەتىم.
يۇرتىمىزدە تەربىيەت تاپقان ئەفازىلدىن بىر ئاز،
زىكرىمىز تەنبىھ ئۈچۈن ياد ئەتسە ئارسلان مىللەتىم.
تۇپراقىڭدە بار ئۆنۈمنىڭ قايسىنى بىلمەم يازاي،
مەنبەئى ئالتۇن، كۈمۈش ئەسھابى لەك كان مىللەتىم.
چۆللىرىڭنىڭ ئاتىنى دۇنيا بىھىشتى قويدىلەر،
يەتتە نەھرۇ مىڭ بۇلاققا ھەقلى دېھقان مىللەتىم.
يۇمماغىل خەلقىم كۆزۈڭنى، ئويلا، كىم ئەۋلادىسەن؟
بۇ مەزەللەت، بۇنچە خارلىكدە ئەزىلگەن مىللەتىم.
قۇتۇلۇش دەۋرى يېقىندۇر ئۆرگەنىڭ ئىلمۇ- ھۈنەر،
تەڭرىگە يالۋار تۈزەپ ئەخلاقۇ- ئىمان مىللەتىم.
ئۇشبۇ تەۋسىفى سەلىمى مىللەتۇ- يۇرتى ئۈچۈن،
ئازگىنە شەرھى بايان ئەي ئەھلى ئىھسان مىللەتىم.
(قارى ئەبدۇسسەلام شىر مۇھەممەد داموللا ئوغلى قەلەمىدىن)

## تۈگەنچ سۆز

شەنى بۈيۈك ئاللاھقا ھەمدۇ - سانا، رەسۇل ئەكرەمگە چەكسىز دۇرۇدلار بولسۇنكى، ئۇلۇغ ئاللاھ ئۆز پەزلى ۋە كەرەمى بىلەن مەتبەنىڭ تۈرلۈك قىيىنچىلىقلىرىغا قارىماي، مۇھاجىرلىق ھاياتىمىزدا بىزنى بۇ كىتابنى ھازىرلاشقا مۇۋەپپەق قىلدى. بۇ بولسا جانابى ھەقنىڭ بۇ ئاجىز بەندىسىگە قىلغان بىر ياخشىلىقىدۇر. بولۇپمۇ مەندەك زەئىپ، باھارى خازان بولغان بىر مۇھاجىر ئۈچۈن ئۇلۇغ نېمەت، بۈيۈك دۆلەتتۇر.

ئىنايەت ھەر كىمە يۈز تۇتسە ئىسيانى ھىجاب ئولمەز
گۈنەش دۇغدىقچە زىرا پەردەئى زۇلمەت نىقاب ئولمەز
تەرجەمەسى:
خۇدا كىمنى يۆلەر بولسا، گۇناھى كۆزگە كۆرۈنمەس
زىرا كۈن تۇغسا، زۇلمەت پەردەسى ئۈنىڭغا كار ئەتمەس.

مۆھتەرەم ئوقۇرمەنلەرنىڭ مۇئەللىپ ھەققىگە ياخشى تىلەك - دۇئالاردا بولۇپ قويۇشلىرىنى سورايمىز. ئۇلۇغ ئىگەم بۇ ئىلمىي ۋە ئەدەبىي خىزمەتنى ئۆز دەرگاھىدا قوبۇل قىلسۇن. سەدىقە جارىيە كەبى ئاخىرەت بايلىقى قىلسۇن. ئامىين.

www.uyghurweb.net

ئەي پەرۋەردىگار ئالەمنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھ، مۇئەللىپنى، ئۇنىڭ ئاتا- ئانىسى ۋە بارلىق مۇئمىنلەرنى كەچۈرۈم قىلغىن!

بىز ياشاۋاتقان ئىلىم- پەن ئەسرىدە، مۇھاجىرلىق دەۋرىمىزدە، سەئۇدى مەملىكىتىدە تۈركىستان ئەدەبىياتىدىن نەمۇنە سۈپىتىدە ئوز تىلىمىز، ئۆز شىۋىمىزدە يېزىلغان بۇ كىتابنىڭ ئىسلام ئۆملۈكى چاقىرىقى پەرۋەردىگار ئىسلام ئەللىرى بويلاپ قارشى ئېلىنىۋاتقان بىر مەزگىلدە ھەمدە پادىشاھىمىز خالىد ئىبنى ئەبدۇلئەزىز ئالىيلىرىنىڭ قۇتلۇق دەۋرىدە بېسىپ تارقىتىلىشى بىز مۇھاجىرلار ئۈچۈن بۈيۈك بەختتۇر. بۇ بولسا بىز مۇھاجىرلارنىڭ مائارىپ ساھەسىدىكى ئىلمىي ۋە ئەدەبىي تەرەققىياتلىرىدىن لايىقىدا بەھرىمەن ئىكەنلىكىمىزنىڭ ئاشكارا دەلىلىدۇر. ئىلاھا پادىشاھىمىزنىڭ تەختى، بەختى بەر قارار بولسۇن. ئەدلى- ئادالىتى يوقىمىسۇن. ئەسكەرلىرى غالىب، دۈشمەنلىرى مەغلۇپ، ئوردىسى زەپەردار بولسۇن. ئىلاھا مەملىكەت تىنچ بولسۇن. خەلق خوشلۇق، كەڭرىچىلىكتە ياشاسۇن. ئامىين!

ئۇلۇغ تۈركىستان فاجىئەسى كىتابىنىڭ بىرىنچى بۆلۈمى چارروسلارنىڭ ۋە قىزىل روسلارنىڭ زۇلۇم - زورلۇقلىرىنى مەزمۇن قىلغان ۋەقەلەر، كۆرگەن، بىلگەنلىرىم بىلەن مەزمۇن تاپتى. باشقا زامان ۋە ماكاندا ئۇلۇغ تۈركىستان خەلقىنىڭ بېشىغا كەلگەن ھادىسىلەر كۆپتۇر. بىزدىن كېيىن كەلگەنلەر بىلگەن ۋە كۆرگەنلىرىنى يېزىپ بۇ يازغانلىرىمىزغا قوشۇمچە قىلسا ئۆز بۇرچلىرىنى ئورۇندىغان بولۇر. ئۇشبۇ ئىككىنچى بۆلۈمدە تۈركىستان فاجىئەسىنىڭ كاشغەر سەھنىسىدىن بىر كۆرۈنۈش نامىدا قارا خىتاينىڭ زۇلۇم - ستەملىرى، قىزىل خىتاينىڭ ياۋۇزلۇقلىرى، مۇدھىش سىياسەتلىرى بايان قىلىندى. بەلكى بۇلار يېڭى ئەۋلادلارغە پايدىلىنىش مەنبىئى بولۇپ قالۇر. ئىنشائاللاھ. 1981- يىل

پايدىلىنىلغان ئەسەرلەر

ئابدۇلئەزىز چىڭگىزخان: «تۈركىستان ئاسىيانىڭ يۈرىكى»، مىسىر، 1945 - يىل.
مۇھەممەد ئاتىق: «كاشغەر تارىخى»، 1882 - يىل.
مۇھەممەد ئەمىين بۇغرا: «شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئىنقىلاب تارىخى».
مىر سالىھ مەخدۇم ئۇشىي: «دەردلىك خاتىرىلەر»
ئىيسا ئالپتېكىن: «دوغۇ تۈركىستان».